新疆文库

ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ داڭلىق رومانلىرى

غەيرەت ئاسىم

# ئاتەش يۈرەكلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

新疆文庫

ISBN 978-7-228-12358-2

9 787228 123582 >

定价:26.00 元


غەيرەت ئاسىم
ئاتەش يۈرەكلەر
(رومان)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

赤心：维吾尔文/阿拉提·阿斯木著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009. 4

ISBN 978—7—228—12358—2

Ⅰ.赤… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 050926 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 阿拉提·阿斯木 |
| 责任编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 艾比布拉·艾力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 10.5 |
| 版　　次 | 2009 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 8 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 3000 |
| 定　　价 | 26.00 元 |

# ئاتەش يۈرەكلەر

**ئاپتورى :** غەيرەت ئاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
**مەسئۇل كوررېكتورى :** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتور :** ھېبىبۇللا ئېلى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
**باسما تاۋىقى :** 10.5
**نەشرى :** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 3000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—12358—2
**باھاسى :** 26.00 يۈەن

# «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»گە
# كىرىش سۆز

## نۇر بەكرى

مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، مىللىي روھنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىبارەت «يىپەك يولى» كېسىپ ئۆتكەن، شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان بۇ زېمىندا ھەر مىللەت خەلقى ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق ئېچىپ، قۇرۇپ ۋە قوغداپ، شانلىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە رەڭگارەڭ كۆپ مەنبەلىك شانلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، تارىخ بېتىگە پۇتۇلگەن ئۆلمەس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ، «نامرات ھەم قالاق» ھالەتتىن باي، مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا

ئەگىشىپ ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى باھارنى كۈتۈۋالدى ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت - سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، سەنئەت ئەڭگۈشتەرلىرى چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ ، سەلتەنىتى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىپ ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى .

پۈتۈن جەمئىيەتتە ئورتاق غايىنى بەرپا قىلىش جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ نېگىزى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى باشتىن - ئاخىر جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك . بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقى «بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش»تىن ئىبارەت باش تېمىنى چىڭ تۇتقا قىلىپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ جەمئىيەتكە باشلامچىلىق قىلىش ، خەلقنى تەربىيىلەش ، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت مۇھىم رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت

قۇرۇش ۋە ئەۋزەل مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشى كېرەك .
بۇ گۇللەنگەن دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچايلى . بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق نەشر تۈرگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللەپ ، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى» نەشر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى . بۇ بىر تۈرلۈك شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سىستېمىلىق رەتلەيدىغان ، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى . «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نى نەشر قىلىش شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەش ، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە تايىنىپ ، يىپەك يولى مەدەنىيىتى ، غەربىي رايون مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى يارىتىش ، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى جۇغلاش ، بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ ، رېئال ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا ئۇ بۈگۈنكى دەۋرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ، كەلگۈسىگە تۆھپە قوشىدىغان زور ياخشى ئىش .
«شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نىڭ ئىجادىيەت ، تەھرىرلىك ، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان بارلىق مۇتەخەسسىس ، ئالىملار ۋە يولداشلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى

مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان يېڭى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى توغرا تونۇپ ، يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى نەشر قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق دەۋر نۇرىنى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت نۇرىنى تېخىمۇ چاقنىتىشىنى ، شۇ ئارقىلىق مەملىكەتكە ، دۇنياغا يۈزلىنىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ زور گۈللىنىشى ۋە زور تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن !

# 1

بۇ كان شەھەرگە يېقىن بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشتىن قىش - ياز توختىمايتتى. كۈنپېتىشقا قاراپ توختىماي ئاقىدىغان بۇ دەريا كان دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. ئىككى قىرغاق ئارىسىدا سانسىزلىغان قايناملارنى ھاسىل قىلىپ، كۆۋەجەپ ئاقىدىغان بۇ ئۇلۇغ سۇ قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا بەكمۇ سىرلىقلىشىپ كېتەتتى. دەريانىڭ شىمالىي تەرىپى بىپايان بىنەملىك ئىدى. نەچچە يۈز يىلدىن بېرى شەھەر - شەھەرلەردىن كەلگەن ئەزىزلەر مۇشۇ دۆڭلۈككە يىغىلىپ، كان ئاستىدا ئىشلەپ جېنىنى جان ئېتىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

كۆز باغلىناي دېگەندە، ئابۇش بىرىنچى قۇدۇقتىن قايتىپ چىقتى، ئۇ ئادەتتىكىدەك قۇدۇق يېنىدىكى پەلەمپەيدىن مېڭىپ چىقماي، كۆمۈر تارتىدىغان ۋاگونغا ئولتۇرۇپ چىقتى.

— مەن تېخى ۋاگوندىكى كۆمۈرمىكىن دېسەم، بىزنىڭ شائىر ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى قۇدۇق باشلىقى ئازات كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بەك ھېرىپ كەتتىم، ئازاتكا، پۇتلىرىم ئاغرىپ كەتتى، ئامالسىز ۋاگونغا چىقىۋالدىم، ساڭا يېرىم توننا كۆمۈر زىيان سالدىمدە، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئۇكا، سېنىڭ قەدرىڭنى خەق بىلمىگەن بىلەن، بىز بىلىمىز، مەن دائىم دەيمەنغۇ، سەن دەسسىگەن يەردىن ئالتۇن چىقىدۇ! — دېدى ئازات ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ.

— پۇتۇمغا ھۆل كېسەك قويۇۋاتىسەن، ئازاتكا، ئەگەر سەن

دېگەندەك بولسا، كانىنىڭ ھەممە يېرىدىن ئالتۇن چىقىپ بولماتتى! ــ دېدى ئابۇش ئازاتقا قاراپ.

ــ ئۇكا، سەنمۇ بىر گەپكە ئېسىلىۋالىدىكەنسەن، بىز سېنى ياخشى كۆرىمىز، شۇڭا ساڭا مۇشۇنداق چىرايلىق گەپ قىلىمىز، كۆڭلىمىز ياخشى، سەن بار يەردە ياخشىلىق بار دېگەن گەپقۇ!

ــ لېكىن، بۇ قېتىم ساڭا ياخشىلىق قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، مەن كان ئاستىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتىم، ھازىر كۆمۈر ئېلىۋاتقان ئورۇندىن چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللارغا قويغان تۈۋرۈكلىرىگىمۇ چىرىپ كېتىپتۇ، ئالماشتۇرمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، يىغىندا بىرنەچچە قېتىم تەكىتلىدۇق، تۈۋرۈككە تېرەك ياغىچى ئىشلەتمىسەڭلار، قارىياغاچ ياكى قارىغاي ئىشلەتسەڭلار دېدۇق، لېكىن سەن ھە دەپ قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ كېتىۋاتىسەن، ئەمدى كانىنى تۆت ـ بەش كۈن تاقىمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ۋەقە چىقسا، ھەممىمىزگە گەپ كېلىپ قالىدۇ! ــ دېدى ئابۇشتاي.

ئازات بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، ئەگەر كاندا بىرەر ھەپتە ئىش توختاپ قالسا، ئۇنىڭغا خېلى زىيان بولاتتى. ئۇ ھەرقايسى جەھەتتىن چىقىم تارتىپ قالاتتى.

ــ ئەمىسە مۇنچىغا چۈشۈۋال، ئۇكا، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشارمىز، ــ دېدى ئازات ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ــ سۇيۇق ئىسسىقتۇ، ئازاتكا، ــ دېدى ئابۇش.

ــ بىزنىڭ سۇنى ئۇزۇڭ بىلىسەنغۇ، ئۇكا! ــ دېدى ئازات كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ يەنە شەھەرنىڭ مۇنچىلىرىغا يەتمەيدۇ ـ دە!

ــ شەھەر دېگەن شەھەردە، ئۇكا!

ئابۇش كۈلۈپ قويۇپ مۇنچىغا كىرىپ كەتتى.

قۇدۇق بېشىدىكى مۇنچا كىچىك بىر ئېغىزلا ئۆي ئىدى، ئۇنىڭدا ئادەتتە قۇدۇق باشلىقى، كاندىن كەلگەن تېخنىكلار

يۈيۈناتتى. ئىشچىلار كانغا بىرىپ، مەھەللىدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كېچە ـ كۈندۈز ئىچىلىپ تۇرىدىغان مۇنچىغا چۈشەتتى.

ئازات ئابۇشنى مۇنچىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، قۇدۇق ئۈستىدە ھېساب ئىشلىگەچ مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەركىننىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئابۇش كاندا ئىش توختاتمىساڭلار بولمايدۇ دەيدۇغۇ، ئۇكا! — دېدى ئازات ئەركىنگە قاراپ.

— ئىش توختاتساق بولمايدۇ، ئازاتكا، ئۇ ھەرقاچان ئاشۇ تۇۋرۇكلەرنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، تۇۋرۇكلەرنى بىر چەتتىن ئالماشتۇرايلى، كاننىڭ ئىشىنىمۇ بىر چەتتىن ماڭدۇرۇۋېرەيلى! — دېدى ئەركىن.

— شۇنداق ئۇكا، سەن دېگەندەك قىلمىساق بولمايدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىر ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇنىڭ گېپىنى بىر ياغلىمىساق بولمىدى! — دېدى ئازات.

ئابۇش يۇيۇنۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بىردەمدىلا قايتىپ چىقىپسەنغۇ، ئابۇش؟ — دېدى ئەركىن.

— شەھەرلىكلەرنىڭ مۇنچىسىمىتى بۇ، بىرەر ـ ئىككى سائەتلەپ يۇيۇنىدىغان؟ — دېدى ئابۇش.

— كاندىكى ئىشلار بىلەن بولۇپ، ساڭا ھاردۇق يېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇكا، مەھەللىگە بارايلى، مەن بىر جىڭ خىزمەت قىلاي! — دېدى ئازات.

— مەھەللىنىڭ ئويۇنىنى ئۆزۈم ئوينىۋالىمەن، ئازاتكا، مەھەللىدىن يىراقراق يەرگە ئاپىرىپ چوڭ ـ چوڭ ئوينىتىدىغاننىڭ گېپىنى قىلمامسەن؟! — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.

...

ئازات كۈلۈپ كەتتى.

— شائىر دېگەن شائىردە، ئۇكا، سەن گەپكە بەك ئۇستا!

يېقىندىن بىرى بىر نېمە يازمىدىڭمۇ؟!
— ئانچە - مۇنچە يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن.
— ئەمىسە مەن بىر ئويۇن قىلىپ بېرەي، يازغانلىرىڭنى ئاڭلايلى، ئەتە كەچكە ئورۇنلاشتۇراي، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىشمۇ بار ئىدى، ئەتە ئەتىگەندە ئۆزۈڭ بىر كەل، ئىككىمىز كان ئاستىغا بىللە چۈشەيلى، سەن ئۇڭشا دېگەن يەرلەرنى مەن ئادەم سېلىپ تۈزەشتۈرەي، كان توختاپ قالمىسۇن، قانداق؟
— مەن ئەتە بەشىنچى قۇدۇققا بارماقچى بولغان ...
— ئۇلارغا ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ قويىمامسەن!
— ئەمىسە سەن دېگەندەك بولسۇن، ئازاتكا، — دېدى ئابۇش.
ئازات قېشىدا تۇرغان ئەركىنگە شەرەت قىلىۋەتتى. ئەركىن شەرەتنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشىنىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، يېنىدىن ئەللىك سوم چىقىرىپ ئابۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ، پۇلنى چاندۇرماي ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.
— بەرگەندىكىن كۆرسىتىپىراق بەرمەمسەن ئاداش، — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ، ئۇ بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىنغان پۇلنى ئېلىپ قارىۋېتىپ، ئۇنى كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سالدى.
— ئادەم جىق يەردە كۆرسەتكىلى بولمايدىكەن، ئاداش، — دېدى ئەركىن چاقچاق قىلىپ.
ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.
— ئۆيگە بىر پارچە چوڭ كۆمۈرنى يۈدۈگەچ كېتەيمىكىن، ئازاتكا! — دېدى ئابۇش.
— ئۇنداق قىلما، ئۇكا، ھېرىپ كەتتىم دەۋاتىسەن، ئەمدى ياشاۋاتىسەنغۇ تېخى، مەن ھازىر ئىشچىلاردىن ئۆيۈڭگە يەتكۈزۈۋېتىمەن.
— پەيزىڭ باردە، ئازاتكا، مەن ساڭا ئىشلەۋاتقاندىكىن، سەنمۇ مېنىڭ غېمىمنى قىلىپ قويۇشۇڭ كېرەكتە! سەن جىق

ئىش بىلسەن، ئازاتكا ! ـــ دېدى ئابۇش.

ـــ خاتىرجەم بول ئۇكا، بۇ كىچىك ئىشلار، ـــ دېدى ئازات كۈلۈپ.

ئابۇش ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئەگرى - توقاي كان يوللىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، تاغ تەرەپتىن كەلگەن ساپ ھاۋا ئابۇشقا ھەمراھ بولدى. دەريادىكى سۇنىڭ يېقىملىق پۇرىقى ئابۇشنىڭ ناخشىسى بىلەن يىراق - يىراقلارغا تارقالدى.


ئىلىخونىڭ تاغلىرى،
تاغلىرىدا كانلىرى.
كانلىرىدا ئىشلەيدۇ،
يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى.

قەشقەردىن چىققان بالىلار،
تەڭدىن تولىسى كاندا.
يۇرتىغا كېتەي دېسە،
بىردىن چاپىنى داڭدا[①].

ئابۇش ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئاسماندىكى توپ - توپ ئۇچۇۋاتقان قاغىلارنىڭ سايراشلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، قاغىلار غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنە مۇڭلۇق ناخشىسىنى ياڭراتتى.

قاتار - قاتار قاغىلار،
بارساڭلار سالام دەڭلار.
مېنى ئاتام سورىسا،
كاننىڭ ئاستىدا دەڭلار.

① داڭدا ـــ بۇ سۆز خەنزۇچە 当 خېتىدىن كەلگەن بولۇپ، گۆرۈگە قويۇلغان دېگەن مەنىدە.



ئاسماندىكى قاقىرلار كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىللىق نۇرلىرىمۇ زېمىندىن غايىب بولدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى كانىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىنى سەتلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئابۇش مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆيگە كىرمەي ئۇدۇل بازارغا بېرىپ، ئەسەتنىڭ قاۋىقىغا كىردى.

ئەسەتنىڭ قاۋىقى كان ئىدارىسىنىڭ كەينىدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئىدى. ئۇنىڭ سودىسى پۈتۈن كان بويىچە ھەممىدىن بەكرەك ياخشى ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەممە ماللىرىنى نېسىگە بېرەتتى. شۇڭا، كاندا ھەممە ئادەم ئۇنى ئەسەت نېسى دەپ ئاتايتتى. كاندا ئايلىق تارقىتىلغان كۈنى ئۇ كاسسىرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، نېسى يىغاتتى.

ئابۇش سالام قىلىپ قاۋاققا كىردى، ئەسەت نېسى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كۈلسە، چا بۇرۇتلىرى شالاڭلاپ كېتەتتى. قاۋاقتا ۋەلى مانتا بىلەن ئابلەت چوكان ھاراق ئىچىۋاتاتتى.

— مانا شائىر ئىنىمىز كەلدى، كەل ئۇكا، ماۋۇ ئاكىلىرىڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرمامسەن؟ — دېدى ئەسەت نېسى كۈلۈپ.

— ئابۇش دېگەن قانداق ئادەم؟ ئۇ كاندا بىر، يېنىدىن پۇل ئايرىمايدۇ، ئۇ بىزگە ئوخشاش نېسىلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇ ھاراقنى قۇيسا، قوينىڭ كاللا ـ پاقالچىقى بىلەن ئىچىدۇ، بىز دېگەن دادۇر ـ پۇرچاقلار بىلەن ئىچىمىز، يەنىلا بىزگە ئارىلاشمىغىنى ياخشى، — دېدى ۋەلى مانتا كىنايە قىلىپ.

— ۋەلىكا، بۇگۈن ئانچە پەيزىڭ يوققۇ؟ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ! — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— بۇ ئاكاڭ ئەتىگەندىن بېرى ئېچىلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاخشام خوتۇنى كەينىنى قىلىپ ياتقان بولسا كېرەك ...، — دېدى ئابلەت چوكان چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداق ئەمەس، ھەدىمىزنىڭ دۇئاسىدا كۆكلەۋاتقان ئادەم

بۇ؟ ! ـــ دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ئەسەت نېسى بىلەن ئابلەت چوكان كۈلۈپ كەتتى.

ـــ بىر كەلتۈرۈۋالدىڭدە، ئۇكا، شائىر دېگەن شائىردە! ـــ دېدى ئەسەت نېسى چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ.

ئەسەت نېسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چىرايىنى ئاچماي ئولتۇرغان ۋەلى مانتا كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ھە مانا، چىرايىڭنى ئاچە ئاداش، پەيزىڭ بىلەن ئولتۇرمامسەن، ـــ دېدى ئەسەت نېسى كۈلۈپ.

ـــ مۇشۇ دېگىنىڭگە سەن بىلەن بىر ئىچىشەي جۇما بۇگۈن، ۋەلىكا، ـــ دېدى ئابۇش ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

ـــ كەل ئۇكا، ھاراق دېگەننى ھەرگىزمۇ يالغۇز ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس، بىللە ئوينايمىز، ـــ دېدى ئابلەت چوكان.

ـــ ئەجەب باشقىلارنىمۇ بىللە ئوينايلى دېمەيسەنكىنا ، ئاكا، ـــ دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ـــ ئابۇش، شائىر دەپ قويساق، بېشىمىزغا مىنىۋاتىسەنغۇ! بىز داداڭ بىلەن تەڭ ئادەم! ـــ دېدى ۋەلى مانتا ئابۇشقا ئالىيىپ.

ـــ گەپنى ئاز قىلە، ۋەلى مانتا، قاۋاق دېگەندە سەن كىچىك، مەن چوڭ دەيدىغان گەپ بولمايدۇ، بۇ يەرگە كىرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى تەڭ. قىلىقسىز، تۇزنىڭ تەمىنى بىلمەيدىغان ئادەم كىرىدىغان يەر بۇ! ـــ دېدى ئەسەت نېسى.

ـــ پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ دېگەن مۇشۇ، ئەسەتمۇ پۇلى بار ئادەمگە يان باسىدىغان بولدى، ـــ دېدى ئابلەت چوكان.

ـــ مەندە قانداق پۇل بولسۇن، ئابلەتكا، ھەممىمىز كاننىڭ قۇلىغۇ! ـــ دېدى ئابۇش.

ـــ قۇل دېگەن بىز، سەن قۇلدار، ئوقۇغان يېرىڭ بار، تېخنىكاڭ يامان ئەمەس، قۇدۇقنى كۆتۈرە ئالغان ئاغىنىلەر سېنى ۋاي دەيدۇ، بارساڭ ـ قايتساڭ يانچۇقۇڭغا تۆت ـ بەش تەڭگە سېلىپ قويىدۇ، سېنىڭ كۈنۈڭ بىزنىڭكىدىن ياخشى، ئۇكا! ـــ دېدى ۋەلى مانتا.

— رەمچىدەكلا گەپ قىلدىڭا، ۋەلىكا، بايام تېخى ئەركىن يانچۇقۇمغا ئەللىك سوم سېلىپ قويغانىدى، — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

— ئۇنىڭغا رەمچىلىك كەتمەيدۇ، ئۇكا، ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىشقۇ بۇ! — دېدى ئابلەت چوكان.

— مانا ئەمىسە ئەسەتكا، ماۋۇ ئەللىك سومنى ئاله، ساڭا نەقلا خەجلىۋېتەي، قوينىڭ بېشىدىن بىرنى، پاچاقتىن ئۇننى، قالغىنىغا ھاراق كەلتۇر ئەمىسە، — دېدى ئابۇش قولىدىكى پۇلنى ئەسەت نېسىگە تەڭلەپ.

— ئوغۇل بالا، ئەركەك، بەك تەلىيىڭ بار جۇمۇ، ئۇكا، سېنىڭ، بۇگۇن كالىلا ـ پاچاقلار بەك ئوخشىغانىدى، خوش، ھاراقنىڭ قاندىقىنى كەلتۇرىمەن؟ — دېدى ئەسەت نېسى، ئۇنىڭ كۇيە يەپ كەتكەندەك سەت چا بۇرۇتى كۇلگىنىدىن تېخىمۇ شالاڭلىشىپ كەتتى.

— «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» دىن باشقىسى بىكار، ئەسەتكا، باشقا ھاراقنىڭ ھەممىسى سۇ تېتىيدىغان بولدى ھازىر، — دېدى ئابۇش.

ئەسەت چوڭ ـ كىچىك جاۋۇرنىڭ ئىچىدىن بىر باش بىلەن ئۇن پاچاقنى لېگەنگە ئېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن ئۇلارغا ھاراق ئەكىلىپ بەردى.

— بۇگۇن قولۇڭ ئېچىلىپ كېتىپتۇغۇ، ئۇكا، ھە، — دېدى ئابلەت چوكان كۇلۇپ.

— بۇگۇن بولسىمۇ ئوينىۋالايلى ئابلەتكا، ھاراقنى سەن قويۇۋەر، كان دېگەندە بۇگۇن بار ئادەم ئەتە يوق، بېشىمىزغا بىر پارچە كۆمۇر چۇشسە شۇ يەردىلا جان بېرىدىغان گەپ، بىر كۇن بولسىمۇ ئوينىۋالايلى، كۇلۇۋالايلى، — دېدى ئابۇش.

— مانا، ئوغۇل، ئەركەك! ناۋاتەك گەپ قىلدىڭ، ئۇكا! — دېدى ئەسەت نېسى.

— شائىردە، — دېدى ۋەلى مانتا قولىدىكى ھاراقنى

ئىچمۋېتىپ.

ئابلەت چوكان ۋەلى مانتىنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ بېلىق كۆزى قىلىپ هاراق قۇيۇپ، ئابۇشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— خوش ئەمىسە، ئىچمۋەتتۇق! — دېدى ئابۇش.

ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ هاراقنى ئاغزىغا تۆكۈۋەتتى.

— سەنزە، ئۇكا، هاراقنى پەيزىڭ بىلەن ئىچمسەڭدە؟ ! — دېدى ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەيزىنى كۆرۈۋاتقان ئەسەت نېسى.

— مۇشۇنداق ئىچىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — دېدى ئابۇش.

— هە، ئابۇش، گەپ قىلغاچ ئولتۇر، ئۇكا، بىز دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن هېچقانداق ئىشتىن خەۋەر تاپالمايدىغان بولۇپ قالدۇق، كاندا نېمە گەپ ـ سۆز بولۇۋاتىدۇ، ئۇكا؟ — دېدى ئابلەت چوكان ئابۇشقا قاراپ.

— كاندا نېمە گەپ بولاتتى دەيسەن، ئاكا، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىنەمدىن ئۇستى ئوچۇق زامانىۋى كان ئاچساق دېگەن گەپ بولۇۋاتىدۇ، ئۇنداق قىلالمايمۇ بولمىدى، بۇ قۇدۇقلاردىن ئەمدى كۆمۈر چىقمىقى تەس، بىزنىڭ هازىرقى كۆمۈر زاپىسىمىز جىق بولسا تۆت ـ بەش يىل يېتەر، — دېدى ئابۇش.

— ۋاھ... ئۇستى ئوچۇق كان ئاچمىز دېگەن بولسا، كاتتا ئىشكەنغۇ! ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، بىز هەقىقىي ئازاد بولۇپ كېتەتتۇقتە! — دېدى ئابلەت چوكان قولىدىكى هاراقنى ئىچمۋېتىپ.

— ئاشۇ نېمىلىرىڭنىڭ مۇشۇ ئىشى ئەمەلگە ئاشاما؟ — دېدى ۋەلى مانتا.

— هۆكۈمەت ئاكىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلمەيدۇ؟ قاراپ تۇر، ۋەلى، قاسقاندىكى مانتىدەك ئەمەلگە ئاشىدۇ! — دېدى ئەسەت نېسى گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئەمەلگە ئاشسۇن جۇما! مەن كاندا قىرىق يىل ئىشلەپتىمەن، جىق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى جۇما بۇ كاندا، ئەگەر ئۈستى ئوچۇق كان ئېچىلسا، ئىشچىلار ھەقىقىي ئازاد بولىدۇ - دە ! — دېدى ئابلەت چوكان.

— ھازىرقى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتتى دەيمىنا! — دېدى ۋەلى مانتا.

— بىزنىڭ غېمىمىزنى قىلىدىغان ئادەممۇ چىقىدۇ، ئاداش، — دېدى ئەسەت نېسى.

— بولدىلا، باشقا گەپ قىلايلى، ئابۇش ئۇكا، گەپ قىلە، شەھەردە نېمە گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى ۋەلى مانتا ئابۇشنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— كۆمۈرگە چىققان شوپۇرلاردىن ئاڭلايمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كېتىپتۇمىش، قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلەن بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىرلىشىپ چېگرا سودىسىنى يولغا قويۇپتۇ، سودىگەرلەر يايراپ كەتكەن گەپ...، — دېدى ئابۇش.

— ھە، پايدىسى ئوقەتچىلەرگە بوپتۇ دە؟ — دېدى ۋەلى مانتا.

— توۋا، بىر مۇستەھكەم دۆلەت ئىدى، پارچىلىنىپ كەتكىنى نېمىسى ھەي ئۇ خەقنىڭ، — دېدى ئابلەت چوكان.

— قورسىقى تويغان گەپ، — دېدى ئەسەت نېسى.

— شەھەرلىك چاقچاقچىلار چاقچاق قىلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى بىر كۈنى مەست بولۇپ قېلىپ، رادىئو ئىستانسىسىغا بېرىپ: «بۈگۈندىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، ھەربىر جۇمھۇرىيەت مۇستەقىللىققا ئېرىشتى» دەپ ئېلان قىلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كېتىپتۇمىش ! — دېدى ئابۇش.

— ماۋۇ چاقچاق بولىدىكەن، — دېدى ۋەلى مانتا.

— سەن بىلمەيسەن ئۇكا، بۇ جاھاندا ئورۇسنىڭ قىزلىرىدەك يېقىملىق قىزلار يوق - ھە ! ئاكاڭ قارىغاي ئۆز ۋاقتىدا ئويۇنىنى

شاما قىلىۋەتكەن گەپ ! — دېدى ئابلەت چوكان ماختىنىپ.

— قىزلىرى دېگەن ئادەمگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ، قارا ئۇكا! — دېدى ۋەلى مانتا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، سىلەر كۆرگەن كۈننى بىزمۇ كۆرەيلى ئابلەتكا، — دېدى ئابۇش.

— ئۇلارنىڭ گېپىگە ھە دەپلا قوي، ئۇكا، كاندا يۇرۇپ نەنىڭ ئورۇس قىزلىرى بىلەن يۇرىدۇ بۇ خەق، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ئەسەت نېسى، گەپنى ئاز قىل جۇما، سەن تېخى بىز كۆرگەننىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرمىدىڭ، — دېدى ئابلەت چوكان.

— ھە ماقۇل، سېنىڭ راست، — دېدى ئەسەت نېسى، ئۇ ئابۇشقا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۆزۈم كۈندە كان ئاستىدا تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئەسەتكا، مەھەللىلەردە نېمە گەپ بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى ئابۇش ئەسەتكە قاراپ.

— مەھەللىدە گەپ تولا، ئۇكا، ھېلىقى قەشقەرلىق كاڭشۇ[1] نى بىلىسەن. تۆت كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىر ئېشىكى بىر ئاسلان تۇغۇپتۇ، لېكىن ھېلىقى جانىۋارنىڭ پۇتى توخۇنىڭ پۇتىكەن، ئۇ ئاداش قورقۇپ ئاسلاننى تىرىكلا كۆمۈۋېتىپتۇ، — دېدى ئەسەت نېسى.

— بىز ئاڭلىمىغان گەپقۇ بۇ! — دېدى ئابلەت چوكان ئەسەت نېسىگە قاراپ.

— سەن كۈندە قاۋاقتىن چىقمىساڭ، قانداق ئاڭلايسەن؟ — دېدى ئەسەت نېسى.

— توۋا، — دېدى ۋەلى مانتا كۈلۈپ.

— بىزنى چېلىۋاتىسەن ـ ھە، ئەسەت نېسى ! — دېدى ئابلەت چوكان.

— ئىشەنمىسەڭ سەمەت كاڭشۇدىن سورا، — دېدى ئەسەت

[1] كاڭشۇ — خەنزۇچە 矿手 دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، زەمبىل كۆتۈرگۈچى دېگەن مەنىدە.

نېسى.

— بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ھەي، ئېشەك ئاسلان تۇغسا، ئەتە - ئۆگۈن يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ — دېدى ئابلەت چوكان.

— ھە ئەسەتكا، گەپ قىلە، يەنە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى ئابۇش.

— تۈنۈگۈن بىر گەپ ئاڭلىدىم، بىر ئاداش بىزنىڭ دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى كونا مەھەللىگە بېرىپ، بۇلاقنىڭ قېشىدىكى قارىياغاچنىڭ تۈۋىدىن بىر كوزا ئالتۇن كولىۋاپتۇ. ...

— ھە، ھە، گەپ قىلە ئاداش، — دېدى ئابلەت چوكان ئەسەت نېسىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

— نەلىك نەرسىكەن ئۇ، ئەسەتكا؟ — دېدى ئابۇش.

— شەھەردىن چىققان نەرسە ئىكەن، بۇ گەپ كانغا تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن بىرنەچچە بالا كونا مەھەللىگە بېرىۋاپتۇ، كۆرۈنگەنلا قارىياغاچنىڭ تۈۋىنى كولاپ يۈرىدۇ دەيدۇ...

— ئەخمەقتە! — دېدى ۋەلى چىرايىنى ئاچماي.

— ئۇنداق دېمە ئاداش، چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ئۆز ۋاقتىدا بىرەر كانچىنىڭ كۆمۈپ قويغان دۇنياسى بولسا كېرەك، — دېدى ئابۇش.

— ئاشۇنداق بىرەر يېرى بار، ئۇكا، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ۋەلى، كۈندە بۇ قاۋاقتا كىرىپ ھاراق ئىچىپ سېسىق پۇراپ يۈرگىچە، ئىككىمىز مۇ كونا مەھەللىگە بېرىپ ئۇچرىغان دەرەخنىڭ تۈۋىنى كولاپ باقامدۇق - يا؟ — دېدى ئابلەت چوكان ۋەلىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— كونا مەھەللىدە جىن بار، مەن بارمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جىنلار بىزگە ئوخشاش ياشانغانلارغا ئامراق...

— بۇ ئاداشقا ئوچاق بار يەر بولسا، قاسقاندا مانتا پىشىپ تۇرسا بولدى! — دېدى ئەسەت ۋەلى مانتىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— مانتا بار يەرگە كىم بارمايدۇ؟ — دېدى ۋەلى مانتا.

— مەنمۇ بېرىپ ئۈچ - تۆت تۇپ دەرەخنىڭ تۈۋىنى كولاپ باقايمىكىن، — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

— سەن بارساڭ بولىدۇ، ئۇكا، شائىر بولغاندىكىن، يازغان نەرسىلىرىڭنى مۇڭ قىلىپ ئوقۇپ بەرسەڭ، دەرەخلەر ئۆزى ئۆرۈلۈپ، ئالتۇنلار ئالدىڭغا چىقىپ بېرەمدۇ تېخى، — دېدى ۋەلى مانتا ئابۇشنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بىراق مەن دەرەخلەرنى تەسىرلەندۇرگۇدەك شېئىر يازالمايمەندە، ئاكا، — دېدى ئابۇش.

— كەمتەر بولۇپ كەتمە، ئۇكا. سەن دېگەن ئىلىدا ئېتىراپ قىلىنغان شائىر جۇما. رادىئودا ئېلان قىلىنۋاتقان شېئىرلارنىمۇ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. سېنىڭ شېئىرلىرىڭغا يېتىدىغىنى بەك ئاز، بەك ئاز. يېزىپ تۇرۇۋاتقانسەن، ئۇكا؟! — دېدى ئەسەت نېسى.

— نەق پۇل خەجلەيدىغان ئادەمنى كۆرسەڭ كىچىك تىلىلىرىڭ چىقىپ كېتىدىكىنا! — دېدى ۋەلى مانتا ئەسەت نېسىگە ئالىيىپ.

— ئۇنداق دەپ كەتمە، ئاداش. مەن يەنە ساڭا ئوخشاش نېسىچىلەرگە بەك ئامراق، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ماۋۇ گېپىڭ چەك باستى، ئاداش، — دېدى ئابلەت چوكان، — خوش، ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق، هاراقمۇ تۈگەي دەپ قالدى، ئۇكا، بىزنىمۇ خېلى گەپكە سېلىۋالدىڭ، يازغان شېئىرلىرىڭدىن بىرنەچچە كۇپلېت ئوقۇپ بەرمەمسەن ئەمدى؟

— هېلىقى كۆك خاتىرەڭ يېنىڭدىدۇ؟ — دېدى ئەسەت نېسى.

— خاتىرىنى تاشلىمايمەنغۇ، ئەسەتكا.

ئابۇش يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقاردى، ئەسەت نېسى بىلەن ئابلەت چوكان روھلىنىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ۋەلى مانتا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئابۇشقا قاراپ قويۇپ، لېگەندىن بىر پاچاقنى قولىغا ئالدى.

«ئەگەر مۇشۇنى شائىر دېگىلى بولسا، كاندىكى موتموتلارنىڭ ھەممىسى شائىر بولۇپ كېتىدۇ جۇما!» دېدى ۋەلى مانتا ئىچىدە.
— خوش، سوراپ قالدىڭلار، ئەمىسە مەن سىلەرگە يېقىندا يازغان بىر شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ئابۇش روھلىنىپ.
— رەھمەت ئۇكا! خۇدايىم قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن! — دېدى ئەسەت نېسى ھاياجانلىنىپ.
«ماۋۇ قېرىنىڭ يالاقچىلىق قىلىپ كەتكىنىنى!» دېدى ۋەلى مانتا ئىچىدە.
ئابۇش يەلكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شېئىرىنى ئوقۇدى:

...
قوغۇن ئوخشىغان يىلى
ئەگەر مىراب ئۆلسە
كەتمىنىڭ
بۇ شۇم خەۋەرنى
ھەممە زىرائەتلەرگە
ۋاقتىدا يەتكۈزەلەرمۇ؟
يەنە شۇنىڭدا
قايسى ئېتىزلار كۈلەر،
قايسى ئېتىزلار يىغلار؟

مۇنچىدىكى كەپتەرلەر
ھەرگىز بىزنى جەننەتكە باشلىمايدۇ
يامان بولىدۇ دېگۈچىلىكى قالمىدى، دادا،
ياتلاشقان كارىۋاتلاردا
كۈلۈۋاتقان كىم
يىغلاۋاتقانلار يەنە كىم،
ماڭا ئەقىل بەرگىنىڭگە رەھمەت، دادا.

ئابۇش شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، مەغرۇر هالدا ئەسەت نېسىگە قارىدى، ئەسەت نېسى ئۇنىڭ شېئىرىنى ماختاپ كەتتى.

— مانا شېئىر دېگەن، ئالامەت يېزىۋېتىپسەن جۇما، ئۇكا، شېئىرنىڭ بالىسى بۇنداق بولماس - هە !

— «مۇنچىدىكى كەپتەر» دېگىنىڭ نېمىسى ئۇكا؟ — دېدى ئابلەت چوكان.

— ئوخشىتىش بولمامدۇ، ئاكا!؟ — دېدى ئابۇش.

— مەن بۇ شېئىرىڭنى چۈشىنەلمىدىم، ئۇكا، تاغدىن - باغدىن بىرنېمىلەرنى دەپسەن، — دېدى ۋەلى مانتا قاراپ تۇرۇپ.

— ئابۇش دېگەن زىيالىي، ئوقۇغان. سەن ئۆزى مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئادەم، ئەلۋەتتە چۈشىنەلمەيسەندە، — دېدى ئەسەت نېسى كۈلۈپ.

«ماۋۇ يالاقچى نېمە دەيدىغاندۇ!» دېدى ۋەلى مانتا ئىچىدە.

— هە، سەنلا چۈشىنىسەن، ئاداش، تۇغۇلماي تولغاق يەپ يۈرىدىغان چوكانلارنىمۇ ياخشى چۈشىنىسەن ! — دېدى ۋەلى مانتا.

— ماڭا دېگەن بولۇپ ئابلەتنى ئۆرۈۋاتىسەن - هە ! — دېدى ئەسەت نېسى ئابلەت چوكانغا قاراپ.

— ماڭا مۇشۇ «چوكان» دەپ لەقەم قويغان گۈينى تاپالمايۋاتىمەن !

— مەن دەپ بەرسەم مېھمان قىلامسەن؟ — دېدى ئەسەت نېسى.

— مېھمان قىلىمەن.

— ئەمىسە مەن سۈرۈشتە قىلاي، — دېدى ئەسەت نېسى.

— مۇشۇ لەقەمنى ئاداش ساڭا مۇسا ئوسۇرغاق قويدىمىكىن دەيمەن، — دېدى ۋەلى مانتا.

— مېنىڭمۇ شۇ نېمىدىن گۇمانىم بار، — دېدى ئەسەت نېسى.

— مۇسا ئوسۇرغاق دېگەن كىم ئۇ؟ — دېدى ئابۇش ئەسەت

نېسىگە قاراپ.

— سەن ئۇ ئادەمنى تونۇمايسەن، ئۇكا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ بىزنىڭ كانغا كېلىپ ئىشلىگەن، ھازىر شەھەردە ئوقەت قىلىدۇ، تېگى قەشقەرلىك، بەك قىزىقچى ئادەم! — دېدى ئەسەت نېسى.

— گېپىنى ئاڭلىساڭ بولىدۇ ئۇنىڭ، — دېدى ئابلەت چوكان.

— شۇنداق، بەك قىزىقچى نەرسە ئۇ، ئۆتكەندە قاسىم قەغەز بىلەن شەھەرگە كىرگەنتۇق، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدۇق، قاسىم قەغەز ئوينىساق بولاتتى دەپ تۇرۇۋالدى، مۇسا ئوسۇرغاق نېمە دەيدۇ دېمەمسەن: «ئۇكا، بىرەر قېتىملىق چوكان تاپماق تەس، داۋاملىق ئارىلىشىمەن دېسەڭ بىرنى تېپىپ بېرەي» دېدى قارا. قاسىم قەغەز بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «داۋاملىق ئارىلىشىمەن» دېدى. مۇسا ئوسۇرغاق ئەمىسە گەپ مۇنداق: «چىرايلىق بىر چوكان بار، قورۇ - جايى يوق، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىدۇ، يەنە سەترەك بىرى بار، لېكىن ئۇنىڭ قورۇ - جايى بار، قايسىسى بىلەن ئارىلىشىسەن؟» دېدى. قاسىم قەغەز: «نېمە بولسا بولسۇن، ئاشۇ چىرايلىقى بىلەن ئارىلىشاي جۇما» دېۋىدى، مۇسا ئوسۇرغاق: «يورە ئەمىسە» دەپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى، بەك قىزىق نەرسە - ھە، — دېدى ئەسەت نېسى.

— بىرەر پەدە ئويۇن قىلىۋېتىپسىلەردە، — دېدى ئابلەت كولۇپ.

— ئۇ كۇنى مەن قايتىپ كەلدىم، — دېدى ئەسەت نېسى.

— شەھەر دېگەندە نېسىگە ئىش يوقتە! — دېدى ۋەلى مانتا.

— بىرنى كەلتۈرۈۋالدىڭدە - ھە! — دېدى ئەسەت نېسى ۋەلى مانتىغا قاراپ كولۇپ.

— سەن ئۇنداق ئىشلارنى كۆرسەڭ كەتمەيسەن، ئەسەت، — دېدى ئابلەت چوكان.

— يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئالداش، ئەمدى ئۇنداق

ئويۇنلار بىزگە ياراشمايدۇ، ئەمدى ئابۇشلارغا يول بېرەرمىزمىكىن، ــ دېدى ئەسەت نېسى.
ــ بۇنىڭغۇ ئۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشى يوقمىكىن دەيمەن، مۇشۇ كۆنگىچە خوتۇن ئالالماي يۈرسە بۇ بالا، ــ دېدى ۋەلى مانتا.
ــ سەن ئابۇشنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، ئاداش، بۇنى بوش چاغلىما، شېئىر بىلەن كەلتۈرىدۇ، شەھەرلىك قىزلاردىن ئالىدۇ بۇ، ــ دېدى ئەسەت نېسى.
ــ بىر ئوبدانلا شېئىر يازىدىغان بولۇپ قاپسەن، ئۇكا، يۆتكىلىشكە يول مېڭىپ، شەھەرگە شائىرلار ئىدارىسىگە يۆتكىلىۋالساڭ بولمامدۇ؟ ! ــ دېدى ئابلەت چوكان.
ــ ئۇنداق ئىدارىدە كادىرلار ئىشلەيدۇ، كادىر بولمىسا بۇ؟ ! ــ دېدى ۋەلى مانتا.
ــ ئاستا ـ ئاستا كادىر بولمامدۇ، ــ دېدى ئابلەت چوكان.
ــ كاندىن شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشماق تەس جۇما، شەھەرلىكلەر بىزگە ئۆچلۈك قىلىدۇ، كۆمۈرىمىزنى قالسا بولىدۇ ئۇ خەق، ــ دېدى ۋەلى مانتا.
ــ سەن بۇرۇنقى زاماننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن، ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، نەگىلا بارساڭ ياخشى بولۇۋېرىسەن ئەمەسمۇ! ــ دېدى ئەسەت نېسى.
ــ ئەمىسە ئۆزۈڭ يول مېڭىپ شائىرلار ئىدارىسىگە يۆتكەپ قويساڭ بولغۇدەك، ــ دېدى ۋەلى مانتا ئەسەت نېسىگە قاراپ.
ــ مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ دەيسەن، ئاداش، ــ دېدى ئەسەت نېسى.
«ئەمىسە چوڭ گەپ قىلماي ئولتۇرمامسەن نېسى پېپى» دېدى ۋەلى مانتا ئىچىدە ئۇنى تىللاپ.
ــ شەھەرگە يۆتكەلگىلى بولسا ئەلۋەتتە ياخشى، بىراق ئۇلار بىزدەك ئادەملەرنى ئالمايدۇدە، ــ دېدى ئابۇش.

— ئۇنداق دېمە ئۇكا، ئوغۇل بالا دېگەن ئۇممد بىلەن ياشىشى كېرەك. ئالدى بىلەن شەھەردىكى شائىرلار بىلەن تونۇش، ئۇلار بىلەن ئاغىنە بول، شەھەرنىڭ ئادەملىرى گېلىغا ئامراق، قارا، ھەر قېتىم كىرگەندە پوكىنىنى مايلاپ تۇر، قىشتا بىرەر ماشىنا كۆمۈر بىلەن تەمىنلەپ تۇر، مۇشۇنداق قىلىپ ماڭساڭ، ئۇلار بىر كۈنى سېنى يېنىغا تارتىدۇ، — دېدى ئەسەت نېسى.

— راست، ئەسەت راست دەيدۇ، — دېدى ئابلەت چوكان.

— شەھەرگە كىرىپ چوڭ شائىر بولۇپ كەتسەڭ، بىزدىن زېرىكىسەندە، ئۇكا، — دېدى ۋەلى مانتا.

— يوق ئىشىنىڭ گېپىنى قىلما، ئاكا، — دېدى ئابۇش.

— بۇگۈن ۋەلىكاڭنىڭ مىجەزى يوق، گەپ خۇشياقمايدۇغۇ بۇنىڭغا، — دېدى ئابلەت چوكان.

— مەن ئاچ قورساققا ئىچىپ قويدۇم، سەل قىزىۋاتىمەن ئابلەتكا، ئاستا قايتايمىكىن، — دېدى ئابۇش.

— نېمە ئالدىرايسەن، ھاراق دېگەننى قىزىيمىز دەپ ئىچىمىزغۇ، يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق بار تېخى، شۇنىڭدا ئۇچىمىز بىردىن ئىچكەن بولىمىز، — دېدى ئابلەت چوكان.

— بىزغۇ ئولتۇردۇق، ئاغىنىلەر، تالادا باشقا خېرىدارلار كىرەلمەي يۈرۈۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، بايا بىرنەچچىسى بېشىنى تىقىپ قويۇپ كەينىگە ياندى، — دېدى ئابۇش.

— ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، ئۇكا، — دېدى ئابلەت چوكان.

— خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مېنىڭكىگە كىرمىسە ئىمىن كالتەكنىڭ قاۋىقىغا كىرىدۇ، بۇگۈن كەلمىسە ئەتە كېلىدۇ دېگەندەك، — دېدى ئەسەت نېسى.

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ يەنە بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىۋەتتى، ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قاۋاقتىن چىقىپ كەتتى.

## 2

ئابىۋش سەھەر تۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى، ئاندىن خالىق ئاستىغا چۈشكەندە كىيدىغان قارا قالپىقىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ، بىرىنچى قۇدۇققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ قۇدۇققا يېتىپ كەلگەندە، ئىشچىلار ئاللىبۇرۇن ئىشقا چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ مۇنچىنىڭ قېشىدا ئەركىن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئازاتنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇكا، بۈگۈن ياخشى تۇرۇپسەن-مۇ؟ — دېدى ئازات ئابىۋشنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— بۈگۈن بەك سەھەر كېلىپسەنغۇ، ئاداش، — دېدى ئەركىن.

— تۈنۈگۈنكى ۋەدە بويىچە كەلدىم ئاداش، مۇشۇ كۈندە ئازاتكامدەك پۇلى بار خوجايىنلار هايت دەپ قويسا كەينىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدۇق، — دېدى ئابىۋش چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئۇكا، سەن بولمىساڭ بىز خاڭنى ماڭدۇرالمايمىز، شۇ ئاتىقىمىز يامان، كاننى كۆتۈرە ئالدى دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە يەنە سېنىڭ قولۇڭدا بىز، — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— ئۇ ئۆزۈڭنىڭ گېپى، ئازاتكا، كان دېگەن ئۈستىخىنى يوق لوق گۆش، قايسى يېرىدىن شىلىپ يېسەڭ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى ئابىۋش.

«بۇ ئاداش بىلەن گەپ تالاشماي، سېنىڭ راست دەپ كان ئاستىغا باشلاي جۇما» دېدى ئازات ئىچىدە.

— ئەمىسە كانغا چۈشۈپ كېتىمىزما، ئۇكا؟ — دېدى ئازات.

— شۇنداق قىلايلى، ئازاتكا، باشقا ئىشلار جايىدىدۇ؟
— خاتىرجەم بول، ئۇكا، چۈشتىن كېيىن ئويۇننى ئەيسا مەنتەڭنىڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم....
— ئۆيدە قانداق بولار، ئازاتكا؟ — دېدى ئابۇش.
— تېخى ئۆيدە ياخشى بولىدۇ، ئەيسا مەنتەڭنىڭ خوتۇنىدىن ئەنسىرەۋاتىسەنغۇ شۇ، ئۇ ئاداش خوتۇنىنى قويۇۋەتتى، هازىر بويتاق، ئۆيى بەك ئەپلىك، بىر ئاشپەزگە دەپ قويدۇم، ئۇلار چۈشتە ئەيسا مەنتەڭنىڭ ئۆيگە بېرىپ تەييارلىق قىلىپ تۇرىدىغان بولدى، ئەركىن ئاخشام بىر قوي ئاپىرىپ بەردى، ئەيسا مەنتەك سەھەر تۇرۇپ قوينى سويۇپ تەييار قىلىدىغان بولغان، باشقا ئادەم يوق. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئويۇننى شاما قىلىۋېتىمىز، ئۇكا، — دېدى ئازات.
— سەن ئۆزۈڭ ئەقىللىق ئادەم، ئازاتكا، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ تۇرۇپ، ئازاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇنىڭغا بەكمۇ خۇشياقتى.
— رەھمەت ئۇكا، — دېدى ئازات كۈلۈپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىچىدە «مېنى هۆل كېسەككە دەسسىتىپ كەتكىنىڭنى مۇنۇ شۇمنىڭ» دەپ ئويلىدى.
— ئەمىسە كان ئاستىغا چۈشىمىزما؟ — دېدى ئابۇش قولىدىكى قالپىقىنى بېشىغا كىيىپ.
— شۇنداق قىلايلى، ئۇكا، — دېدى ئازات، ئاندىن ئەركىنگە قارىدى، — ئۇكا، ماڭا بىر قالپاق تېپىپ بەر.
ئەركىن كان ئۈستىدە چىراغ تارقىتىدىغان ئۆيگە كىرىپ، بىر قالپاق، ئىككى چىراغ ئاچىقىپ ئازاتقا بەردى. ئازات قالپاقنى كىيىپ، بىر چىراغنى ئۆزى ئېلىپ، بىر چىراغنى ئابۇشقا بەردى. ئابۇش چىراغنى قولىغا ئېلىپ قۇدۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇلار پەلەمپەي ئارقىلىق كان ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى.
ئابۇش ئازاتنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، كان ئاستىدىكى

تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بارلىق ئورۇننى بىللە تەكشۈردى، ئاخىر ئۇلار شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق ھاۋانى تەڭشەپ بېرىدىغان شامالچى ئۇستامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، شامالچى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى، ئابۇش بېشىنى كۆتۈرۈپ ئازاتقا قارىدى.

— ئازاتكا، گەپ قىلە، قانداق قىلىمىز؟

— تۆپىگە چىقىپ پاراڭلاشمايلىما، ئۇكا، — دېدى ئازات.

— تۆپىگە چىقساق ياخشى پاراڭلىشالمايمىز، ئاكا، ئەھۋال ئېغىر، كاننى بىر ھەپتە توختىتات، يېرىلىپ كەتكەن تۈۋرۈكلىرىڭنى ئالماشتۇرمىساڭ بولمايدۇ، بەزى يەرلىرىڭ بەك خەتەرلىك ئىكەن، بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ھەممىمىزگە گەپ كېلىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— ئاخشام ساڭا راست گەپنى قىلدىمغۇ، ئۇكا، كان بىر ھەپتە توختىسا مەن تۈگىشىپ كېتىمەن، كان مېنىڭمۇ ئەرسۇن، مەن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ يوللاردىكى خەتەرلىك بولۇپ قالغان تۈۋرۈكلەرنى ئالماشتۇراي، — دېدى ئازات.

— مەسلەن، شۇنىڭدا قانچە تۈۋرۈك ئالماشتۇرالايسەن؟

— شۇ تۆت يۈزگە يېقىن تۈۋرۈك ئالماشتۇرالايمەندە!

ئابۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى، مەنمۇ بۇ قويمىچىغا ئازراق تۈۋرۈك ساتمايما، قۇتلۇق ياغاچچىنىڭ ئىككى يۈز تۈۋرۈكىنى سېتىشىپ بەرسەم، ماڭمۇ ئازراق پايدىسى تېگىدۇ، پايدىنىڭ ھەممىسىنى ئازات يېمىسۇن، مەنمۇ يەي جۇما... دېگەندەك خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدا دەرھال پەيدا بولدى.

— گەپ قىلە، ئۇكا!

— قۇتلۇق ياغاچچىنىڭ ھويلىسىدا ئازراق تۈۋرۈكۇم بار ئىدى، شۇ تۈۋرۈكتىن ئازراق ئالامسەن، ئازاتكا؟ — دېدى ئابۇش ئازاتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

«ماۋۇ تۈلكىنىڭ گېپىنى قارا، مېنى بىر قوياي دەپتۇدە بۇ» دېدى ئازات ئىچىدە.

— قانچىلىك تۆۋرۆكۆك بار، ئۇكا؟
— جىق ئەمەس، ئىككى يۈز تۆۋرۆكۈم بار.
— بولىدۇ، مەن ئالاي، ئۇكا، قۇتلۇق ياغاچچى مېنى ئىزدىسۇن، ياخشى باھادا ئالاي، — دېدى ئازات.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، قۇتلۇق ياغاچچىنى ئەتە ئەۋەتىمەن، سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە كاندا ئىش توختاتمايلى، سەنمۇ بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسەن، بۇ كاندىن ساقلا قالىدىغىنىمۇ چاغلىق، بىراق بىخەتەرلىككە قاتتىق دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ، ئازاتكا، بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ھەممىمىز يەرگە قاراپ قالىمىز، — دېدى ئابۇش.
— سەن خاتىرجەم بول، ئۇكا، مەن سېنى يەرگە قاراتماي-مەن، — دېدى ئازات.
— ئەمىسە ئۈستىگە چىقىپ كېتەمدۇق؟ — دېدى ئابۇش.
— چىقايلى، ئۇكا، چۈش بولاي دەپ قالدى، چىقىپ باش - كۆزىمىزنى يۇيۇپ، ئەيسا مەنتەڭنىڭ ئۆيىگە بالدۇرراق بارايلى، — دېدى ئازات.
— ئەمىسە ۋاگون بىلەن چىقىپ كېتەيلى، ئازاتكا، — دېدى ئابۇش.
— بولىدۇ ئۇكا.
ئۇلار ۋاگونغا ئولتۇرۇپ كان ئۈستىگە چىقتى، ئارقىدىنلا مۇنچىغا چۈشۈپ، باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەييار بولدى.
— ئەركىن، ماڭايلى، ئىشلارنى بىرىگە تاپشۇرۇپ قوي، كىمگە تاپشۇرىسەن؟ — دېدى ئازات ئەركىننى چاقىرىپ.
— ئابلىكىمگە تاپشۇرايمىكىن دەيمەن، — دېدى ئەركىن.
— بولىدۇ، ئابلىكىمگە تاپشۇر، ئەمىسە بىز يولغا چىقايلى، ئابلىكىمگە پالانى يەرگە بارىمىز دېمىگەنسەن؟
— ياق.
— ھېچكىمگە گەپ قىلما، شەھەرگە كىرىپ كۆمۈر توختامى تۈزىمىز دەپ قوي، ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ چىقىمىز دېسەك

بولىدۇ، ـــ دېدى ئازات.

ـــ ماقۇل، ـــ دېدى ئەركىن.

ئەركىن ئابلىكىمنى چاقىرىپ كېلىپ، قۇدۇقتىكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ـــ كەچتە باللار ئىشتىن چۈشكەندە، ئون سومدىن تارقىتامدىم يا ئون بەش سومدىن تارقىتامدىم؟ ـــ دەپ سورىدى ئابلىكىم.

ـــ مەن ئۆزۈم بولمىغاندىكىن ئون سومدىن تارقات، قالغىنىنى كېيىن تەڭشۈېتىمەن، ـــ دېدى ئەركىن.

ـــ بەرىبىر بولمايدۇ، ئەركىن، ئاتام زاماندىن قالغان ئادەت بۇ، كۆندە ئىشتىن قايتقاندا بەش ـ ئون سومدىن پۇل ئېلىپ ماڭىدىغان، ـــ دېدى ئابلىكىم.

ـــ شۇ... ئەمىسە مەن ماڭدىم، ئىشلار ساڭا قالدى، ئاداش، ـــ دېدى ئەركىن.

ـــ شەھەرگە كىرىپ كۆمۈر توختامى تۈزىمىز دەيسەن، ئابۇش شائىرنى ئەكىرىپ ئوينىتارسىلەر ھەرقاچان! ـــ دېدى ئابلىكىم.

ـــ مەن ساڭا ئىشىنىمەن ئاداش، بىرىگە گەپ قىلما، شائىر يېقىندىن بېرى كاننىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىدىن بەك قۇسۇر تېپىپ كېتىۋاتىدۇ، كەچتە ئەيسا مەتتەڭنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىدىغان بولدۇق، گېپىنى مايلىمىساق بولمىدى ئۇ ئاداشنىڭ، ـــ دېدى ئەركىن.

ـــ شۇ، مەن ئويلىمىغاندەك بوپتۇ، يامان نېمە ئۇ، ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلىدىغان جادۇگەر ئۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يەيدۇ، ئىچىدۇ، ئالىدۇ، ـــ دېدى ئابلىكىم.

ـــ ئۇنىڭغا ئامال يوق، ئاداش، سېنىڭ راست دېمىسەك كاننى توختىتىپ قويىدۇ شۇ، كان بىر كۈن توختىسا ھەممىمىزگە زىيان، ئۇنىڭدىن كۆرە يەيمەن دېسە يېگۈزۈپ، ئوينايمەن دېسە ئوينىتىپ، ئۆزىمىزگە چىڭ بولمىساق بولمايدۇ. شەھەرلىك ئۇن

زاۋۇتىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان ھېلىقى خاخازا دەيدىغان تۆڭگاننى بىلىسەنغۇ، ئاشۇ ئاداشنىڭ بىر گېپى بار، «چوڭ تاشقا ئۆچراپ قالساڭ ياندا ئۆت» دەيدىغان، راست گەپ مۇشۇ، مۇشۇ كۈندە ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىشلىمىسەڭ ئىش چاتاق، ئەمىسە ماڭدىم، ئاداش، — دېدى ئەركىن.

— ياخشى ئويناپ كېلىڭلار، ئەمىسە، — دېدى ئابلىكىم كۈلۈپ.

— بىزگە مۇشۇ كۈندە ئويۇن يارىشامدۇ دەيسەن، ئاداش، كان توختاپ قالمىسۇن دەيمەنغۇ!

ئەركىن ئازات بىلەن ئابۇشنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئەيسا مەنتەڭنىڭ ئۆيى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كونا مەھەللىنىڭ بىر چېتىدە ئىدى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئابۇش كاندا تۇغۇلۇپ يېتىلگەن بالا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ساۋۇتئاخۇن ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىن كېلىپ، كاندا ئىشلەپ يىلتىز تارتىپ قالغانىدى. ساۋۇتئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ئۆمەرجان دېگەن ئادەم ئاتاقلىق زەرگەرمىش، ھەر بازار كۈنى بىرنەچچە كاللەك پۇل خەجلەيدىغان نوچىمىش. ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ دۇنيا قالدۇرغانمىش، لېكىن ساۋۇتئاخۇن بىر پۇلنى ئىككى قىلىپ جېنىنى جان ئەتمەي، بارىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ قىمار ئويناپ، قىز ـ چوكانلارنىڭ ئوسمىسىنى ماراپ تۈگەتكەنىكەن. ئاخىرقى ھېساباتا قەرزدىن قېچىپ غۇلجىغا كەلگەنىكەن. بۇ گەپ مەيلى راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، ساۋۇتئاخۇننىڭ ئاغىنىلىرى بۇ تارىخنى تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ كانغا كېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن ئۆيلەندى، باللىق بولدى، ئابۇش ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىدى. لېكىن بىرنەچچە يىلغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى، بەش يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى شەھەرگە كىرىپ ئۈچ ـ تۆت ئاي يوقاپ كېتىپ، خۇدايىم ماڭا بىر ئوغۇل بەردى

دەپ ئابۇشنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا گەپ ـ سۆز تارقىلىپ كەتتى، ئابۇش ئۇ ئايال ئۆزى تۇغقان بالا ئەمەس، ئۇنى بىر ئاجىز ئادەمدىن ئاسىرىۋاپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈردى. ساۋۇتئاخۇن ئاشۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىمامنى ئۆيىگە چاقىرىپ، داستىخان ئۈستىدە ئۇنىڭغا يېلىنىپ، جامائەتنىڭ ئاغزىنى بېسىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، نەتىجىدە ئىمام جۈمە نامىزىدا ئەمرىمەرۇپ قىلغاندا پىتنە ـ ئىغۋا ئۈستىدە توختىلىپ، جامائەتنىڭ كەيپىياتىنى رۇسلىۋالغانىدى. ساۋۇتئاخۇن ئابۇشنى ياخشى ئوقۇتتى، ئابۇش ئەقىللىق ئىدى، كان پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئەكبەر ئەپەندى ئابۇشنىڭ ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭ دادىسى ساۋۇتئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، بالىنى داۋاملىق ياخشى ئوقۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەنىدى. ئابۇش مەكتەپتە ياخشى ئوقۇدى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دادىسى يول مېڭىپ يۈرۈپ ئۇنى ئۈرۈمچى كۆمۈر كان مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگۈزدى، ئابۇش مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇدى، ئوقۇغاندىمۇ ياخشى ئوقۇدى، ئۇنىڭغا دەرسكە كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن رازى ئىدى، ئۇ مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ شەھەردە بەكمۇ قالغۇسى بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇغان كەسپى شەھەردىكى ئىدارىلەرگە توغرا كەلمىدى، ئاخىرقى ھېسابتا تەقدىر ئۇنى كۆمۈر كانغا ئاچىقىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا ئوقۇغان نەرسىلەرنى ئەمەلىيەت بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تېخنىكىنى پۇختا ئىگىلىدى. يىللار ئۆتتى، بولۇپمۇ بىخەتەرلىك ئىشلىرىدا كان رەھبەرلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولدى.

ئۇلار يېرىم سائەت يول يۈرۈپ ئەيسا مەنتەڭنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، ھويلىدا پىرقىراپ يۈرگەن ئەيسا مەنتەڭ ئۇلارنى كۆرۈپ، چوڭ ـ چوڭ چامداپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز مېھمانلار، ھارماي كېلىشىپتىلا، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ مېھمانلارغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

— ھەي، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، ئاداش؟ — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— ئىنشائاللا، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇشۇنچىلىك ياشاپ كېتىۋاتىمىز ئاداش، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ.

— ئەيساجىنىكا، كۆرۈشمىگىلى خېلى بوپتۇ، چىرايىڭىز بەك سارغىيىپ كېتىپتۇغۇ! — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.

— مەنتەڭ سوغۇق كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇكام، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ قىزىقچىلىق قىلىپ.

— پەيزىڭ بارده ئاكا سېنىڭ، — دېدى ئابۇش.

— قاتىلدەك مىجەزى بار بۇ غوجامنىڭ، — دېدى ئازات.

مېھمانلار كۈلۈشۈپ كەتتى، ئەيسا مەنتەڭ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— خوش ئەمىسە، باشلىقلارغا تەييارلىق ئىشلىرىنى دوكلات قىلىۋېتەي، ئەتىگەن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، باش - كۆزلىرىمنى بىسمىللا دەپ يۇيۇپ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ مالنى سويدۇم، ئۇ قوي سەھەرده ئوتلاپ يۈرگەنده مېنى تونۇۋالغانىكەن، قولۇمدىكى پىچاقنى كۆرۈپ مېنى قارغاپ كەتتى. ئاڭلىمىغان بولۇپ پىچاقنى بوينىغا سۈرۈۋەتتىم، قان دېگەن چاچراپ چىقىپ كەتتى، ياخشى قويكەن، قېنى قىپقىزىل چىقتى، ئىچىنى تازىلىغاندا قارىسام، يۈرىكى ئىككى، بۆرىكى تۆت تۇرىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ قوي ھايات ۋاقتىدىمۇ جىم يۈرگەن قويدەك ئەمەس، سويۇپ بولۇپ ئىككى سائەتتىن كېيىن قارىسام گۆشلىرى مىدىرلاۋاتىدۇ، بىر - نېمە دېگۈسى بار، لېكىن بېشىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن گەپ قىلالمىدى... ئۇستىخانلىرىنى قازانغا شورپا قىلىپ سېلىۋەتتىم، كاۋاپنىڭ گۆشلىرىنى توغراپ دورا - دەرمەكلەر بىلەن دۇملەپ قويدۇم، ئوخشىتىپ مانتا ئېتىدىغان بولدۇق، مۇشۇ كۈنلەرده مانتىدىن باشقا تاماق تازا تېتىمايدىغان بولدى، — دېدى ئەيسا

مەنتەك كۈلۈپ.

— ياخشى، ئاداش، ياخشى تەييارلىق قىپسەن، — دېدى ئازات.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، بۈگۈن مانتا پۇراپ كېتىدىكەنمىز دە! — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— مانتىغا بىر توي‌ۋۇالىدىغان بولدۇقتە، ئۇكا، مانا ئەمدى كان ئاستىغا چۈشۈپ ئىشلەيدىغان بولساڭ، ئۈچ كۈنگىچە قورسىقىڭ ئاچمايدۇدە! — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— بۇمۇ سىنىڭ دۆلىتىڭ، ئازاتكا، — دېدى ئابۇش.

«گەپكە ئۇستا بۇ كىچىك تۈلكە» دېدى ئازات ئىچىدە.

— مەھەللىدە مانتا پۇراپ كەتسە، ۋەلى مانتىنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولىدە! — دېدى جىم ئولتۇرغان ئەركىن قىزىقچىلىق قىلىپ گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئۇيقۇسى كەلمەي كېچىچە خەقلەرنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ يۈرمىگىدى ئۇ، — دېدى ئەيسا مەنتەك.

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، قىلىقى سەت ئۇ ئاداشىنىڭ.

ئەركىن ئەيسا مەنتەكنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئەيسا ئۇنىڭغا هويلىغا چىقايلى دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى، ئەيسا مەنتەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئەركىن ئۇنىڭ كەينىدىن هويلىغا چىقتى.

— چۈش بولدى، ئاكا. ئەمدى قۇرۇق گەپكە قورساق تويمايدۇ. مەن مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالاي. سەن داستىخان سال، — دېدى ئەركىن ئەيسا مەنتەككە.

— ئەمىسە سەن مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىۋەر، — دېدى ئەيسا مەنتەك.

ئەركىن قولىغا ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئېلىپ، پېشايۋان تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ پېشايۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ سىمدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ، مۈرىسىگە ئارتىپ ئۆيگە كىردى.

— يوقاپ كەتتىڭغۇ، ئۇكا، — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— ئەيساجىنىكام گەپكە تۇتۇۋالدى، يەنە شۇ ئەتىگەن سويغان قوينىڭ گېپىنى قىلىدۇ: «ئەركەك قويكەن، ئۇچەيلىرى ئادەتتىكى قوينىڭ ئۇچىيىدىن يۈز مېتىردەك ئۇزۇن چىقتى، قۇيرۇقى بىر غۇلاچ كېلىدۇ» دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ، — دېدى ئەركىن كۈلۈپ.

— ئۇ ئاداش گېپىم بار دەپ دەۋېرىدۇ، چۈشىدە نېمىنى كۆرسە، گېپىم بار دەپ شۇنى جۆيلۈۋېرىدىغان نەرسە ئۇ، — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— قۇيرۇقى بىر غۇلاچ كەلگەن بولسا، شەھەرگە ئەكىرىپ كۆرگەزمە قىلىدىغان گەپكەن، — دېدى ئابۇش روھلىنىپ.

— كاننىڭ قويلىرى مۇشۇنداق بولىدۇ دەيما؟! — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— هويلىدا مانتا پۇراپ كەتتى، ئابۇش، بۈگۈن مانتىغا تويۇۋالىدىغان بولدۇڭدە، ئاداش، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ بولۇپ.

— هېلىمۇ يېمىدۇق ئاداش بۇ مانتىنى، يېقىندىن بېرى ئازاتكام ئويۇننى يالغۇز ئوينايدىغان بولۇۋالدى، — دېدى ئابۇش.

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇكا، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەنغۇ، كاننىڭ ئىشلىرى بىلەن باش كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن! — دېدى.

— ئەركىن ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ بولۇپ، ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، كەينىدىن ئاشپەزلەر كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

تائاملار كەينى - كەينىدىن كەلتۈرۈلدى، مېھمانلار هۇزۇرلىنىپ تاماقلىنىشقا باشلىدى، كەيپىيات ناهايىتى ياخشى ئىدى، ئازات قولىغا هاراقنى ئالدى، ئۇلار ئويۇننى باشلىۋالدى.

— ئەمىسە مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي مېھمانلار! — دېدى ئازات خۇشخۇي هالدا، — يېقىندىن بېرى ئابۇش بىلەن بىللە ئولتۇرالمىدۇق، بۇ كەمچىلىك مەندە، ئاساسەن ئۆزىمىز ۋاقىت چىقىرالمىدۇق، كان بىلەن بولۇپ كەتتۇق، ھەممىمىز

ئانىمىزنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەملەردىن ئىكەنمىز، ياشلىق باھارىمىزنى كان ئۇچۇن قۇربان قىلىۋەتتۇق، پېشانىمىزگە يېزىلغىنى شۇ ئوخشايدۇ، خوش ئەمىسە، بىرىنچى رومكا ھاراقنى ئابۇشقا، يەنە ئەيساجانغا رەھمەت ئېيتىپ ئىچىۋېتەي، ياخشى پاراڭلار بىلەن ئولتۇرايلى.

— رەھمەت، ئازاتكا، قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن! — دېدى ئابۇش كولۇپ.

ئازات ئىككىنچى رومكا ھاراقنى قېشىدا ئولتۇرغان ئابۇشقا تۇتتى، ئابۇش خۇشخۇي ھالدا رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ئەمىسە ئازاتكامغا، ئەسەتكاملارغا رەھمەت، سىلەرنى ئاۋارە قىلىپتىمەن، — دېدى ئابۇش، ئۇ قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

بىردەمدىلا بىر بوتۇلكا ھاراق تۈگىدى، ئىككىنچى بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، ئىچىش نۆۋىتى يەنىلا ئازاتقا كەلدى.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، ئازاتكا، سىنىڭ تەلىيىڭ بار - ھە! يەنە بىرىنچى رومكا ئازاتكامغا كېلىپ قالدى، — دېدى ئابۇش كولۇپ.

— شۇنداق! — دېدى ئەركىن.

— بۇنى تەلەي دېگىلى بولماس، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ.

— شۇنى دەيمىنا، بۇ ھاراقكەشلىك دېگەن ياخشى ئىش ئەمەسقۇ! — دېدى ئازات.

— ئۇنداق دېمە، ئازاتكا، بىز ھاراقكەش ئەمەس، بىز ئويناپ تۇرىدىغان، ئىچىپ تۇرىدىغان ھەم ئىشنىمۇ ياخشى قىلىدىغان ئاتەش يۈرەكلەرمىز، مەسىلەن، ئۆزۈمنى ئېيتسام، بەزى كۈنلىرى جىقراق ئىچىپ قويسام، ئەتىسى كەچكىچە كۆڭلۈم شۇنچە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداق ياخشى ئىشلارنى ئويلاپ كېتىمەن، ياخشىلىق قىلغۇم كېلىدۇ، مەرد بولۇپ كېتىمەن، قىسقىسى، نۇرغۇن ئىشلاردا كاللام ئېچىلىپ كېتىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— مانا، ھاراقنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئادەم مۇشۇ

ئابۇش ئىكەن، كاساپەت، ياشايسەن، ئۇكا، — دېدى ئازات.

— مەن مۇشۇ كۆنلەردە جىق ئىچەلمەيدىغان بولدۇم، جىق ئىچىپ قويسام، ئەتىسى بىر كۈن بېشىمنى كۆتۈرەلمەيمەن، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ.

— ئەمدى سەن قىرىدىڭ، قاچانقى مەنتەڭ سەن؟ — دېدى ئەركىن كۈلۈپ.

— ئۇماچ بولۇپ كەتكەن مەنتەڭدە ! — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداق دېمەيسەن، ئۇكا، شىرىسى قاتقان مەنتەڭ دېمەمسەن، شۇنچىلىك ياخشى لەغمەننى چايناپ تۇرۇپمۇ يەنە مېنىڭ ئارزۇيۇمدا بولىسەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئەيسا مەنتەڭ كۈلۈپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىككىنچى بوتۇلكا ھاراق تۈگىدى، ئۈچىنچى بوتۇلكا ھاراقمۇ تۈگىدى، تۆتىنچى بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، ئىچىش نۆۋىتى يەنە ئازاتقا كېلىپ قالدى.

— ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ دېگەن مانا شۇ، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ئۇنداق ئەمەس ئۇكا، بۇ ھاراقتا ئامەت بولمايدۇ دېگىنە، ئەمدى ساڭا مەسلىھەت سالىدىغان بىر ئىش بار، تونۇگۈن قۇرۇق ئېغىزدا ساڭا ئېيتقاندىم، نېمە ئىش دېمەمسەن ئۇكا، بىزنىڭ كاندا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن بىر بالىغا پۇل يىغىدىغان ئىش چىقىپ قالدى...

— كىمكەن ئۇ؟

— شىرمۇھەممەت دېگەن بالا!

— شىرمۇھەممەت، كىمنىڭ بالىسى ئۇ؟ — دېدى ئابۇش.

— ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ، ئۇكا، مۇھەممەت تاكلاڭ دېگەن ئادەمنىڭ بالىسى، مۇھەممەت تاكلاڭ بۇرۇن قۇدۇقلارنى كۆتۈرە بېرىش ئالدىدا كاننىڭ بىر قۇدۇقىغا باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن، ئۆزى ئېسىل ئادەم ئىدى، بىر يىلى قىشتا كان ئاستىدا كۆمۈر

بىسىۋىلىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن، مانا ئەمدى بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ، شۇ تۆلەيدىغان پۇلى يوق، پۇل بولمىسا شامالمۇ نايناقلاپ بەرمەيدىكەن، ئۇكا. كانىنىڭ باشلىقىغا ئېيتتىم، ئاز ـ تولا ياردەم قىلايلى، بىراق بىزدە بۇنداق بەلگىلىمە يوق دەيدۇ، بەلگىلىمە بولمىسا بەلگىلىمە چىقارمامسىز دېدىم. بىزنىڭ بۇ باشلىق نېمە دېسە شۇ بەلگىلىمىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن. كان دېگەن بىر ئايرىم دۇنيا تۇرسا، بۇگۇن بار ئادەم ئەتە ئۆلۈپ كېتىۋاتسا، بەزى ئىشلارنى جانلىق ئىشلەتمەمدۇ! ئۇ ئادەمنىڭ بەرگەن پۇلى ئۇ بالىنىڭ ئوقۇشىغا يېتەمدۇ؟ ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇكا، ھەممە قۇدۇقتا ئاز ـ تولا ئىمكانىيەت بار، ئالتە قۇدۇقنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى مىڭ سومدىن يىغساق، شىرمۇھەممەتنىڭ ئىككى يىللىق ئوقۇش پۇلى ھەل بولۇپ قالىدۇ، مەن خوجايىنلارنى يىغاي، سەن مۇشۇ گەپنى تەش، ئۇلار سەندىن قورۇنىدۇ، ساڭا ئوشۇقچە گەپ قىلالمايدۇ، بىز ئاشۇ بالىنى ئوقۇشقا يولغا سالايلى، دادىسى رەھمەتلىك مەمەت تاكلاڭ بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئىدى. بىز بۇگۇن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويساق، ئەتە يەنە بىرى بىزنىڭ بالىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويىدۇ، ئۆتنە جاھان ئىكەن بۇ، ئۇكا، — دېدى ئازات.

— مۇنداق گەپ ئىكەندە، — دېدى ئابۇش، — ياخشى ئىش ئىكەن، ئازاتكام ناۋاتتەك گەپ قىلدى، بۇ ئىشنى مەن پۈتتۈرەي، مۇسۇلماندارچىلىقتا ياخشى ئىش يەردە قالمايدۇ.

— ئوغۇل بالا، — دېدى ئازات، — ئەمىسە مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى ئىككىمىز كۆڭۈل قىلىپ ئىچىۋېتەيلى، ئۇكا!

— ئەمىسە باشتا ئۆزۈڭ ئىچىپ بەر، — دېدى ئابۇش.

ئازات قولىدىكى ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى ئابۇشقا بەردى، ئابۇش رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

— لېكىن مېنىڭچە ھەممىسىدىن ئالالمايمىز، سۇلايمان تۇلكە بەرمەيدۇ جۇمۇ، ئۇ ئوغرى شەھەردىكى ئاشنىسىغا بىر ئۆي

تۇتۇپ بېرىپتۇ، قوۋۇرغىسى يوق پۇللار بىلەن ئاشنىسىنى بېقىۋاتىدۇ، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ.

— توۋا، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئالىلىقىنى قارا، مۇنداقمۇ ئىش باركەن تېخى، — دېدى ئەركىن.

— مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى بىلمەن، ئەگەر ئۇ تىلىنى چاينىسا ئۆزۈم ئوخشايمەن ئۇنى، — دېدى ئابۇش.

— ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇنى باشلىقىقا چاقىمىز، — دېدى ئازات.

— ياق، ئۇنىڭغا ئالدىرىمايلى، دەسلەپتە مەن بىر سۆزلىشەي، ئەگەر ئۇ خۇنسىلىق قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىشىمنى ئوچۇق دەيمەن، — دېدى ئابۇش.

— مەكتەپ كۆرگەن ئادەمنىڭ كاللىسى بىزدىن ياخشى ئىشلەيدۇدە مانا! — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېمە، ئازاتكا، سەن مەكتەپ كۆرمىگەن بىلەن خېلى - خېلى ئادەملەر كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم، مەن بىر مەكتەپتە بەش مۇئەللىمدىن تەربىيە ئالغان بولسام، سەن كاندا مىڭ ئادەمدىن ساۋاق ئالغان ئادەم، — دېدى ئابۇش.

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، ئابۇش، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

— ئەمىسە بۇ ئىشلار مۇشۇنداق بولسۇن، ۋاقىتنى ئۆزۈڭ بېكىت، هايت دېسەڭلا مەن ئۆزۈم بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرىمەن، سەن ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ گەپنى تەشسەڭلا بولدى، — دېدى ئازات.

— خاتىرجەم بول، ئاكا، بۇ ئىشنى چىرايلىق پۈتتۈرىمەن، — دېدى ئابۇش.

— ساڭا چىرايلىق قازاق قويىدىن بىرنى تەييارلاپ قويىدۇم، ئۇكا، ئەيساجان ئەتە ئۆيۈڭگە يەتكۈزۈۋېتىدۇ، — دېدى ئازات.

— كۆڭۈلدىكى ئىشنى تاپىسەندە سەن - هە، ئاكا! — دېدى ئابۇش خۇشال بولۇپ. ئۇ قوينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جانلىنىپ

كەتتى، — مەن كاننىڭ قويىنى ياخشى كۆرىمەن، بىنەمدە چوڭ بولغان قويلارنىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ!

— ياخشى ئادەم تاتلىق قويىنىڭ گۆشىنى بەك جىق يېسە بولمايدۇ، ئابۇش، قويۇڭنى تۆمۈر قوي قىلىپ، قويلىرىمنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ قوياي، كېلەر يىلى قوزىسىنى يېمەمسەن! — دېدى ئەيسا مەنتەڭ چاقچاق قىلىپ.

— مېنىڭ نېسىدىن تەلىپىم يوق، ئاكا ! — دېدى.

ھەممە ئادەم كۈلدى. ئەيسا مەنتەڭ تەمبۇرنى، ئازات دۇتارنى ئالدى، مۇڭلۇق ئىلى ناخشىسى ئىللىق ئۆيدە ياڭراشقا باشلىدى.

ئىلىنىڭ ئوڭ يېنىدا،
ئاق تېرەك دەپ غولى بار.
غول قېشىغا جايلاشقان،
قىزىلسۇ دەپ كېنى بار.
...

ئازات ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتتى، ئۇ مۇڭ ئىچىدە كاننىڭ يۈز يىللىق تارىخىنى ئەسلەپ چىقتى، يىللار دۇتارنىڭ تارىسىدا تىزىلىۋاتاتتى، دېرىزىدىن كىرگەن ئىللىق شامال ئاشۇ يىللارنىڭ تەپسىلىي كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆيگە تىزىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاشۇ جاپالىق يىللاردا كان ئاستىغا بىر چۈشۈپ كەتسە، بىر ئايدا، بىر ئايدا بولمىسا، بىرنەچچە ئايدا، بىر چىقىدىغان يىللاردىمۇ ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى. قالاق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، كۆمۈر ئاستىدا قالغان قېرىنداشلىرىنى كونا مەھەللىدىكى مازارغا كۆمۈۋېتىپ، يەنە چىشىنى چىشلەپ ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى، يىللار ئۆتۈۋەردى، شەھەر ـ شەھەرلەردىن يىغىلغان مۇساپىرلار جان بېقىش ئۈچۈن مۇشۇ كانغا باغلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا تاۋلاندى، ئۈمىد ئىچىدە ياشىغان ئەزىمەتلەر

يىللار قوينىدا تاۋلاندى، ئەمگەك قورالـلىرىنى ئىزباسارلىرىغا مىراس قالدۇردى.

مۇڭ ئىچىدە ئازاتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، كەيپىيات ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ناخشا ئاخىرلاشتى، ئازات قولىدىكى دۇتارنى كەينىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇپ، قولىياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى مەرۋايىتتەك چاقنىغان تەرلىرىنى ئېرتتى، ئاندىن ئابۇشقا قارىدى.

— ئابۇش ئۇكا، ئەمدى هاراقنى بولدى قىلايلى، ئەمدى ئىچىۋەرسەك مەست بولۇپ قالىمىز، يېڭى شېئىرلىرىم بار دەۋاتاتتىڭ، پەيزىڭ بىلەن ئوقۇپ بەر، ئاڭلايلى، بىر ئۆمۈر قاراڭغۇ كان ئاستىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، بىزمۇ مۇنۇ جاھاننى چۈشىنىپ ئۆتەيلى! — دېدى ئازات.

ئابۇشنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئازاتنىڭ گېپى ئۇنىڭغا تازا خۇشياقتى. ئۇ ئادەتتە يېنىدىن ئايرىمايدىغان كىچىك خاتىرىسىنى چىقىرىپ، ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن سىلەرگە بىر شېئىر ئوقۇپ بېرەي، سىلەرگە بېغىشلاپ يېقىندا يازغان «كۆمۈر قازىدىغان دادام» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ئابۇش.

— ياخشى ئۇكا، ئوغۇل بالا، داداڭنى يېزىپسەن، — دېدى ئازات.

— قايسى داداڭنى يازدىڭ، ئۇكا؟ — دېدى ئەيسا مەنتەك چاقچاق قىلىپ.

— ھەممە دادامنى يازدىم، ئاكا. مۇشۇ كاندا ئىشلەۋاتقان چوڭلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دادام، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ئازات ئىتتىكلا ئەيسا مەنتەڭگە قارىدى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن جىم ئولتۇر، ئاداش، قالايمىقان گەپ قىلما، ئۇنى مېھمان قىلىمىز دەپ، ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگمەيلى، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن نېمە كارىمىز، ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇش قىلىپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرسەك بولمىدىمۇ، دېگەن مەنىلەر يوشۇرۇنغانىدى.

— ئوغۇل، يىگىت، ئوقۇ، ئوكا! — دېدى ئازات.
ئابۇش تازا بىر يۆتىلىۋېتىپ، شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

سەن باھارنىڭ ئاتەش قۇياشى ئەمەس،
شۇڭا بۇ كانغا كېلىپ قوندۇڭ.

سېنى بۇ ئالتۇن كانغا باشلىغان كىم؟
شۇ يىللاردىمۇ بۇ دەريا مۇشۇنداق مېشچان ئاقامتى؟
قاقىرلار سىلەرگە ئېچىنىشلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەمتى؟
يەنە كىم ئىزنىڭلارنى بۇگۇنگە ئۇلىدى؟

شەھەر سەن ئۇچۇن قانداق بىر ئۇقۇم ئۇ؟
ئايدا بىر قولۇڭغا چىقىدىغان پاقلان گۆشىمۇ ئۇ؟
يا قاۋاقتىكى ئاچچىق ھاراقمۇ،
ياكى ئاپامغا ئالغاچ كەلگەن چىبەرقۇت پايپىقىڭمۇ ئۇ؟

شەھەر پەقەت پۇلۇڭغىلا ئامراق،
بەرمەيدۇ ساڭا ئوبراز.

سەن باشقىلار ئۇچۇن كۆمۈر قازىسەن،
مانا بۇ سەن ئۇچۇن مەڭگۇلۇك جەڭ.
ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايسەن،
ئىس ـ تۇتەكلەرنىمۇ كۆرەلمەيسەن.
ناخشىلىرىڭنىڭ مۇڭى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىيدۇ،
ياڭرايدۇ ھاۋا يېتىشمەيدىغان قۇدۇق ئىچى يوللىرىدا.

شەھەر،
ئادەملەر،
نايناقلىشىپ چۇشۇۋاتقان قارنى كۆرمىگۇچە،
سېنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرمەيدۇ.

سىنىڭ ھېكايەڭ بەك جىقكەن، دادا،
سالغان كۆۋرۈكۈڭ قاغىمۇ، بۇلبۇلمۇ، ئۆزۈڭمۇ بىلمەيسەن.
كانىنىڭ شىمالى گىياھ ئۈنمەيدىغان مازار ئىكەن،
نۇرغۇنلىغان نوچىلار شۇ يەرگە ماكانلاشقانىكەن.

بارچە يىللاردا،
كان غېرىب نوچىلارنى قوينىغا ئالغان،
رەھمەت كان!

كونا مەھەللىگە بېرىپ كەلدىم،
خارابىلىككە ئايلانغان ئۆيلەر پىچىرلايدۇ گويا.
ئەگرى ـ توقاي يوللار تۈنۈگۈنكى ھېكايىلەرگە ئوخشاش،
سۆزلەيدۇ يىللار خالتىسىدىكى ھەسرەتلىرىنى ماڭا.

كۈلگەن ھەم يىغلىغان ئۇچاقلىرىڭنى تاپقىلى بولمىدى،
سەن بىلەن شۆھرەت تالاشقان قوشاقلار نەدىكىنتاڭ؟

قىزلار ئىنسانلاردىن يىراق يەردە،
باغاش ئەتكىلى بولمايدىغان قۇياشنى كۈيلەيدۇ.

سىنىڭ يۇرتۇڭ بەكمۇ يىراق يەردە،
ھەممە ئادەم سىنىڭ تەرىپىڭنى قىلىشىدۇ.
ۋاقىت ئەما چوكانىنىڭ كۆزىگە ئوخشاش،
ئۆزىنى سۆيگەن ئادەمنى بىلمەيدۇ.

قۇياش ھەر كۈنى مېنى چاقىرغاندا،
سەن كان ئاستىدا مېنى كۈيلەيتتىڭ.
ئاپام كۈندە ساڭا دۇئا قىلاتتى،

ئۆينىڭ تۈۋرۈكى ئۆرۈلمىسۇن دەپ تىلەيتتى.

ئابۇش شېئىرنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئوقۇدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، ئالدى بىلەن ئازات چاۋاك چالدى:

— ياخشى، ئۇكا، بەك ياخشى يېزىپسەن، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، — دېدى ئازات.

— ئۆلمە، ئابۇش، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، — دېدى ئازات.

— ياشاپ كەت، ئاداش، شېئىر بالىسى بۇنداق بولماس - ھە! مۇبارەك بولسۇن، بۇنى بېسىپ، كانچىلارغا بىر نۇسخىدىن تارقاتساڭ بولغۇدەك، — دېدى ئەركىن.

ئابۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئابۇشنىڭ شېئىرنى ئاڭلاپ يەنە ئىلھامىم قوزغىلىۋاتىدۇ جۇمۇ، بالىلار، مەن سىلەرگە يەنە بىر پەدە دۇتار چېلىپ بېرەي، — دېدى ئازات دۇتارنى قولىغا ئېلىپ.

ئازاتنىڭ بارماقلىرى دۇتار تارىسىدا ئويناشقا باشلىدى. ئىللىق ئۆيدە يەنە بىردەمدىلا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇڭلار ئۇچۇشقا باشلىدى. ئازات كۆزلىرىنى يۇمۇپ، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن دۇتار چېلىۋاتاتتى.

سىرلىق خەلق ناخشىسىنىڭ مەڭگۈلۈك كۈرۈنۈشلىرى مەھەللىدىكى ئۆي - ئۆيلەردە ئارام ئېلىۋاتقان مەڭگۈلۈك روھلارنى بىر - بىرلەپ ئويغىتىۋەتتى، سارە بىلەن خالىدەنىڭ ئايدەك جامالىدا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ تارتىملىق كۈرۈنۈشلىرى پەيدا بولدى، ھەممە يىللارنىڭ خوش پۇراقلىرى ئۇلارنىڭ يېڭى مۇڭلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ بوگۇنكى مۇھەببىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، باغاش ئەتتى، ئازاتنىڭ تار ئۇستىدە ئويناۋاتقان بارماقلىرى شەيتاننىڭ بارماقلىرىغا ئايلاندى! كەيپىيات يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، مۇڭ ئىچىدە مەست بولغان ئابۇشنىڭ ئاۋازى ھەممە ئاۋازنى بېسىپ چۈشتى. دېرىزىدىن كىرگەن مېھمان شامال ئۇلار توقۇغان گۈللەرنىڭ خوش پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ

مەھەللىگە چېچىشقا باشلىدى، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن پەسىل قۇشلىرى دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇلارنىڭ مۇڭلىرى ئابۇشنىڭ مۇڭلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى...

ھويلىدىن چىقىۋاتقان مۇڭلار مەھەللىنىڭ ئايىغىغىمۇ يەتتى، يۇلتۇزلار ئاستىدىكى قاراڭغۇ بەكمۇ سىرلىق ھەم جىمجىت ئىدى، مىڭ يىللىق قارىياغاچنىڭ ئۇستىدە ياشاۋاتقان پەسىل قۇشلىرى ئۇۋىلىرىدا ئازادە يېتىپ، قارىياغاچقا چاپلاشقان قاراڭغۇغا ئۆزلىرىنىڭ سىرلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى. جاھاندىكى ھەممە مەخپىيەتلىككە ۋەكىللىك قىلالايدىغان قاراڭغۇ جانلىقلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ساقلاپ سەتلىشىپ كەتكەندى، ئۇ بەزىدە شوكور ئىچىدە ئارام ئېلىۋاتقان بەندىلەرنىڭ چۈشىنىمۇ قالايمىقان قىلىپ قويياتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن ئادەملەرگە خۇشاللىق، پۇرسەت بېرەتتى، سەتچىلىك ئىچىدىكى گۈزەللىكنى ئالەمگە چېچىپ تۇراتتى...

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئابۇش بىلەن ئازات ئولتۇرغان يېرىدە سوزلەپ مۆگدەپ يېتىپ قالدى، ئارقىدىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەركىن ئەيسا مەنتەڭگە ياردەملىشىپ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. دېرىزە ئالدىدا قاراپ تۇرغان قاراڭغۇ ئابۇش بىلەن ئازاتنىڭ خورىكىگە باھا بېرىۋاتاتتى.



# 3

ئەيسا مەنتەڭ سەھەر تۇرۇپ چايغا تەييارلىق قىلدى، ئۇ ناشتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابۇش بىلەن ئازاتنى ئويغاتتى. ئۇلار باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، داستىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئاخشام ئاشقان نان - پان، گۆشلەر بىلەن ناشتا قىلدى.

— گۆشلەر سوۋۇپ شۇنداق ياخشى بولۇپ قاپتۇ، بىرەر رومكىدىن ئىچىشىۋالامدۇق - يا؟ — دېدى ئەيسا مەنتەڭ ئازاتقا قاراپ.

— خۇدايىم توۋا دە، ئاداش، يەنە هاراقنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىنا، سېنى هاراق چىشلىۋاپتۇمۇ - يا؟ — دېدى ئازات.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەمدى ئەتىگەندە يەنە كۆڭلى تارتامدۇ دەيمەنغۇ! — دېدى ئەيسا مەنتەڭ.

— «ئويىنىساڭ تۇزۇك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن» دەپتىكەن، ئەمدى بولدى ! — دېدى ئازات.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تالادا بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەركىن ئەيسا مەنتەڭگە قارىدى.

— ئەيساجىنىكا، سېنى بىرى توۋلاۋاتامدۇ - نېمە؟ — دېدى ئەركىن دېرىزە تەرەپكە قاراپ.

ئەيسا مەنتەڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا كان ئىشخانىسىدا كاتىپلىق قىلىدىغان نىجاتنى باشلاپ كىردى.

نىجات سالام قىلىپ ئۆيگە كىردى، ئۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئابۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئەركىن

نىجاتقا چاي قۇيۇپ بەردى.

— چاي ئىچە، ئاداش، — دېدى ئەركىن.

— رەھمەت، — دېدى نىجات كۈلۈپ، ئۇ كۈلسە كاماك چىشلىرى ئۇنى بەك سەتلەشتۈرۈۋېتەتتى.

— چاي ئىچە، ئۇكا، ئەتىگەندە بۇياققا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇغۇ؟ مەھەللىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتامسەن ـ يا؟ — دېدى ئەيسا مەنتەڭ چاقچاق قىلىپ.

ھەممە نىجاتنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— باشلىق ئابۇشنى ئىزدەۋاتىدۇ، سۈرۈشتە قىلسام، سېنىڭ ئۆيۈڭدە دېدى، شۇنىڭ بىلەن باشلىقنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى نىجات.

— بەك ياخشى كېلىپسەن، ئۇكا! دەسسىگەن يېرىڭدىن گۈل ئۈنسۇن، ئۇكا، مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىرمۇ كىچىك ماشىنا توختاپ باقمىغان، مانا ئەمدى مەھەللىدە خېلى ئابرۇيۇم بولىدىغان بولدى، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ.

— جامائەت تەسىرلىنىپ كېتىپ، چىقىرىشماق قىلىپ خوتۇن ئېلىپ بەرمىگىيدى، ئاداش، ساڭا، — دېدى ئازات چاقچاق قىلىپ.

— خەق ئېلىپ بەرگەن خوتۇن ئاش بولمايدۇ دېگىنە، ئاداش. خوتۇننى ئۆزۈم ئالىمەن.

— سەن ماڭا ياخشى كۆمۈر ئېلىپ بەرسەڭ بولدى دېمەمسەن، ئەيساجىنىكا؟ — دېدى ئەركىن كۈلۈپ.

— شۇنداق، ئۇكام، ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ، — دېدى ئەيسا مەنتەڭ كۈلۈپ، — خوش، نىجات ئۇكا، باشلىق دېگىنىڭ ئاشۇ ئەرشىدىن بوڭبوڭما؟

— شۇ ئەرشىدىنكام، بىزنىڭ كۆمۈر كانىنىڭ باشلىقى! — دېدى نىجات.

— بىزنىڭ باشلىقنى ئەرشىدىن بوڭبوڭ دەيدىكەنسەندە! —

دېدى ئازات.

— كىچىك ۋاقتىمدا ئۇسۇرغاق نەرسىتى ئۇ، ساناپ تۇرۇپ ئۇسۇرۇپ ئويىنايتتى، ئەللىكنى ئۇسۇرىمەن دەپ ئەللىكنى ئۇسۇرالايتتى، بىز ئۇنىڭغا «بوڭبوك» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان، — دېدى ئەيسا مەنتەك.

— ئەرشىدىنكامغا دەيمەن، — دېدى ئابۇش قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ، ئۇكا، مۇشۇنداق سورۇنلاردا، بولۇڭ - پۇچقاقلاردا بولۇنغان گەپلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا باشلىقىڭغا يەتكۈزۈپ تۇرساڭ، تېز ئۆسۈپ كېتىسەن! — دېدى ئەيسا مەنتەك.

— بىرمۇنچە گەپ قىلىۋەتتىڭ، ئاكا، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا «تېز ئۆسىسەن ئۇكا» دېسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— مەن سەندەك شائىر ئەمەستە، ئۇكا !

— سېنىڭ يېشىڭ ئەرشىدىن باشلىق بىلەن تەڭمۇ؟ — دېدى ئازات.

— تەڭ !

— ئۇ كانغا باشلىق بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن سەن يەنە قوتۇر تراكتورۇڭدا كۆمۈرچىلىك قىلىۋاتىسەنغۇ؟ ! — دېدى ئازات.

— ئۇ ئاداش ئوقۇدى ئەمەسمۇ!

— سەنمۇ ئوقۇساڭ بولماسمىدى؟

— ئۆز ۋاقتىدا دادام ئوقۇساڭ باشلىق بولىسەن دېگەن بولسا چوقۇم ئوقۇيتتىم...

— مېنىڭچە، ھەممە ئىش ئوقۇغاندىن بولمايدۇ جۇما! — دېدى ئەركىن.

— كاندا بىرەر ئىش بوپتۇما؟ — دېدى ئابۇش ئىجاتقا قاراپ.

— باشقا ئىش يوق، باشلىق ئاخشام سىېنى ئىزدەپتىكەن،

ئۆيگە ئادەم ئەۋەتىپ تاپالماپتۇ، ئەتىگەندىلا مېنى تېپىپ كەل دەپ بۇيرۇدى، مۇھىم بىر ئىش بار دەيدۇ، — دېدى نىجات.
— خوتۇن ئېلىپ بېرەمدۇ تېخى، — دېدى ئەيسا مەنتەك.
— خوتۇن دېگەننى دادىسى ئېلىپ بەرمەمدۇ! — دېدى ئازات.
— شائىر دېگەننىڭ مىجەزىنى بىلمەيسەن، دادىسى ئېلىپ بەرگەن خوتۇننى سۆيمەيدۇ بۇ خەق، ئىلھامى كېلىپ قالسا ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، «ئاھ، مېنىڭ چېچەكسىز ئۆتكەن ياشلىق باھارىم» دەپ شېئىر ئوقۇپ يىغلايدۇ بۇ خەق، — دېدى ئەيسا مەنتەك.
ھەممە ئادەم كۈلۈپ كەتتى.
ئازات داستىخانغا دۇئا قىلدى، مېھمانلار ھويلىغا چىقتى، ئازات ئابۇشنى بىر چەتكە تارتىپ:
— ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا ماڭا دە ئۇكا، كۆمۈر دېسەڭ كۆمۈر، پۇل دېسەڭ پۇل، مانا مەن بېرىمەن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، كاندىكى كۆمۈرلەرنىڭ سانى يوق، ئۇكا. سان مېنىڭ ئاغزىمدا، مەن نېمە دېسەم شۇ. دۈشەنبە كۈنى كانغا نەتىجە يوللىغاندا ساننى مەن بېرىمەن. ئەرشىدىن دېگىنىڭمۇ قۇدۇقنىڭ ئىشىنى بىلىپ بولالمايدۇ، ماڭا ئىشەن، ماڭا يۆلەن ھەم مېنىڭ ئىشلىرىمنى راۋان قىل، ھەرقانداق ئىشىڭنى ئۆزۈم پۈتتۈرۈپ بېرىمەن...، — دېدى.
— رەھمەت ئازاتكا، رەھمەت، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.
ئازاتنىڭ گېپى ئۇنىڭغا بەك ياقتى. ئابۇش تالاغا چىقىپ، نىجات بىلەن ماشىنىغا چىقتى.
— ئازاتكا، سىلەرمۇ ماشىنىغا چىقىڭلار، باشتا سىلەرنى قۇدۇق بېشىغا ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى ئابۇش.
— رەھمەت ئۇكا، كۆڭلۈڭگە رەھمەت، مەن كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرسام كاسام ئاغرىيدۇ، — دېدى ئازات.
ئابۇش كۈلدى، شوپۇر ماشىنىنى قوزغىدى. ئابۇش كانغا قايتىپ بېرىپ، ئەرشىدىن باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— مانا، بىزنىڭ شائىر كەلدى، — دېدى ئەرشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ئابۇشقا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى.
— مېنى ئىزدەپتىكەنسىز ئەرشىدىنكا، — دېدى ئابۇش.
— شۇنداق ئۇكا، بىر مۇھىم ئىش بار ئىدى. ھە، ئەتە - ئاخشاملىرى ئۆيگە قايتمايۋاتامسەن؟
— تۇنۇگۈن ئەيساجىنىكامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان، بەك مەرەپ ئارام بەرمەيۋاتقان بىر قويى بار ئىكەن، شۇ قويىنى يەۋەتتۇق، — دېدى ئابۇش.
— ئەيساجان؟ ئەيسا مەنتەڭما؟ — دېدى ئەرشىدىن.
— ھەئە.
— ھە، ئەيسا مەنتەڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپسىلەردە، بىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئەسلىي لەقىمى «ھېسسىيات» بولىدىغان، كېيىن بالىلار ئۇنىڭ لەقىمىنى «مەنتەڭ» گە ئۆزگەرتىۋەتكەن، ھە ئۇنىڭ بۇ لەقىمىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ئەرشىدىن كۈلۈپ.
— ياق، بىلمەيمەن...
— ئەمىسە مەن ساڭا ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي: ئۇ يىللاردا ئەيسا مەنتەڭ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كۆمۈرچىلىك قىلاتتى، بىر كۈنى ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەرگە كۆمۈر ئەكىرىپتۇ، كۆمۈرنى سېتىپ بولۇپ، ياشلار مەيدانىنىڭ قېشىدىكى بەشىنچى ئاشخانىغا كىرىپ لەڭمەن يەپتۇ. ئۇ يىللاردا ئاشلىق بېلىتى بولمىسا ئاشخانىلاردا تاماق ئالغىلى بولمايتتى. ئۇ ئاداش تاماق يەۋېتىپ كاسسىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ، ئۆزى بىر ئۆمۈر خوتۇنغا تويمىغان نەرسە - ھە، كىچىكىدىن باشلاپ كۆرگەن قىزلارغا قاش ئېتىپ يۈرىدىغان، پالانى خوتۇن ئاپتۇ دېسە، مارايمىز دېسە، مارايمىز دەپ، لالما ئىتتەك تاڭ ئاتقۇچە خەقنىڭ دېرىزىسىدىن نېرى كەتمەيدىغان نەرسە ئىدى، چوڭ بولۇپمۇ مۇشۇ قىلىقىنى تاشلىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ھارۋىكەش ئاغىنىسىگە ئاشۇ كاسسىر قىزغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئاداش، توغرىلاپ

باقايمىكىن» دەپتۇ، ئاغىنىسى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، بىر گەپ قىلىپ باق، قولغا چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپتۇ، ئەمەلىيەتتە ئەيساجاننىڭ كىيىۋالغىنى كۆمۈر توشۇيدىغان ئەسكى چاپان، يۈز - كۆزلىرى قارا، ئۇ قىز ئۇنىڭغا قارايدۇ دەمسەن، ئەخمەقتە! شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاداش ئاستا مېڭىپ كاسسىر قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ: «خېنىم، سىلىنىڭ مۇشۇ ئاشخانىدا ئاشلىق بېلىتى ئالمايدىغان قانداق تاماق باركىن؟» دەپتۇ، قىز ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەسكىنىپ، باشقا يەرگە قاراپ تۇرۇپ: «مەنتەك بار» دەپتۇ، بۇ گەپنى ئۇ ئاداشنىڭ ئاغىنىسى ئاڭلاپ قالغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدە تېز تارقىلىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى ئەيسا مەنتەك دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ، — دېدى ئەرشىدىن.

ئابۇش كۈلدى.

— مەن بۇ گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرى جىق، مەن ساڭا ئاستا - ئاستا سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ئەرشىدىن، — ھە، ئۇكا، شۇنداق قىلىپ ئەيسا مەنتەكنىڭ توپىغا قوشۇلۇۋالدىڭما؟

— ياق، ئازاتكامنى چاقىرىپتىكەن، بىللە بارغانىدىم.

— ھە مۇنداق دە، بىللە بارغىنىڭ ياخشى بوپتۇ، بىراق، سەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ قالايمىقان ئىشلارغا شېرىك بولۇپ قالساڭ، ئۇزۇڭگە ئۇزۇڭ قىلىپ قويىسەن، سەندە ئۈمىد بار، ئۇكا. سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يۇندىغا چىلىساڭ بولمايدۇ، قىلىۋالدىم، ئېيتىۋالدىم دەيدىغان جاھان ئەمەس بۇ، ئەگەر سەن مۇشۇ يولغا چۈشۈپ قالساڭ، ئاخىرقى ھېسابتا ساڭا ئۇلارنىڭ جىنى چاپلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن بىر ئۆمۈر قالايمىقان ياشايدىغان بولۇپ قالىسەن، مىجەزىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ... ئەيسا مەنتەكگە قارا، بەش مەھەللىدە بەش بالىسى بار، ھاڭگا ئېشەك تەخىيگە ئىگە بولماپتۇ دېگەندەك، ئۇ ھېچقايسى بالىسىغا ئىگە بولغان ئەمەس. بالاڭغا قاراپ قويساڭ بولمامدۇ دېسەم، كىم تۇغقان

بولسا شۇ باقمامدۇ، دەيدۇ...

— سىزگە بىرى خاتا مەلۇمات بەرگەن ئوخشايدۇ، ئەرشىدىن ئاكا، ئاخشام چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، بىر خوتۇننىڭ ئىككى قۇلاقلىق چوڭ قازىنىدا قايناۋاتقۇدەكمەن، قورقۇپ ۋارقىراپ كېتىپتىمەن، بىردەمدىن كېيىن بىر ئورۇق، ئېگىز قىپقىزىل خوتۇن قازاننىڭ قېشىغا كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، ئۇ خوتۇن ماڭا مەن ئاشۇ قازان ئىگىسىنىڭ جىنى، بىز ئايال جىنلار ئەر جىنلارنى ياخشى كۆرىمىز، شۇڭا مەن سىزنى قۇتقۇزۇۋالدىم، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇدەك... مانا ئەمدى ئويغۇمدا سىزدىن ماۋۇ تۆھمەتنى ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى ئابۇش چاندۇرماي.

— سەن دېگەن شائىر، ئۇكا، گەپكە ئۇستا، ئىشقىلىپ ئاز دېگەندىمۇ بىرىڭلارنىڭ بەش - ئون تىلى بار، مەن بولسام مۇشۇ كاننىڭ باشلىقى، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا پۇختا، ئەگەر مەن مۇشۇ كاننىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا بولۇۋاتقان چوڭ - كىچىك ئىشلاردىن خەۋەردار بولالمىسام، مەن بۇ ئورۇندا بىر كۈنمۇ تۇرالمايمەن، سەن تېخى توي قىلمىغان يىگىت، ئۇنداق ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارت، — دېدى ئەرشىدىن.

«بۇ ئاداشقا كىم دەپ قويغاندۇ بۇ ئىشنى؟ ئاخشام بىرى ماربدىمۇ - يا؟» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— خوش ئۇكا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، سېنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن چاقىرتقاندىم، ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئىدى، خەۋىرىڭ بار ئۇكا، قىزىم تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى، شەھەرلىك يۇك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرساق دېگەن يەرگە كەلدۇق، بىراق بۇ ئىشقا ئۆزۈم بىۋاستە ماڭسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، يەيدىغان - ئىچىدىغان، گېلىغا ئۆرىدىغان ئىشلاردا ئۆزۈڭ بولمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشسام، ئۇلار مەندىن تەپ تارتىپ قالىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە

پۈتىدىغان ئىش پۈتمەي قالىدۇ، شۇڭا مۇشۇ ئىشقا ئۆزۈڭ ماڭساڭ، — دېدى ئەرشىدىن.

— ھە، مۇنداق ئىش ئىكەندە، — دېدى ئابۇش.

— قانداق دەيسەن، ئۇكا؟

— چاتاق يوق، ئاكا، باش ئۇستىگە، يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىكى ئەزىزكام بىلەن كۆڭۈلمىز يېقىن، ئۇ زاۋۇتتا ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل، يۇزى بار ئادەم، ئۆزۈڭدىن بېرى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاكا ئاغىنە بولۇپ ئۆتتۈۋاتىمەن، كۆمۈر دېسە كۆمۈرنى ھەل قىلىپ بېرىۋاتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم پۈتتۈرىمەن، — دېدى ئابۇش.

— مەنمۇ سېنى ئەزىز بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى دەپ بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇرغۇم كەلدى، ئۇكا. ئەلۋەتتە بۇ ئىشقا پۇل كېتىدۇ، مەن ئازاتقا دەپ قويىمەن، پۇلنى ئازاتتىن ئالىسەن. قىزىمنى يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىگە ئورۇنلاشتۇرارسىلەر، — دېدى ئەرشىدىن.

— باش ئۇستىگە، ئەرشىدىنكا، — دېدى ئابۇش.

— يەنە بىر گەپ بار ئۇكا، بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنما، بولمىسا كوچىلايدىغانلار جىق چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى ئەرشىدىن.

— باش ئۇستىگە، ئەرشىدىنكا، — دېدى ئابۇش.

ئابۇش ئەرشىدىن بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى، ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇپ ئۆزۈنغىچە ئارام ئالدى، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

«ئەتە دەرھال ئەزىزكام بىلەن كۆرۈشسەم بولىدىكەندە» دېدى ئۇ ئىچىدە.

ئابۇش ئىشخانىسىدىن تالاغا چىقىپ، ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كىچىك ماشىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى،

يېنىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. بۇ ماشىنىنى ئادەتتە ئۇلار دۆڭنىڭ ئاستىدىكى قۇدۇقلارغا بارغاندا ئىشلىتەتتى، ئۇ ماشىنىنى قوزغاپ، كان ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ دۆڭدىكى بازارغا كەلدى، ماشىنىنى توختىتىپ قويۇپ، ئەسەت نېسىنىڭ قاۋىقىغا كىردى.

— مانا، مانا، بىزنىڭ شائىر بىرىنچى خېرىدار بولۇپ كىردى، — دېدى ئەسەت نېسى كۈلۈپ.

— پاچاقلىرىڭ تەييارمۇ، ئەسەتكا، — دېدى ئابۇش.

— تەييار ئۇكا، تەييار، كېچىچە قايىندى ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ساپ تونۇش قويلارنىڭ پاچاقلىرىنى پىشۇردۇم دېگىنە ئۇكا، بەك يۇمشاق پىشتى. ھە، بەشنى كەلتۈرەمدىم، ئونىنمۇ؟

— بەشنى، ئاكا، — دېدى ئابۇش.

ئەسەت نېسى چوڭ ئاق جاۋۇرنىڭ ئىچىدىن قوي پاچىقىنى ئالدى - دە، تەخسىگە سېلىپ ئابۇشنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ئەتىگەندە يۈز گرام قېقىۋالامسەن؟

— ياق، ئاخشام جىق ئىچىپ قويغان گەپ.

— شۇ، — دېدى ئەسەت نېسى كۈلۈپ.

«پاچاق يېگەچ بۇ قېرىنى بىردەم گەپكە سالامدىمۇ؟» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— ئەسەتكا، سەن جىق ئىش كۆرگەن ئادەم، مەن سەندىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: مۇشۇ قىزلار ئىچىدە قارا قىز ياخشى بولامدۇ ياكى ئاق سېرىق قىز ياخشى بولامدۇ ؟ — دېدى ئابۇش بىر پاچاقنى ئاغزىغا سېلىپ.

— ئوغۇل بالا، مانا ئەمدى مەن ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن: خوتۇن ئالاي دەپسەندە، ئۇكا! ھە، ئامال بار قارا قىزنى تاپ، قارا قىزلارنىڭ ئىچىدىن ۋىجدانلىقلىرى جىقراق چىقىدۇ، ساغلام بولىدۇ، ئۇرۇپ - تىللاپ سالساڭمۇ ئاسانلىقچە ئۆينى تاشلاپ كېتىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا قىزلار ئېغىر - بېسىق

بولىدۇ، كوتۇلدىمايدۇ، ئۇلار ئادەتتە تاماقتا تۇزنى كۆپرەك سالىدۇ، ئەتكەن تامىقىنىڭ تەمى ئاغزىڭدا قالىدۇ، ئۆزىمۇ رازى، سەنمۇ رازى بولىسەن. قىسقىسى، ئۇلار سېنىڭ بېشىڭنى ئاغرىتمايدۇ، شەرەتنى بىلىدۇ، قىزنىڭ ئىچىدە قىز بار، ئۇكا، بەزىلىرى شەرەت بىلىدۇ، بەزىلىرى بەك ئېغىر ياشايدۇ، بەزىلىرىنىڭ مىجەزى يېنىكرەك. مىڭ ئادەمنىڭ مىجەزى مىڭ ياڭزا بولىدۇ، ئۇكا. قارا قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئادەمنى سۆزلىتىپ قويىدىغانلىرى بار، بىراق ئاز. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئوخشاشمايدۇ، بەزىلىرى پولۇغا ئامراق، بەزىلىرى ئۇچ ۋاخ شالاقلىتىپ ئۇگرە ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. تەس، سىناشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. هازىر باللار مۇهەببەت دېگەن بىرنەرسىگە ئېسىلىۋاپتۇ، بۇرۇن يوق گەپتى بۇ، خوتۇن دېگەننى ئالداپ ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك، ئۇنىڭغا سىر بەرسەڭ بولمايدۇ، مۇهەببەت دېگەن نەرسە خوتۇنغا سىر بەرگۈزۈۋېتىدۇ ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە چىرايىمۇ بەك مۇهىم، لېكىن ئەڭ مۇهىمى ئۇنىڭ قىلىقى. قىلىقى ساغلام بولمىسا، ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. چىراي بولسا كۆز ئالدىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتۇپ كېتىدىغان كېپىنەكتەك بىرنەرسە ئۇ، ئۇنىڭغا ئاسانلا تويۇپ قالىسەن، ئەگەر ئاشۇ كېپىنەك يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا بىر سائەتنىڭ ئالدىدىكى كۆز بىلەن ھەم قىزىقىش بىلەن قارىمايسەن. ئادەم ھەممە نەرسىدىن زېرىكىدۇ، لېكىن ياخشى مىجەزدىن زېرىكمەيدۇ. سەلەي زەمبىلنى بىلىسەن، كان ئاستىدا كۆمۈر چۈشۈپ كېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى، خوتۇنى نېمە قىلىۋاتىدۇ، بىلەمسەن؟ باللىرىنى تاشلاپ قويۇپ كېچىلىرى ئۆيگە كىرمەي يۈرىدۇ. بىر ئەر ئۈچۈن بۇ ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كۈن، ئۇكا. سەن باشقا ئادەمگە ئوخشىمايسەن، سەن ئوقۇغان، بۇ ئىشقا كەلگەندە ياخشى ئويلاشمىساڭ بولمايدۇ...

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭدە، ئاكا! — دېدى ئابۇش ئەسەت نىسنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— خوتۇن دېگەننى ئالدىراپ ئالمايمىز، ئۇكا. ئالماقچى بولغان قىزنىڭنى بىر يەرگە ئاپىرىپ بەش - ئون كۈن بىللە تۇرۇپ مەشىق ئۆي تۇتۇپ باقىسەن، بۇنىڭدا ئۇنىڭ مىجەزى، قىلىقلىرىنى بىلىپ قالىسەن. خوتۇن ئېلىش بازاردىن مال ئالغانغا ئوخشاش، تاللاپ تۇرۇپ ئالىسەن ئەمەسمۇ! يارىغىنىنى ئالىسەن ئەمەسمۇ! قىزلارنى سىناشتا ئاشۇ كۆڭلەك - پۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋېتىپ سىنىمىساڭ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مىجەزىنى بىلىپ بولالمايسەن، بەزى قىزلارنىڭ لەۋلىرى، گەپ - سۆزلىرى شۇنچە چىرايلىق، بوينىنى قايرىپ سۆيسەڭ، تېنى بەك سېسىق پۇرايدۇ جۇما، دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ، ئىش تولا، ئۇكا، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ئاڭلىسام مۇشۇ كۈندە تۇغماس قىزلار كۆپىيىپ قاپتۇ، ئەسەتكا، بۇنداق قىزلارنى چىرايىدىن قاراپ بىلگىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئابۇش ئەسەت نېسىنى داۋاملىق گەپكە سېلىپ.

— كۆزىدىن بىلىسەن، ئۇكا. كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىساڭ، كۆزىنىڭ قارىسىنىڭ ئەتراپى كۆكۈچ كېلىدۇ، ئادەمگە سوغۇق تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنداق قىزلارنىڭ كۆزى ئىتتىك بولىدۇ، يول ماڭغاندا چوڭ - چوڭ چامداپ ماڭىدۇ، قوللىرىنىڭ بارماقلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، قاشلىق كېلىدۇ. سەن ئەقىللىق بالا، خۇدايىم بۇيرۇسا ساڭا بېرىدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن ئاسماندىكى يولتۇز بىلەن دوست بولغۇلۇق، ئۇكا...

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى...

— پەيزىڭ بار، ئاكا، بىلمەيدىغان ئىشىڭ يوق جۇمۇ سېنىڭ، بىر زامانلاردا سەن تۇغۇت ئانىسى بولۇپىمۇ بېقىپسەنكەن، راستمۇ؟ — دېدى ئابۇش ئەسەتنى كۈلدۈرۈپ.

— توۋا دە، ئۇكا، كاندا خوتۇن كىشىنىڭ بېشىنى بېقىپ قويۇپ جان باقىدىغان كوتكوتلارنىڭ تېپىۋالغان گېپى بولمامدۇ بۇ، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — شۇ ئارىدا مەتنىياز كېتەلمەيدۇ

ھاسىسىغا تايىنىپ سالام بەرگىنىچە قاۋاقتا كىرىپ كەلدى، ئەسەت نىسى بىلەن ئابۇشنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئابۇش ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئەسەت نىسى ئۇنىڭغا پىيالىدە چاي قۇيۇپ بەردى.

— بۈگۈن قانداقراق تۇرۇپسەن، مەتنىيازكا؟ چاي ئىچ، — دېدى ئەسەت نىسى.

— يامان ئەمەس، ئۇكا، مىجەزىم گاڭدەك تۇرۇپتىمەن! — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ سارغىيىپ كەتكەن كوماك چىشلىرىنى يىرىپ.

— بۇ يىل سەكسەن ياشقا كىرگەنسەن، مەتنىيازكا؟ — دېدى ئابۇش.

— ئەسەت، ماۋۇ بالىغا گەپ قىلە، ئۇكا، سەكسەن ياش دېگەن نېمە ئۇ، سەكسەن بەش ياشنىڭ گېپىنى قىلە، ئۇكا. قاچانقى ئادەم بىز، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— كېتەلمەي قالغان ئادەم بىز دېمەمسەن، مەتنىيازكا! — دېدى ئەسەت نىسى قىزىقچىلىق قىلىپ.

— نىسچىلىقتا مۇشۇنداق بولىدۇدە، ئۇكا، ئەمدى، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭدە، ئاكا - ھە! چىشلىۋالغانمۇ - يا؟ — دېدى ئۇ ئابۇشقا قاراپ.

— ئۇنداق ئەمەس، ئەتىگەندە قوينىڭ پاچىقىنى سىغىنىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى ئابۇش.

— ئىككىمىزگە يۈز گرامدىن ئىككى يۈز گرام قۇيە ئەيسا! — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى»دىن ئىچىسەن ھەقىچان؟

— مېنىڭ نېمە ئىچىدىغىنىمنى بىلىسەنغۇ، پاچاقتىن بەشنى...

ئەسەت نىسى يۈز گراملىق ئىستاكاندىن ئىككىنى ئېلىپ لىق ھاراق قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بۈگۈن مەن خىزمەت قىلىمەن، ئۇكا، هاراقنى قولۇڭغا ئاله، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئابۇشقا قاراپ.

— مەن... مەن... ئەتىگەندە هاراق ئىچمەيتتىم، مەتنىياز ئاكا...

— ماۋۇ يېتىمنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا، سەنمۇ كانلىقما؟! هاراق دېگەننى چۈشتە ئىچىمەن، كەچتە ئىچىمەن دەيدىغان نەرسە ئەمەس بۇ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە كوملا قىلىپ قالىمىز، كۆتۈر ئىستاكاننى، مەن بۈگۈن بار، ئەتە يوق ئادەم مەن...، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ هاسىراپ، ئۇ قولىدىكى هاراقنى كۆتۈرگىنىچە ئاغزىغا قۇيۇۋەتتى.

— مەتنىيازكام دېگەن نوچىنىڭ نوچىسى جۇما؟! — دېدى ئەسەت نېسى.

«ماۋۇ قېرى ئۆلەي دەپ قالغان ئادەمگە خۇشامەت قىلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟!» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

ئابۇش قولىغا قىرلىق ئىستاكاننى ئالدى، ئۇ هاراققا قارىدى، هاراق ئويۇنچى خوتۇننىڭ كۆزىدەك خۇنۇك ئىدى، ئۇ هاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— مانى ئاغزىڭغا ساله، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ بىر پاچاقنى ئابۇشقا تەڭلەپ.

— رەهمەت، ئاكا، — دېدى ئابۇش پاچاقنى قولىغا ئېلىپ.

ئابۇش قولىدىكى پاچاقنى يەپ بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ مەتنىياز كېتەلمەيدۇغا قارىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بىچارە ئاشقازىنىم شۇ تاپتا «ماۋۇ لاتا ئىگەم يەنە ئىچتى» دەپ مېنى تىللاۋاتىدۇدە؟ — دېدى ئابۇش.

— ئاشقازاننىڭ تىللىغىنىدىنمۇ قورقامسەن، ئۇكا، مېنى مۇشۇ كان بويىچە تىللىمىغان ئادەم قالغانما؟ مەن يەنە ياشاۋاتىمەنغۇ! — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— سەن يۇرتۇڭغا كېتەلمىگەندىكىن مۇشۇ يەردە ياشايسەندە ئاكا، — دېدى ئەسەت نېسى چاقچاق قىلىپ.

— هەر يىلى باھاردا ئېچىلغان گۇللەرنى كۆرۈپ يۇرتۇمغا كېتىمەن دەيمەن، بىراق شۇ كېتەلمەيمەن، توپىسى بەك ئېغىر كانكەن بۇ، ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتەلمەيدىكەن، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— پارچە پۇلۇڭ يوق يولغا چىقالمايۋاتىسەندە شۇ، يا تارتىشمىدىغان خوتۇن ـ باللىرىڭ بولمىسا سېنىڭ، — دېدى ئەسەت نېسى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلما، ئۇكا. پۇلغا كۆمۈۋېتىمەن، ئۆز ۋاقتىدا ئاكاڭ قارىغاي خەنزۇ بازىرىدا ئالتۇن خەجلەپ ياشىغان، ئۇ يىللارنى سەن چۈشۈڭدىمۇ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيسەن... يەنە ئەللىك گرام قۇيە! — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇگۈن ئەللىك گرامنى كۆپ ئىچىپ قويىدىغان بولدۇڭدە، ئاكا! — دېدى ئەسەت نېسى قولىغا بىر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ. ئۇ پەشتاختىن چىقىپ، مەتنىياز كېتەلمەيدۇنىڭ ئىستاكانىغا ئەللىك گرام هاراق قۇيۇپ بەردى.

مەتنىياز كېتەلمەيدۇ ئالدىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— مەتنىياز ئاكا، سورىمايدىغان گەپتى، شۇنداقتىمۇ سوراپ باقاي، مەن بولسامۇ سېنىڭ بىر ئىشىڭنى بىلىپ قالاي، سەن ئۆز ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن خوتۇن ئالمىغانىدىڭ؟ ئاغىنىلىرىڭدىن سورىسام، ئۇنىڭ دەسمايىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوغرى مۇشۇك يەپ كەتكەن دەيدۇ، راستىما؟ — دېدى ئابۇش ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— دەۋېرىدۇ ئۇ گۇيلار! ئاكاڭغا قىز يارىمىغان گەپ، بىر ئۆمۈر قىز تاللاپتىمەن، بىرەرىمۇ كۆڭلۈمگە يارىمىغان گەپ، ئۇكا، دۈشمەنلەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمە...

— سەن بىلمەيسەن، ئۇكام ئابۇش، مەتنىيازكاڭنىڭ نەزىرى

ئۇستۇن، ئۇ بىر ئۆمۈر پەرىدەك قىز ئالىمەن دەپ مەقسەتكە يەتمىگەن گەپ، — دېدى ئەسەت نېسى.

— ھەي، بىر نېسىنى ئىككى يەرگە يازىدىغان نېسى، سەن گەپنى ئاز قىل، پەرى دېگەن نېمە ئۇ! قولۇڭغا چۈشكەن قىزنىڭ ھەممىسى پەرى، ئۇنى ئۆزۈڭ پەرى قىلىسەن! خوتۇن خەقنىڭ كۆزىگە قارىساڭ قورسىقىڭدىكىنى بىلىسە بولدى، بۇ ھۈنەرنى سەن ئۆگىنىسەن ئۇنىڭغا! ھازىرقى خوتۇنلار خوتۇنما؟! ئېرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالىدۇ، خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ سايىسىدە ياشىمامدۇ؟! — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— ئەمىسە، ساڭا بۇ ئالەمدە خوتۇن تېپىلمىغۇدەك، ئاكا، — دېدى ئابۇش.

— تېپىلىپمۇ قالاتتى، ئۇكا، كېيىن ئىزدىمىگەن گەپ، مەن يىگىرمە ياش چېغىمدا خوتەندىن غۇلجىغا كەلگەن، كېيىن مۇشۇ كانغا چىقىپ ئىشلىدىم، بۇ يەردە ئاتمىش نەچچە يىل تۇرۇپتىمەن. ياش ۋاقتىمدا ئويۇن بىلەن بولۇپ كەتتىم، كېيىن خوتۇن ئېلىش خۇشياقمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بويتاق يۈردۈم، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى باھاردا گۈللەر ئېچىلغاندا يۇرتۇمغا كېتىمەن...

ئەسەت نېسى كۈلۈپ كەتتى.

— سەن ئەمدى كېتىمەن دېگەن گەپنى ئاز قىل، مەتنىيازكا، يۇرتۇڭنى بەك سېغىنىپ كەتكەن بولساڭ، بىر كېچىدە ئورنۇڭدىن تۇرۇپلا يولغا چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، بولمىسا كېتەلمەيدىغان ئوخشايسەن! — دېدى ئەسەت نېسى.

— كېتىمەن، ئۇكا، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى كېتىمەن، ئۆيۈمنى تۇرسۇن پوشكالغا ساتىدىغان بولدۇم، ئۆتكەندە ئەرشىدىن باشلىقتىن «يۇرتقا بارىمەن، يول خىراجىتىمنى بېرەمسىلەر، ئۇكا؟» دېسەم، «ئايروپىلاندا بېرىپ كەلسەڭمۇ بېرىمىز، ئاكا» دېدى، خۇشال بولۇپ قالدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا ئايروپىلاندا بارىمەن، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

— خوتەنگە ئايروپىلان ئۇچماس؟ — دېدى ئابۇش ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەسەت نېسى ئابۇشقا قارىدى، ئۇ «ياخشى» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سەن بىلمەيسەن، ئۇكا، سەن تېخى بالا، خوتەن دېگەن جەننەتتەك ماكان تۇرسا ئۇ، ئايروپىلان ئۇچماي قاغا ئۇچامتى! — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى، ئۇ مەتنىياز كېتەلمەيدۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى تورلىشىپ كەتكەن قورۇقلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. مەتنىياز كېتەلمەيدۇ ئۆزى قاملاشقان ئادەم ئىدى، ئۇزاق يىللىق ئېغىر ئەمگەك ئۇنى ئۆپكە كېسىلى قىلىپ قويغانىدى، ئۇ گەپ قىلسا دېمى سىقىلاتتى، شۇڭىمۇ ئۇ سۆزلەپ تۇراتتى، گەپ قىلىشقا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېچقانداق ھېسسىيات يوق ئىدى، كۆزلىرى لاي سۇدەك سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سارغايغان چىشلىرى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ نۇرلۇق ھەم نۇرسىز كۈنلىرىنى ئەسلىتەتتى. كەڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار مەھەللىدىن قودۇققا ئۇلىنىدىغان چىغىر يوللاردەك يېقىملىق ئىدى...

«نېمىدېگەن جېنى چىڭ ئادەم، مەن مۇشۇ ئادەمچىلىك ياشىيالارمەنمۇ؟» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— ئەسەت ئۇكا، مەن ماڭاي، يازە، قول قويۇپ بېرەي، ئايلىق چىققاندا ئالىسەن، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئابۇش يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئەسەت نېسىگە تەڭلىدى.

— ئابۇشنىڭ پۇلىنى ئالما، ئۇكا. بۈگۈن مەن خىزمەت قىلىمەن، ياشلار پۇللىرىنى قىزلارغا خەجلىشى كېرەك، ھاراققا خەجلىسە ھارام كېتىدۇ، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار ھېساباتنى تۈگىتىپ تالاغا چىقتى، ئابۇش ماشىنىنىڭ

قېشىغا كېلىپ، مەتنىياز كېتەلمەيدۇغا قارىدى ۋە:
— ئۆيگە كەتسەڭ ئاپىرىپ قويايما؟ — دېدى.
— ياق، ئۆيدە نېمە بار ماڭا، قېرىلار بىلەن كورت ئوينايمەن، — دېدى ئۇ.
— ئەمىسە مەن ماڭدىم، ساڭا رەھمەت، مەتنىيازكا !
— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئۇكا، — دېدى مەتنىياز كېتەلمەيدۇ.
ئابۇش ماشىنىنى ھەيدەپ ئىدارىسىگە كەلدى، ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشكىنى ئېتىۋېلىپ، كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئويغا پېتىپ كەتتى.
ئابۇش ئەتىگەن ئەرشىدىن باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەك روھلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇ كۆپ ئويلاندى، ئاخىرقى ھېسابتا بىر قارارغا كەلدى.
كەچتە ئابۇش ئازات بىلەن كۆرۈشتى.
— خوش، ئەرشىدىن باشلىق ساڭا بىرنەرسە دېدىمۇ، ئازاتكا؟ — دېدى ئابۇش ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— دېدى، ئابۇشقا مۇھىم بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم، پۇل دېسە پۇل، كۆمۈر دېسە كۆمۈر بېرىپ تۇرىسەن دەيدۇ...، — دېدى ئازات ئابۇشنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— ئەمىسە مەن ئەتە باشلىق ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى پۈتتۇرگىلى شەھەرگە كىرىمەن، ماڭا جىقراق پۇل جايلاپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ئابۇش.
— بېرەي ئۇكا، بېرەي. كان دېگەن قوۋۇرغىسى يوق لوق گۆش، يېگەنگە تۈگىمەيدۇ! بېرەي ئۇكا، مەندىن نېمە كېتەتتى. ئايدا ئىدارىگە يوللايدىغان مەھسۇلات كېمىيىدۇ شۇ! — دېدى ئازات.
— ئۇ يەرلىرىنى ئۆزۈڭ توغرىلايسەن، ئاكا، «موللامىنىڭ

ئىشىكىنى سۇغار، پۇلىنى ئال» دېگەن گەپ بار، باشلىقنى رازى قىلساق ئۆزىمىزنى رازى قىلغان بىلەن تەڭ، — دېدى ئابۇش.
— قانچىلىك بېرىمەن؟
— ئۆزۈڭ بىل!
— ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سولاشتۇرۇۋېتىدىغان گەپقۇ بۇ، مەن قورسىقىڭدىكىنى تاپىدىغان موللا تاپقاق بولغىيدىم، گەپ قىلە!
— يىگىرمە مىڭ يۈەن بەر، كۆمۈر بېلەتنى باشقا قۇدۇقتىن ئالىمەن.
— يىگىرمە مىڭ يۈەن دېدىڭما، ئۇكا؟ — دېدى ئازات كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، — بېرەي... ھۆججەت يېزىپ بېرىدىغانسەن!
— مەن خەت تونۇمايمەن، ئازاتكا! — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.
ئازاتمۇ كۈلۈپ كەتتى.
— شۇنداق، ئۇكا، سەن خەت يازالمايسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كاندا ئاتام زاماندىن تارتىپ ھۆججەت ئانچە ئىشلەپ كېتىدىغان يەر ئەمەس... مەن بېرەي ئۇكا، مەن بېرىپ كۆنۈپ كەتكەن ئادەم، مەن بەرمىسەم كىم بېرىدۇ؟ بىردەم تۇرۇپ ئەركىن ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ بەرسۇن، — دېدى ئازات.
— رەھمەت، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئازاتكا، قالغان ئىشلارنى كېيىن دېيىشىمىز، بۇ ئىشلارنى بىرەرىگە دەپ يۈرمە، ھەدىمىزگىمۇ سىر بەرمە، شەيتانغىمۇ گەپ قىلما، سىر ساقلا، — دېدى ئابۇش.
— خاتىرجەم بول، ئۇكا...
ئابۇش ئازات بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەركىن بىر قارا سومكىدا يىگىرمە مىڭ يۈەننى كۆتۈرۈپ ئابۇشنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.
— بىزنىڭ خوجايىننى بەك قويۇپ كېتىۋاتىسىلەردە، ئاداش، — دېدى ئەركىن.
— ئۆزۈڭ بىلسەڭ سۆزلەپ باقە، ئازاتكامنى قويغىلى

بولامدۇ؟ گەپنى ئاز قىل، ئاداش، قۇدۇقنىڭ ھېسابىنى ئىككىڭلاردىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ، كۆمۈرنى نەق پۇلغا ساتىسىلەر، سەن جېنىڭدا شەھەردىن ئىككى يەردىن قورۇ – جاي ئېلىپ بولدۇڭ، ئاشۇ پۇل ئەمەسما؟ — دېدى ئابۇش كولۇپ.

— ئىنغۇا، ئاداش، ئەپقاچتى گەپ، مېنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ تاپقان گېپى بۇ! — دېدى ئەركىن.

— شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، چوكان غىڭشىمىسا، يىگىت شىلتىڭ ئاتمايدۇ...

— شېئىر ئوقۇۋاتامسەن ـ قانداق، ئاداش؟ — دېدى ئەركىن كولۇپ.

— سېنى شېئىر بىلەن قايىل قىلمىسام چۈشەنمەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئابۇش كولۇپ.

— نېمە ئىشكەن ئاداش ئۇ؟ — دېدى ئەركىن ئابۇشنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— دېگىلى بولمايدۇ ئاداش، ئىش پۈتكەندە بىلىسەن! — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە خوش ئاداش، مەن قايتاي، ئەتە يەنە قاق سەھەردە قۇدۇق بېشىغا بارىدىغان گەپ، — دېدى ئەركىن.

ئابۇش ئەركىننى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەردە ئابۇش يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى تۆت يانچۇقىغا بۆلۈپ سېلىپ شەھەرگە كىردى – دە، ئۇدۇل يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا بېرىپ، ئەزىز بىلەن كۆرۈشتى.

— مانا، بىزنىڭ شائىر كېلىپ قاپتۇ ئەمەسما! ھە، ئەھۋالىڭ قانداق، ئۇكا، كان ئامانمۇ، يۇرت ئىچى تىنچلىقمۇ؟ — دېدى ئەزىز كولۇپ.

— خۇداغا شۈكۈر، تىنچلىق ئەزىزكا، ئۇزاق بولدى كانغا چىقمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئابۇش كولۇپ.

— ئالدىراش ئۇكا، بىر چىقىپ قونۇپ، شېئىرلىرىڭنى

ئاڭلاپ كېلەي دەيمەن، ۋاقىت چىقىرالمىدىم، بەش مىڭ ئىشچى بار زاۋۇتنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىمەك ئاسان ئەمەس ئىكەن، ئۇكا... «خوش - خوش دېگىنىڭىزدىن بىلدۇق، سارت ئىكەنسىز» دەپتىكەن، قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇغۇ، ئۇكا؟ سارجىنى پارچىلاپ ئالاي دەپ كىردىڭمۇ - يا، — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

— نېسىگە بەرسەڭ ئارزاق سارجا ئالاي دېگەن، — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.

— بۇ جاھاندا كۆمۈردىن باشقا نەرسىنى نېسى بەرمەيدۇ جۇما! — دېدى ئەزىز جاۋابەن چاقچاق قىلىپ.

— بىرىپمۇ قالار، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— چاقچاق، ئۇكا، چاقچاق. سىلەرنىڭ كۆمۈرۈڭلار بولمىسا بىزنىڭ نېمىمىز بولىدۇ دەيسەن، ئۇكا! بۇ شەھەرنى شەھەر قىلىۋاتقان نەرسە سىلەرنىڭ كۆمۈرۈڭلار ئەمەسمۇ، ياخشىنى ياخشى قىلىۋاتقان نەرسە سىلەرنىڭ ئاشۇ قارا ئالتۇنۇڭلار ئەمەسمۇ ئۇكا !

— ياخشى گەپ قىلدىڭ، ئاكا، — دېدى ئابۇش، — بىر مۇھىم ئىش بىلەن سىزنى ئىزدەپ كىرگەنىدىم، ئەزىزكا!

— ئەمىسە ئايرىم بىر يەردە پاراڭلىشىمىزما؟

— خەنزۇ بازىرىغا كەتمەمدۇق، بىرەر جىڭ ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئابۇش.

— ئىچىمىز دېسەڭ ئۇياققا ئۆتمەيلى، ئۇكا، «قىزىل بايراق» ماگىزىنىنىڭ قېشىغا بىر يېڭى رېستوران ئېچىلىپتۇ، ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرايلى، كۇتكۇچى قىزلىرى بەك چىرايلىق.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ رېستوران بىلەن خۇشۇم يوق، ئاكا، رېستورانغا كىرسەم هاراق ئىچەلمەيمەن، بەك ياخشى يەر ماڭا ياراشمايدۇ، قاۋاقتا دادۇر - پۇرچاقلار بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچسەك ياخشى ئىچىپ قويىمەن، خەنزۇ بازىرىدىكى ئاشۇ قاۋاقىلا كەتمەيلىما، ئەزىزكا؟ — دېدى ئابۇش ئەزىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— مېھمان دېگەن قويدەك ياۋاش دېگەن گەپ بار، ئۇكا. سەن ھەر قېتىم كەلسەڭ مەن دېگەن يەرگە مۇشۇنداق ئۇنىمايسەن ئەمەسمۇ!

— قاۋاقتا ئازادە ئوينىغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئەزىزكا!

— سېنى مېھمان قىلماق ئاساندە - ھە، ئۇكا، — دېدى ئەزىز، — ئەمىسە مەن ئىشخانىدىكى باللارغا دەپ قوياي، مېنى بۈگۈن ئىزدىمىسۇن.

ئەزىز ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئابۇشنى خەنزۇ بازىرىغا باشلاپ باردى، ئۇلار تۆت كوچىغا كەلگەندە ئەزىز ئابۇشقا قاراپ:

— قايسى قاۋاققا كىرىمىز، ئۇكا؟ — دېدى.

— ئۆستەڭ بويىدىكى «يېتىملار قاۋىقى»غا كىرمەيلىمۇ، ئاكا، — دېدى ئابۇش.

— ئۇ يەر بەك قالايمىقان، يېتىمەكلەر ئولتۇرغۇزمايدۇ ئادەمنى!

— ئاشۇنداق يەرنىڭ بەك پەيزى بولىدۇ، ئاكا، ھاراق دېگەننى قالايمىقان ئادەم بىلەن ئىچسەڭ، ئاچقان يەرگە بارىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— قىزىق گەپ قىلدىڭغۇ! ھاراقكەشلەرنىڭ ئالىمى بولۇپ كېتىپسەن جۇما، ئۇكا، بۇر ئەمىسە ئاشۇ تەرەپكە ماڭايلى، — دېدى ئەزىز.

ئابۇش دېگەن ئۆستەڭ بويىدىكى «يېتىملار قاۋىقى» مال بازىرىغا ماڭىدىغان يولنىڭ ئۇستىدە ئىدى، ئۇلار قاۋاقنىڭ ئىچىگە كىردى، ئۆستەڭ تەرەپتىكى تاملارغا قاتار يانتۇ تۇۋرۇك قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسى گەربىي تاختايدا مىخلانغان ئاددىي ئۇستەل ئىدى، ئىچەرمەنلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرلەردە ئولتۇرۇپ ئىچىشىۋاتاتتى. قاۋاقنىڭ ئىچى بەكمۇ سېسىق ئىدى، تاماكىنىڭ ئىسى قاۋاقنى بۇلغاپ بولغانىدى.

— كېلىڭلار مېھمانلار، خالىغان يەردە ئولتۇرۇۋېرىڭلار، —

دېدى خوجايىن ئۇلارنى قارشى ئېلىپ.

ئۇلار قاۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، ئابۇش ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئازادىلىك، خۇشاللىق پەيدا بولدى، ئەكسىچە ئەزىزنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى.

— سېنىڭ مۇشۇ يەرلىرىڭ بولمايدۇ، ئۇكا، پۇل خەجلەپ مۇشۇنداق يەرگە كىرەمدۇق؟! بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇكا، — دېدى ئەزىز قاپىقىنى تۈرۈپ.

— چۆجە خوراز بىلگىنىنى چىللايدۇ دېگەن گەپ بار، ئاكا، بىز مۇشۇنداق مۇھىتتا هاراق ئىچىپ چوڭ بولغان تۇرساق، نېمە ئامال بار دەيسەن، ئالىي رېستورانغا كىرسەك، بىرى بەدىنىمىزگە يىڭنە سانجىغاندەك ئولتۇرالمايدىكەنمىز ئەمەسمۇ! — دېدى ئابۇش.

— توۋا دەيمەن، ئەسكى چاپان كىيىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان يەركەن بۇ! — دېدى ئەزىز.

— ئۆزۈڭ ياخشى بىلىسەنغۇ ئاكا بۇ يەرنى...

— دەيمىنا.

خوجايىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— «ئىلى ئالاهىدە هارىقى» ئىچەيلى، — دېدى ئەزىز.

— بىزدە بۇنداق هاراق يوق، بۇ يەرگە ئۇنداق ئالىي هاراقلارنى ئىچىدىغان ئادەم كىرمەيدۇ، بىزدىكى ئەڭ ياخشى هاراق شۇ «كۈنەس هارىقى»، — دېدى خوجايىن.

— بار دەتتىكام دەپتىكەن، «كۈنەس هارىقى» مۇ بولۇۋېرىدۇ ئۇستام، پۇرچاق باردۇ؟ — دېدى ئابۇش.

— بار ئۇكا، خوشاڭمۇ بار، — دېدى خوجايىن.

— ئەمىسە ئىككى يۈز گىرام پۇرچاق، ئون خوشاڭ كەلتۈرەمسىز، ئۇستام؟ — دېدى ئابۇش.

— بولىدۇ، ئۇكا، — دېدى خوجايىن.

— بىزگە چاي قۇيۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۇستام، — دېدى

ئەزىز.

— قاۋاق دېگەندە چاي نېمىش قىلسۇن؟! — دېدى خوجايىن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەزىزنىڭ قاپىقى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتتى.

خوجايىن پەشتاختىا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئەزىز ئابۇشقا قارىدى.

— چاي بولمىسا قانداق قىلىمىز، ئۇكا؟

— چاينىڭ ئورنىدا پىۋا ئىچىمىز، ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بۇ يەردە چاي بولمىسا، — دېدى ئابۇش.

— سەنزە، ئۇكا، شەھەرگە كىرگەندىكىن ئاغزىمىغا قارىساڭ بولمامدۇ؟ ياخشىراق يەرگە كىرەتتۇق ئەمەسمۇ!

— ئوخشاش ئاكا، نەگە بارساق شۇ ئىچىدىغىنىمىز بىر شىشە هاراق.

خوجايىن هايال بولمايلا بىر قولىدا ئىسسىق خوشاڭ، بىر قولىدا پۇرچاق كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا هاراق ئېلىپ تىكلەپ قويدى.

— يەنە باشقا نەرسە كېرەكمۇ؟

— ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى ئەزىز، — توخۇمۇ بارمۇ؟

— بار، قانچىنى كەلتۈرىمەن؟

— ئوننى، — دېدى ئەزىز.

— بولىدۇ، پۇلنى قايسىڭلار تۆلەيسىلەر؟

— مەن، — دېدى ئەزىز، — ئۇ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇستامغا بەردى.

— بىرەر رومكا هاراق ئىچمەيلا پۇل دەيدا ماۋۇ ئاداش، — دېدى ئەزىز.

— قاۋاق دېگەن شۇ، ئاكا، — دېدى ئابۇش.

خوجايىن ئۇلار بۇيرۇتقان پىۋا بىلەن توخۇمنى ئەكىلىپ بەردى.

— ھاراقنى مەن قۇياي، ئەزىزكا.
— قۇيە ئۇكا، ئۆزۈڭنىڭ جەننىتىدە ئۆزۈڭ قۇيە، — دېدى ئەزىز.
— بۇ قاۋاق مېنىڭ جەننىتىمكەندە، — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.
ئابۇش رومكىغا ھاراق قۇيۇپ ئۆزى ئىچىۋەتتى، ئاندىن رومكىغا يەنە لىق ھاراق قۇيۇپ ئەزىزگە بەردى.
— بىرنېمە دېمەيلا ئىچىۋەتتىڭغۇ، ئۇكا، — دېدى ئەزىز.
— ئۆز ئادەم بولغاندىكىن بولىۋېرىدۇ، ئاكا.
ئەزىز رومكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى، ئۇ رومكىنى ئابۇشقا بېرىپ، قولىغا بىر تال پۇرچاق ئېلىپ ئاقلاپ ئاغزىغا سالدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابۇشقا قارىشىغا، ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئىچەرمەن كېلىپ ئولتۇردى ۋە:
— بىر چىرايلىق خوشاڭنى يېمەپسىلەرغۇ، — دېدى ئەزىزگە قاراپ قويۇپ. ئەزىز نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئىچەرمەن قولىغا بىر خوشاڭ ئېلىپ، پۈتۈنلا ئاغزىغا سالدى.
— خوشاڭ ئوخشاپتۇمۇ، ئاكا؟ — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.
— ئوخشىغىنىنى رەڭگىدىن قاراپ بىلمىدىڭما، ئۇكا، بېلىق كۆزى قىلىپ بىر رومكا قۇيە، — دېدى ئىچەرمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەزىزنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتتى، ئابۇش چاندۇرماي ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى، ئىچەرمەن ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ رومكىنى يەنە ئابۇشقا تەڭلىدى.
— جۇپ بولۇپ كەتسۇن ئۇكا، يەنە بىرنى قۇيە، — دېدى.
ئابۇش كۇلۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى.
ئەزىز پەشتاختىدىكى خوجايىنغا مەنىلىك قىلىپ قارىدى، ئىچەرمەن يەنە بىر خوشاڭنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، ئاندىن رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.
— ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ مىجەزى يوقمۇ ـ قانداق؟ چىرايى ئۇتتۇ ـ رۇۋەتكەن قىمارۋازنىڭ چىرايىدەك سەتلىشىپ كېتىپتۇغۇ! — دېدى

ئىچەرمەن ئاغزىدىكى خوشاڭنى چاپىنغاچ.

— بۇ ئاكامنىڭ ئەتىگەندىن بېرى چىشى ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئابۇش چاندۇرماي.

— كەينى - كەينىدىن ئۈچ رومكا هاراق ئىچىۋەتسە ساقىيىدۇ! — دېدى ئىچەرمەن، ئاندىن ئابۇشقا قارىدى، — مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، ئۇكا، يەنە بىر رومكا قۇيۇۋېتە.

ئابۇش كۇلۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يەنە بىر رومكا هاراق بەردى، ئىچەرمەن رومكىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ، يەنە بىر خوشاڭ ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كېلەي، ئۇكا، ئەمىسە ئەتە پاراڭلىشامدۇق ! — دېدى ئەزىز ئابۇشنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ماۋۇ ئاكىمىز دېگەندەك يەنە ئىككى رومكا هاراق ئىچىۋەتسەڭ ساقىيىپ قالىسەن، ئاكا، ئازادە ئولتۇرساڭ يېنىكلەپ قالىسەن، — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

— خوش ئاكا، ئۆزۈڭ بازاردا ئوقەت قىلامسەن ياكى بىرەر يەردە ئىشلەمسەن؟ — دېدى ئابۇش ئىچەرمەننى گەپكە سالماقچى بولۇپ.

— بىزدەك ئادەملەرگە ئىش نېمە قىلسۇن دەيسەن، ئۇكا، ئېتىم رۇستەم، كۆمۈر بازىرىدا بېدىكلىك قىلىمەن، بەش كۇن بولدى، خوتۇن ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، — دېدى ئىچەرمەن.

ئابۇش ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى، ئۇ تېرىكىپ تۇرغان ئەزىزگە چاندۇرماي ئولتۇر دېگەندەك مەنىدە كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— توۋا، شەھەرنىڭ ئاياللىرى بەك نوچى بولىدىكىنا! ئاياللىنى ئۇرۇپ قويمىغان بولغىيدىڭ، ئاكا! — دېدى ئابۇش.

— هاراق ئىچتىڭ دەيدۇ شۇ...

— ئەمىسە تاشلىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— خوتۇن قېرىپ قالدى، ئۇكا. ئەتە - ئاخشاملىرى

بىرەر دەم پەيزى قىلايلى دېسە تىللايدۇ، ئەمدى شۇ هاراق ئىچمەي نېمە قىلىمەن؟...

— قېرىغاندا خوتۇنۇڭ بىلەن جېدەل ئوينىماي، هاراقنى تاشلىساڭ بولمامدۇ، ئاكا؟ — دېدى ئابۇش ئۇنى داۋاملىق گەپكە سېلىپ.

— ئۇنداق دېسەڭ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىسەن، ئۇكا، مېنى مۇشۇ هاراق تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، تاشلىۋەتسەم تاشلىۋېتىمەن بۇ نىجىسنى، بىراق تاشلىۋەتسەم ئېلىشىپ قالىمەن، ئۇ ۋاقىتتا ئىش تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. نامراتلىق ئادەمنى قۇرۇتىدىكەنغۇ، ئۇكا، — دېدى ئىچەرمەن.

— چىشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇكا، مەن دوختۇرخانىغا باراي، — دېدى ئەزىز ئابۇشنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

بايام ئەزىز خوجايىنغا قارىغاندا ئۇ بۇ ئىچەرمەننىڭ قىلىقلىرىغا دىققەت قىلىپ قالغانىدى، ئۇ پەشتاختىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— رۇستەم، ئېشەك يۈزۈڭ تامدەك قېلىنكەن جۇما سېنىڭ، مۇڭداشقىلى قويمامسەن خېرىدارنى! — دېدى خوجايىن ۋارقىراپ.

— رەنجىمە، سەندىنمۇ قالدۇ بۇ قاۋاق... موخوركا سوراپ كەلگەنىدىم، موخوركا...، — دېدى رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خەقە موخوركا ئۆتكۈزۈپ قويغانما؟! چىقە ماڭ، ئوقىتىڭنى قىلمامسەن!

— مىجەزىڭ بەك ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ روزاخۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا مەنمۇ پۇل تېپىپ قاۋاق ئاچىمەن، ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمە، ئۆيگە كىرسەم خوتۇننىڭ دەردى، قاۋاققا كىرسەم سېنىڭ دەردىڭ، — دېدى رۇستەم.

— سەن قاۋاق ئېچىپ پۇل تاپالمايسەن، ئىشرەتخانا ئاچساڭ تاڭ ئەمدى، دۇكاننى پايپاق قىلماي چىقە ماڭ، — دېدى روزاخۇن.


— خوش ئەمىسە، ئۇكا، ھارنىڭغا رەھمەت، — دېدى رۇستەم.
— ساڭىمۇ رەھمەت، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.
رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇپ قاۋاقتىن چىقىپ كەتتى.
— ئۇھ، — دېدى ئەزىز، — نەپەس ئالالماي قالدىم جۇما، ئۇكا!
— قانداق قىلىسەن، ئەزىزكا، ھەممىسى دەردى بار ئادەملەر، قوپاللىق قىلساڭ بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇلارنىڭمۇ پادىشاھلاردەك ياشىغۇسى بار، — دېدى ئابۇش.
— كانغا ئالغاچ كەتسەڭ بوپتىكەن ئۇ ئاكاڭنى، — دېدى ئەزىز.
— كاندا ئۇنداق ئادەملەر جىق، ئاكا، بىزگە ساڭا ئوخشاش ئادەملەر كېرەك، — دېدى ئابۇش.
— دەيدىغان گېپىڭنى دېگەچ ئولتۇرمامسەن، ئۇكا، ھېلى يەنە بىر ئاكاڭ كېلىپ قالسا ماڭا ئاشمايدىغان ئوخشايسەن! — دېدى ئەزىز.
— خاپا بولما، ئاكا... خوش، مۇنداق گەپ: بىرى، بىزنىڭ باشلىقنىڭ قىزى مەكتەپ پۈتتۈرۈپتىكەن، سىلەرنىڭ زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرماقچىكەن، بۇ ئىشنى باشلىق ماڭا تاپشۇردى، مەن پۈتتۈرمىسەم بولمايدىكەن...
— ئەرشىدىن باشلىقنىڭ قىزىما؟
— شۇنداق.
— گەپنى مۇنداق قىلمامسەن ئۇكا، باشلىق دېگەن جىق نەرسىغۇ ئۇ! ھە، گەپ قىلە.
— يەنە بىر ئىش — ئۆزۈمنىڭ ئىشى، مېنى زاۋۇتىڭلارغا يۆتكەپ ئەكىلىۋالساڭ، ئاكا...
— ئۇكا ھوي، قايىنىدىڭغۇسەن، داداڭنىڭ ئۆگەي خوتۇنى بولسا شۇنىمۇ يۆتكەپ كىرمەيلىما! — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.
— مۇشۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرمامسەن، ئاكا،

ئازادە ئۇلتۇرا! ـــ دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

ـــ بىر ئەمەس، ئىككى ئىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ، ـــ دېدى ئەزىز.

ـــ ماڭا بىر ياردەم قىلىپ قوي، ئەزىزكا، سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن، سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. ئەرشىدىنكامنىڭ قىزىنى ياخشى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەر، ئۇ ئادەم بىزگە ئاز ياخشىلىق قىلمىدى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، كاندا بىزنىڭ دېگىنىمىز دېگەن، ئۇ ئادەم ئاساسەن بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارايدۇ. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا كەلسەم، مەنمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرگە كىرىۋالايمىكىن دەيمەن. ئۆتكەندە بىزدە شوپۇر كەم دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭ، ئەزىزكا، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، قانداق ماشىنا بولسا ھەيدەپ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، مەن كىچىكىمدىن باشلاپ شەھەرنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، شەھەرنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى دەپ بىلەتتىم، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەھەردە بەكمۇ قالغۇم بار ئىدى، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا ماڭا ھە ـ ھۇ دېيىشىدىغان ئادەم يوق، بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ قول ئىلكىدىمۇ بىرەرنەرسە يوق ئىدى، مانا ئەمدى سەن ئۆز ئاكامنىڭ ئورنىدا ئەزىزكا، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، بۇ قېتىم شەھەرگە كىرىۋالىسام، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا بۇنداق پۇرسەت بولمايدۇ، سېنىڭ باھانەڭدە شەھەرلىك بولۇۋالايمەنمۇ، ئاكا، ـــ دېدى ئابۇش قولىدىكى ھاراقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

ـــ مەن ساڭا قايىل ئۇكا، كاللاڭ بەك ئىشلەيدىكەن ـ ھە سېنىڭ، بىراق بۇ ئىش سەن دېگەندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشىمىز كېرەك، ئاندىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تەستىق سېلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئويۇننى سەنمۇ بىلىسەن، ئۇكا، ھازىر بەزى ئىشلار قارىماققا شۇنداق دۇرۇس، ئەمەلىيەتتە ئۇستەلنىڭ ئاستىدا ئۇستەل بار، مەن ساڭا



گەپنى ئوچۇقلا قىلاي، ئۇكا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە گەپ يوق، سەن خاتىرجەم بول، مەن ساڭا ياردەم قىلاي، ئىككى ئىشىڭنى بىر يولىلا پۈتتۈرەي. سەن دېگەندەك بىزدە شوپۇر كەم، سەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيسەن، كان ئۆزۈڭنىڭ، شاخار كۆمۈر توشۇيدىغان ماشىنىدىن بىرنى بەرسەك ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ كېتىسەن. ئەمدى ساڭا دەيدىغىنىم، ئۇكا، شەھەرنىڭ ئىشلىرى كاننىڭ ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ، كاندا بىر شەرەت بىلەن ئون ماشىنا كۆمۈرنى ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ، شەھەردە پۇل بولمىسا بولمايدۇ...

— تاغىنىڭ ھەسىلىدەك گەپ قىلدىڭ، ئەزىزكا، ياخشىلىقىڭنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمەن. مېنى بىلىسەن، مەن سېنىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن. ئاسماننى قۇياش يورۇتىدۇ، يەرنى پۇل. گەپنى ئوچۇق قىلايلى ئاكا، قانچە پۇل كېتەر؟ — دېدى ئابۇش ئەزىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

«قانچە پۇلنىڭ گېپىنى قىلسام بولار بۇ شەيتانغا؟» دېدى ئەزىز ئىچىدە.

— ئاز دېگەندە ئون مىڭ سوم پۇل كېتىدۇ ئۇكا، بەزى ئادەملەرنى مېھمان قىلىدىغان گەپ، يانچۇقىغا سالىدىغان گەپ، — دېدى ئەزىز.

«ياخشى، ئىش ئوڭغا تارتىدىغاندەك قىلىدۇ» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— مۇنداق بولسۇن ئەزىزكا، يېنىمدا يىگىرمە مىڭ سوم بار، ھەممىنى ساڭا بېرەي، مۇشۇ ئىشلارنى خەق ئاڭلاپ بولغۇچە ئون كۈن ئىچىدە پۈتتۈرۈپ بەر، قانداق؟ — دېدى ئابۇش.

ئەزىز يىگىرمە مىڭ سومنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ پېشانىسى پارقىراشقا باشلىدى.

— خاتىرجەم بول، ئۇكا، ئون كۈن ئىچىدە بارلىق رەسمىيەتلەرنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن. باشلىقىڭنىڭ قىزىنى

زاۋۇتنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن، ئۆزۈڭ زاۋۇتنىڭ ماشىنا ئەترىتىدە ماشىنا ھەيدەيسەن، چاتاق يوق ئۇكا، قولىمىزدا پۇل بولغاندىكىن پۇلغا زورلايدىغان گەپ، — دېدى ئەزىز جانلىنىپ.

— ئۆزۈڭنى ئايرىم رازى قىلىمەن ئاكا، ئېسىمىنىڭ بارىدا ساڭا ئاتىغىنىمنى بېرىۋېتەي، — دېدى ئابۇش. ئۇ يېنىدىن بىر پارچە قەغەز بولاقنى ئېلىپ ئاچتى.

— مانا بۇ ئىككى يۈز تونىنا كۆمۈرنىڭ بېلىتى، بىزنىڭ كاننىڭ قايسى قۇدۇقىغا ئاپارساڭ ئۆتىدۇ، كېيىن ساڭا باج تالونى لازىم بولسا باجخانىدىن ئېلىپ بېرىمەن، كېرەك ئەمەس دېسەڭ يەنە مەيلى...

— ئىش پۈتمەي تۇرۇپ بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ، ئۇكا؟ ئالدى بىلەن ئىشنى پۈتتۈرمەيمىزمۇ؟ !

— مۇشۇنداق قىلمىساق ئىشلار ياخشى پۈتمەيدۇ، ئاكا، — دېدى ئابۇش، ئاندىن ئۇ يانچۇقىدىن يىگىرمە مىڭ سومنى چىقىرىپ ئەزىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مانا بۇ نەق يىگىرمە مىڭ سوم، ئەزىزكا، سانىۋال.

— ساڭا ئىشەنمىسەم قانداق بولىدۇ، ئۇكا، ئىچەرمەنلەر كۆرۈپ قالمىسۇن، يانچۇقىڭغا سالاي جۇما! — دېدى ئەزىز. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى...

ئەزىز پۇللارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئابۇشقا بىر قارىۋېتىپ ئالدىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

— خاتىرجەم بول، ئۇكا، ئىشنى ئون كۈنگە قالماي پۈتتۈرىمەن، ئوغۇل بالا ئۇكام، يارايسەن ! ئەمدى بۇ قاۋاقتىن كېتەيلى !

— شۇنداق قىلايلى، ئەزىزكا، ئەمما، ئىككى رومكىدەك ھاراق قالدى، ئىچىۋېتىپ ماڭايلى ! — دېدى ئابۇش.

ئەزىز ئالدىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، رومكىنى ئابۇشقا بەردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ پەشتاختا تەرەپكە ماڭدى، ئۇ

خوجايىن بىلەن ھېسابلىشىپ، پىۋا بىلەن تۇخۇمنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى.

— ئاشۇ دېرىزىنىڭ قېشىدىكى بۇلۇڭغا بىر ئايرىم ئۆي قىلىپ قويساڭلار بولغۇدەك ئۇستام.

— ئۇنداق ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئادەم كىرمەيدۇ، ئۇكام، بۇ يەرگە، — دېدى خوجايىن.

— ئەمدى دەيمىنا! — دېدى ئەزىز سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

ئۇلار قاۋاقتىن چىقتى، ئابۇش بازاردىن نۇرغۇن نەرسە ئالدى، ئاندىن ئەزىزگە ئەگىشىپ زاۋۇتقا قاراپ ماڭدى.



# 4

ئون كۈن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، ئەزىز ئون كۈن ئىچىدە بارلىق ھۈنىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەرشىدىن باشلىقنىڭ قىزىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئابۇشنى زاۋۇتقا يۆتكەپ ئەكىرىدىغان ئىشلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولدى، بۇ ئىشتا ئابۇش بەك رازى بولۇپ كەتتى، ئەزىزمۇ رازى بولدى، ئەرشىدىن باشلىقمۇ رازى بولۇپ كەتتى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆلى تەڭ ئېچىلدى.

ئەرشىدىننىڭ قىزى يۈك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتى، ئابۇش زاۋۇتنىڭ ماشىنا ئەترىتىدە ماشىنا ھەيدىدى، ئۇ خاڭدىن زاۋۇتنىڭ پار قازىنىغا ئىشلىتىدىغان شاخار كۆمۈر توشۇيدىغان ماشىنىنى قولىغا ئالدى.

— بۇ ماشىنىنىڭ پايدىسى ئازراق، ئۇكا، شۇنداقتىمۇ كۆرگەن ئادەمگە چاندۇرماي يالغاندىن ھېجىيىپ قويۇپ ھەيدەۋەر، قالغان ئىشىڭنى مەن ئۆزۈم توغرىلاپ بېرىمەن، — دېدى ئەزىز.

— رەھمەت، ئاكا، ماڭا سېنىڭ سايەڭ چۈشمىگەن بولسا، بىر ئۆمۈر كاندىن قۇتۇلالماي، ئۆپكە كېسىلى بولۇپ تۈگىشەتتىم، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئابۇش كاندا رەسمىيەت ئۆتىگەندە، كاندىكىلەر ئۇنىڭ يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغاندى.

— توۋا... ماۋۇ شەيتاننى قارا، يۆتكىلىمەن دېگەن گەپنى قىلمايتتى بۇ ئاداش....

— ئابۇشنىڭ ئاغزى بەك چىڭكەن – ھە...

— ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۆچىيى ئۇزۇن بولىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن كان ئىدارىسىدە، كاندا، مەھەللىدە ھەر قىسما گەپلەر پەيدا بولدى. ئابۇشنىڭ دادىسى ساۋۇتئاخۇن چاقىقانلىق بىلەن قوي سويۇپ مەھەللىنىڭ چوڭلىرىنى ئۆيگە چاقىرىپ، ئۇلارغا ئابۇشنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەندى.

— بىزدىن بىر ئادەم بولسىمۇ شەھەرگە كىرىپ ياشىغىنى ياخشى، ساۋۇتئاخۇن، بالىلىرىڭنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئىكەن، — دېدى مەسچىتنىڭ ئىمامى ياسىن قارى.

— رەھمەت، تەقسىر، — دېدى ساۋۇتئاخۇن كۈلۈپ.

مانا ئابۇشنىڭ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگىنىگىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى، شۇ چاغقىچە كاندا ئۇ توغرۇلۇق گەپلەر تۈگىمىدى. بىر كۈنى كاننىڭ خوجايىنلىرى سورۇندا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندا ئابۇشنىڭ گېپى چىقىپ قالدى، ئەرشىدىن باشلىق ئۇنىڭغا باھا بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەمدى بىز كاندىن ئابۇشتەك يىگىتنى تاپالمايمىز، ھازىر مەن قارىسام ئۇ مەندىن ئەقىللىقكەن، ئۇ ھەممىمىزنى ئوينىتىۋېتىپتۇ، بىر كۈن ئىچىدە يۆتكىلىپ كىرىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، ھېلىقى بىزنىڭ كادىرلار ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان لاۋۇاڭ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىمەن دەپ بەش يىل يول ماڭدى، ئاران شەھەرلىك كۆمۈر بازىسىغا يۆتكەلدى، بىز تاش سانىساق ئابۇش قۇم سانايدىكەن ئەمەسمۇ!

ئازات بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ئابۇشنىڭ شەھەرلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ كىرگەن ئىشىنى ھېكايە قىلىپ بەردى، ئاندىن ئۇلارغا:

— ھەقىقىي توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلايدىغان نېمىدە بۇ! — دېدى.

— جادۇگەر، شۇم جادۇگەر، زاكىسىدا قېرىپ كەتكەن نەرسە ئۇ، كىچىككىنە تۇرۇپ بىلمەيدىغان ئىشى يوق، — دېدى ئەركىن

ئابۇشقا باھا بېرىپ.

بىر كۈنى كاندا ئەسەت نېسىنىڭ قاۋىقىدا ئابۇشنىڭ گېپى بولۇپ قالدى، ئەسەت نېسى ئەتراپىغا ئولاشقان ئىچەرمەنلەرگە:

— ئابۇشتەك ئوغۇل بالا يوق - ھە! قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، ئۇ مۇشۇ كاندا گۈلدەك ياشىدىغۇ! ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەگەر شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتمىگەن بولسا، ئەرشىدىن باشلىقنىڭ ئورنىغا باشلىق بولاتتى ئۇ! ئىسىت! — دېدى.

— ئەرشىدىن باشلىققا دەيمەن، سىزنىڭ كەينىڭىزدىن گەپ قىلىۋاتىدۇ دەيمەن، — دېدى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پىيالەكچە قىلىپ يۆگىگەن موخوركىسىنى شوراپ ئولتۇرغان بىر قېرى ئىچەرمەن.

— بۇگۈندىن قالما جۇمۇ! — دېدى ئەسەت نېسى.

— ئىسىت دەپ كالپۇكلىرىڭنى يالاپ كەتتىڭغۇ، نېسىرىڭ بارمىتى - يا؟ — دېدى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقان بىرى ئەسەت نېسىگە قاراپ.

— ئۇ ساڭا ئوخشاش نېسى قىلمايدۇ، مۇشۇ كاندا بىردىنبىر نەق ئوينايدىغان ئەركەك ئۇ! — دېدى ئەسەت نېسى.

— سەنمۇ گەپنى ئاز قىلە ئاداش، نېسى قىلمىغان ھاراقكەشنى ھاراقكەش دېگىلى بولامدۇ؟ كان ماۋۇ! — دېدى يەنە بىرى.

ئابۇش زاۋۇتتا ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى، ئويۇن - تاماشىنىمۇ قولدىن بەرمەي كەلدى. پولات ئۇنى ئۆزى دېمەتلىك شوپۇرلار ئارا ئوينايدىغان مەشرەپكە قوشۇپ قويدى، ئۇ كۈندىن - كۈنگە روھلىنىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ مەشرىپى ئايدا بىر قېتىم بولاتتى، داستىخان سېلىش نۆۋىتى ئابۇشقا كەلگەندە، ئابۇش ئۇلارنى ياخشى بىر ئاشخانىدا كۈتۈۋالدى. توي قىلمىغان يىگىتلەر لايىقلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلدى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار تانسىغا چۈشۈپ كەتتى.

— قانداق، ئابۇش، ۋەدەمدە تۇرالامدىكەنمەن؟ — دېدى پولات ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ. پولات زاۋۇتتا ئاپتوبۇس ھەيدەيتتى، ئۇ ئابۇشنىڭ يېقىن ئاغىنىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئون كۈننىڭ ئالدىدا ئابۇشقا بىر قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى، مانا بۈگۈن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، لايىقى بىلەن بىللە بىر قىزنى باشلاپ كەلدى.

— يېشى مەندىن چوڭمۇ - نېمە، ئاداش؟ — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— چوڭ بولسا جاپا تارتمايسەن ئەمەسمۇ، ئاداش، — دېدى پولات.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، لايىقىڭنىڭ يېقىن دوستىكەندە! — دېدى ئۇ.

— شۇنداق ئاداش، لايىقىم ئۇنى بەك ماختايدۇ، بەك ئېسىل قىز دەيدۇ...

— ئېتىنى نېمە دېگەنتىڭ، ئاداش؟

— ئۇنتۇپ قاپسەندە ! ئاينۇر دەيدۇ، بارە، ھەدەڭنى تانسىغا تارتىپ قوي، — دېدى پولات.

ئابۇش ئورنىدىن تۇرۇپ ئاينۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن ئۇنى تانسىغا تارتتى، ئاينۇر كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئابۇش ئۇنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتۇپ تانسىغا چۈشتى.

ئابۇش تانسا ئويناۋېتىپ ئاينۇرنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تاتلىق قاراشلىرى ئابۇشنىڭ يۈرىكىنى ئۇسسۇلغا سېلىشقا باشلىدى، ئابۇش كۆزلىرىنى ئۇنىڭ جامالىدىن ئۈزمىدى، ئاينۇرنىڭ ئۇستىۋېشىدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك ئەتىر پۇرىقى ئۇنى تېخىمۇ مەست قىلىپ

قويدى. ئابۇش توي قىلمىغان بىلەن قىز ـ چوكانلارنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئادەتتە قىزلارغا ئاغزىدا ۋاي دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بەرمەيتتى، ئۇلارغا قىزىقىپ كەتمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئادەتتە قىزلارغا ھە دەپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرەتتى. مانا بۈگۈن ئاينۇر ئۇنى ھەقىقىي جەلپ قىلدى، ئاينۇرنىڭ ئىللىق، سەمىمىي قاراشلىرى ئۇنىڭ قېنىنى قىزىتىپ قويدى...

ئۇنئالغۇدىن يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىناتتى، ئاينۇرنىڭ ئىسسىق قوللىرى ئابۇشنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، ئابۇش ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك يېنىكلەپ كەتتى...

— ئىسمىڭىز بەك يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن، ئاينۇر، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ئاينۇرمۇ كۈلدى. ئۇنىڭ چىرايلىق پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، تەر تامچىلىرى مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى، ئابۇش ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭراق تۇتۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق، سىرلىق كۆكسىنى ئۆزىگە بىر تەگكۈزۈۋالماقچى بولدى، لېكىن ئاينۇر چاندۇرماي ئۆزىنى قاچۇردى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۆزۈم قوپال كۆرۈنۈپ قاپتىمەندە سىزگە ! — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى ئابۇش.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مۇزىكا توختىدى، ئابۇش قىزنى ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى.

«خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، مۇشۇ قىز ماڭا ئاش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

پولات ئابۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئىككىمىز سوقۇشتۇرۇپ بىر رومكا ئىچەيلى، ئاداش، —

دېدى ئابۇش پولاتقا قاراپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن چاغ ئىدى.

— ئىچسەك ئىچتۇق، ئاداش، ھارىقىڭنى قوي ــ ئ! — دېدى پولات.

ئابۇش ئىككى رومكىغا لىق ھاراق قۇيدى، ئۇ بىر رومكا ھاراقنى پولاتقا تۇتقۇزدى:

— ئەمسە ئىچتۇق، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

ئابۇش ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ئاينۇرغا قارىدى، ئاينۇرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئابۇشنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئابۇش ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئاينۇر ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى.

— بۈگۈن چاندۇرماي مەيدەڭنى كۆتۈرۈپ ئولتۇر، ھېچ ئىش كۆرمىگەن كانىلىقكەن دەپ قالمىسۇن يەنە! — دېدى ئابۇشنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان پولات.

— ھەقىقەتەن كېلىشكەن قىزكەن، ئاداش، مىجەزىمۇ يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، مۇشۇ قىزنى قولدىن چىقارمىسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابۇش.

— كەلتۈرۈپ بولغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ، ئاداش، — دېدى پولات چاقچاق قىلىپ.

— تېخى ئاران بىر قېتىم تانسا ئوينىدىمغۇ، ئەتە كەچتە باغچىغا توغرىلايمىكىن دەيمەن.

— ھازىر باغچىدا ئادەم جىق، دەريا بويىغا ئاپار، ئېسىڭدە بولسۇن، ھەرگىزمۇ قوپاللىق قىلىپ قويما، شەھەرنىڭ قىزلىرى سەن كۆرگەن كانىنىڭ قىزلىرىغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى پولات.

— خاتىرجەم بول، ئاداش. مەن ئەزەلدىن قىزلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمەن، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— بۈگۈن ھاراقنى ئاز ئىچ ئاداش، ھاراقكەشكەن دەپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى پولات.

— رەھمەت، ئاداش، ياخشى گەپ قىلدىڭ، — دېدى ئابۇش.

ئۇنىئالغۇدىن يەنە مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى، مېھمانلار تانسىغا چۈشتى. ئابۇش ئاينۇرنى يەنە تانسىغا تارتتى. ئاينۇر يېنىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئابۇشنىڭ قېشىغا كەلدى. ئابۇش ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. شۇ تاپتا ئابۇشنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كەتتى...

ئۇلار تانسىغا چۈشۈپ كەتتى، ئابۇش كۆزىنى ئاينۇرنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلمىدى. ئاينۇرنىڭ قاراشلىرىمۇ بەك تاتلىق ئىدى، ئابۇش ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى:

— مەن مۇشۇ كۈنگىچە سىزدەك يېقىملىق قىز بالىنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئاينۇر. سىزنى كۆرۈپ جاھاندىكى ھەممىدىن بەك چىرايلىق گۈلنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئەگەر مۇشۇ دەقىقىدىكى ھېسسىياتىمنى سىرلىق بىر ئالتۇن قۇتىغا سالغىلى بولغان بولسا، مەن بارلىق ھېسسىياتىمنى ئاشۇ ئالتۇن قۇتىغا سېلىپ بىر ئۆمۈر بوينۇمغا ئېسىۋالغان بولاتتىم، — دېدى ئابۇش.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، پولات سىزنى شائىر دەۋاتاتتى، ھەقىقەتەن شائىر ئىكەنسىز، — دېدى ئاينۇر.

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاينۇر، مەن جىق قىزلار بىلەن تونۇشقان، لېكىن سىزدەك ياخشى قىزنى كۆرمىگەن، خالىسىڭىز، ئەتە «پىرقىراتما» ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشسەك، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر گەپنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلەشتى، ئۇنىڭ چىرايلىق مەڭزى قىزىرىشقا باشلىدى، ئۇ گەپ قىلماي كۈلۈپ قويدى.

— ئاينۇر، ئەمىسە ئەتە سىزنى ئاشۇ ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا ساقلايمەن، كەلمىسىڭىز بولمايدۇ! — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئابۇش



قىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى...

مۇزىكا ئاياغلاشتى.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى شىرەگە قايتىپ كەلدى، قىزلار ئۆز - ئارا پاراڭغا چۈشتى، ئوغۇللار ھاراق بىلەن بولۇپ كەتتى، ئۇلار بىرنەچچە سائەت ئىچىدە بەش بوتۇلكا ھاراق ئىچىپ بولدى.

— ئەمدى قايتايلى، ئاداش، ئەمدى ئىچسەك مەست بولۇپ قالىمىز، قىزلارنى ئاپىرىپ قويىدىغان گەپ، — دېدى پولات.

— ئەممىسە بولدى قىلىمىزما؟

— شۇنداق قىلايلى، ئاداش، ئاخىردا تۆت ئېغىز گەپ قىل ئەمدى.

ئابۇش ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتتى، مېھمانلارمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

— ئاينۇرنى ئۆزۈم ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياي، ئاداش، — دېدى ئابۇش پولاتقا قاراپ.

— بۈگۈن بولمايدۇ، ئاداش، بىز ئاپىرىپ قويايلى، ئەتىدىن باشلاپ شۇنداق قىلارسەن، — دېدى پولات.

— ماقۇل ئەممىسە، ئاداش، ئامان بولايلى، مەن ياتاققا كەتتىم، — دېدى ئابۇش ئاشخانىدىن چىقىپ.

ئەتىسى كەچتە ئابۇش «پىرقىراتما» ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا ئاينۇر بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ ئاينۇرنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، دەريا بويىغا قاراپ يول ئالدى.

— بەك يىراق يەرگە بارمايلى، ئابۇش، كەچ قالسام ئاپام ئەنسىرەيدۇ، — دېدى ئاينۇر.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاينۇر، مەن سىزنى كەچ قويمايمەن، — دېدى ئابۇش.

— توۋا، مەن سىز بىلەن تونۇشقۇچە بۈگۈن كەينىڭىزدىن كېتىۋاتىمەن؟! — دېدى ئاينۇر.

— ياخشى ئادەملەر مۇشۇنداق تېز چىقىشىپ كېتىدۇ، ئاينۇر! — دېدى ئابۇش.

ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، ئابۇش ئاينۇرنى دەريانىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە ئېلىپ كېلىپ، ۋېلسىپىتىنى دەريا بويىدىكى يوغان سۆۋادان تېرەككە يۆلەپ قويۇپ، ئاينۇر بىلەن دەريا بويىدا ئولتۇردى. ئەتراپ شۇ قەدەر تىنچ ئىدى، سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن قاراڭغۇلۇق بىلىنقلارنىڭ مۇھەببىتىنى قوتلۇقلايتتى، دەريا ئۈزىنىڭ نەمخۇش پۇراقلىرىغا بېلىقلارنىڭ پۇراقلىرىنى قوشۇپ، دەريا بويىدا ئولتۇرغان ئابۇش بىلەن ئاينۇرغا سالام بەردى، ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىنى مۇبارەكلىدى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسى ئۇچۇن داستىخان سالدى، يىراقتىكى كۆۋرۈك ئۈستىدىكى لامپۇچكىنىڭ يورۇقى جاھاننىڭ ئۈمىد غۇنچىسىغا ئوخشاش نۇرلىنىپ تۇراتتى...

— نېمىدېگەن گۈزەل دەريا، گۈزەل ئادەملەر ئۈچۈن گۈزەل دەريا، — دېدى ئابۇش.

— شېئىر ئوقۇۋاتامسىز؟ — دېدى ئاينۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئىدى.

— سىزگە شېئىر يېزىپ بېرەيمىكىن، ئاينۇر، — دېدى ئابۇش. ئۇ ئاينۇرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، ئاينۇر قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

— پولات سىزنى ماڭا بەك ياخشى بالا دەپ تونۇشتۇرغان، شۇڭا مەن سىز بىلەن تونۇشۇپ، قورقمايلا ئىككىنچى كۈنى كەينىڭىزدىن مۇشۇ يەرگە كەلدىم، قولۇمنى تۇتۇۋالسىڭىز قورقىدىكەنمەن، — دېدى ئاينۇر.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاينۇر، ماڭا ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىڭ، مەن مۇشۇ كەمگىچە ھېچقانداق قىزنى قورقىتىپ باقمىغان، پولات سىزگە مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ بەرگەندۇ، مەن

شەھەردىن يىراق جايدىكى كاندا چوڭ بولغان، قىز بالىنىڭ قولىنى ئەمەس، كۆڭلىكىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان، تۇنۇگۇن سىزنى كۆرگەندىن باشلاپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدىم، چىرايلىق كۆزلىرىڭىز مېنى ئۇخلاتمىدى، شۇڭا بۈگۈن ھاياجانلىنىپ ئۆزۈمنى باسالمايۋاتىمەن...

ئابۇشنىڭ گەپلىرى ئاينۇرغا خۇشياقتى، ئۇ تۇنۇگۇن ئابۇشنى كۆرۈپلا خۇش بولغانىدى، ئابۇشنىڭ بوي ـ تۇرقى، چىرايى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغاندەك خېلى جايىدا ئىدى.

— مەن چوڭ بولۇپ كانغا بېرىپ باقمىغان، كۆمۈرنى قانداق قازىدۇ؟ — دېدى ئاينۇر.

— كان دېگەن كۆرۈشنى ئارزۇلايدىغان يەر ئەمەس، كۆمۈر قېزىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئەگەر كاننىڭ ئاستىغا چۈشۈپ ئىشچىلارنىڭ كۆمۈر قازغىنىنى كۆرسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا كان ئىشچىلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىپ قالىسىز، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيسىز، كۆمۈرنى بىزنىڭ قارا ئالتۇن دەپ تەرىپلىشىمىزگە قايىل بولىسىز. سىزگە كاننى چۈشەندۈرمەك تەس، شەھەرلىكلەر بىزنى ئاسانلىقچە چۈشەنمەيدۇ، بىزمۇ ئۇلارغا ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمىز، لېكىن مەن ئۆزۈمنى سىزگە چۈشەندۈرەلەيمەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئاينۇر، — دېدى ئابۇش. ئۇ يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئاينۇرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

«نېمىدېگەن يۇمشاق قول بۇ، مەن تۇتقان قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھۇزۇرلۇق قول» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپ دەريانى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ يىللاردا مەن دادام بىلەن دەريا بويىغا كېلىپ تۇراتتىم، دادام دەريا بويىدا سال بىلەن قارىياغاچلارغا قارايتتى، ئاكام دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كۆلدىن بىزگە بېلىق تۇتۇپ بېرەتتى، دادام بېلىقلارنى

كاۋاپ قىلاتتى، كەچتە ھېرىپ بالدۇرلا يېتىۋالاتتى، ئۇ كەپىنىڭ ئىچىدە چۈش كۆرۈشكە باشلىغاندا، دادام دەريا بويىغا بېرىپ قارماق سالاتتى. ھازىرمۇ ئېسىمدە، دادامنىڭ قارمىقى بەك چوڭ ئىدى، قارماقتا يەمچۈك ئۆتكۈزۈپ دەرياغا تاشلايتتى، ئاندىن دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ توختىماي ئاقىدىغان سۇغا قاراپ خىيال قىلاتتى. بىز بەكمۇ كەچ ياتاتتۇق، شۇنداقتىمۇ دادام يەنە سەھەر تۇراتتى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەپىدىن چىققاندا ئاللىقاچان كېچىدە قارماققا چۈشكەن بېلىقلارنى تازىلاپ كەپىنىڭ ئالدىدىكى ئارغامچىغا ئېسىپ بولغان بولاتتى، ئۇ بېلىقلار چوڭ ھەم گۆشى تەملىك ئىدى، دادام ھەر كۈنى دېگۈدەك ئون نەچچە بېلىق تۇتاتتى. بەزى كۈنلىرى بېلىقلارنى بازارغا چىققان بېلىقچىلارغا سېتىۋېتەتتى. يەنە بەزى كۈنلىرى بېلىقلارنى يىغىشتۇرالمىغاندا ئاكام ۋېلسىپىتكە ئارتىپ تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا بېرەتتى. بىز بېلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېسىپ قۇرۇتۇپ، قىشتا ساقلاپ يەيتتۇق. مەن ھەر قېتىم دەريا بويىغا كەلسەم، ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ قالىمەن، بىر تۇرۇپ ئاشۇ ئىشلارنى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەك ھېس قىلىمەن، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇ ئىشلارنى چۈشۈمدىكىدەك ھېس قىلىمەن، بۇ دەريا ئائىلىمىز ئۈچۈنمۇ بەك مۇھىم، ئابۇش، — دېدى ئاينۇر تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن.


— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ئاينۇر. مەنمۇ ھازىر سىزنىڭ ئاشۇ بالىلىق دەۋرىڭىزگە قايتقاندەك بولدۇم، ئەگەر بىز ئاشۇ يىللاردا تونۇشقان بولساق ياكى بىر مەھەللىدە بولۇپ قالغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا مەن سىزگە كۈندە بېلىق تۇتۇپ بەرگەن بولاتتىم ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز، ئاينۇر ھازىر بولسىمۇ مەن سىزگە مۇشۇ دەريادىن چوڭ بېلىقلارنى تۇتۇپ بېرەلەيمەن، — ئابۇش شۇنداق دېگىنىچە ئاينۇرنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى.

— دادامنىڭ بىر رۇس ئاغىنىسى بولىدىغان، ئۇ تۈۋەندىكى

ئارالدا بىلىق تۇتاتتى، ئۇ پات ـ پات كېلىپ دادام ئىككىمىزنى قولۋاقتا سىلىپ ئۆزىنىڭ كەپىسىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلاتتى، ئۇ ئېگىز، بەستلىك ئادەم ئىدى، بۇرۇتى بەك ئۇزۇن ئىدى، ئۇ بىلىق تۇتۇشقا بەك ئۇستا ئىدى، ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى — ئۇ كەمپۈتنى بەك جىق يەيتتى، نان يېگەندەك چايناپ يەپ كېتەتتى، ئۇ يىللاردا كەمپۈت تاپماق تەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ كەپىسىدىن كەمپۈت ئايرىلمايتتى، ئاشۇ يىللارنى ئويلىسام، كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئاينۇر.

— مەن سىزنى ئاشۇ يىللارغا قايتا باشلاپ بارالايمەن، ئاينۇر، — ئابۇش شۇنداق دېدى ـ دە، ئاينۇرنى ئۆزىگە تارتىپ لېۋىگە بىرنى سۆيۈۋالدى، ئاينۇر قارشىلىق كۆرسەتتى، ئۇ ئابۇشنىڭ قولىنى بويىنىدىن ئېلىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇردى. ئابۇش چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. بۇ قېتىم ئاينۇر قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ئۇمۇ ئابۇشنى چىڭ قۇچاقلىدى.

قاراڭغۇ ئۇلارنى بىر قىلىپ باغلىۋەتتى، ئۇلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ سۆيۈشىدىغان يېڭى ماكانىغا ئالدىرايتتى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئابۇش بىلەن ئاينۇرنىڭ تومۇرلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاش ئۇچۇن چاقنايتتى، ئاينۇر ئۇچۇن ھۇزۇربەخش بۇ دەريا ئابۇش ئۇچۇنمۇ ھاياتبەخش ئىدى.



# 5

ئاينۇرنىڭ مۇھەببەت ئوتلىرى ئابۇشنى جانلاندۇرۇۋەتتى، ئابۇش ئاينۇر بىلەن تۆت كۈندە بىر كۆرۈشمىسە چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ رىشتىسى كۈندىن ـ كۈنگە شۇنچە چىڭ باغلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى، مەشرەپ بېرىش نۆۋىتى پولاتقا كەلگەنىدى، ئۇلار شەھەرنىڭ ئەڭ ياخشى بىر ئاشخانىسىدا جەم بولدى، ئابۇش ئاينۇرنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئالدى، ئۇلار ئادەملەرنى ئۇنتۇپ، قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتتى.

«ماۋۇ ئىككىسى بىر ئاي ئىچىدە بەش يىل ئۆي تۇتقان ئەر ـ خوتۇنلاردەك بولۇپ كېتىپتۇيا؟ يەنە تۆت بەش ـ كۈندىن كېيىن بىر ـ بىرىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرامدۇ ـ نېمە!» دېدى پولات ئىچىدە.

— چاقچاق ئەمەس، مەن سىزگە چىدىمايۋاتىمەن، ئاينۇر، ئۆيىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزەيمىكىن دەۋاتىمەن! — دېدى ئابۇش ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

ئاينۇر گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

ئاينۇر ھەقىقەتەن كېلىشكەن قىز ئىدى، ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى ئابۇشتىن بەش ـ ئالتە سانتىمېتىردەك پاكار ئىدى. ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى ئابۇشقا بەك ياقاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىلا ئەمەس، ئىللىق كۆزلىرىمۇ كىشىگە بولاق سۈيىدەك ئارام بېرەتتى. قىسقىسى، ئابۇش ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ شەپەق نۇرىدەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان جامالىغا تەبىئىيلا ئەسىر بولۇپ قالاتتى، قەلبى يايراپ كېتەتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ يوغان

كۆزلىرى ئابۇشنىڭ قېنىنى قىزىتىپ تۇراتتى، ئاينۇرنىڭ كەڭ پېشانىسى ئابۇشنى گۈزەل ۋە ئازادە خىيال باغچىسىغا باشلاپ تۇراتتى.

ئاينۇر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشقانىدى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۆزى پەلسەپە كەسپىنى ئوقۇغان بولسىمۇ، دوستلىرىنىڭ «گېزىتخانىدا ئىشلە، ئاداش» دېگەن تەكلىپلىرىگە قۇلاق سالماي، دادىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشقانىدى. ئاينۇرنىڭ ئاپىسى ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئاق كۆڭۈل ئانا ئىدى، ئۇ قىزىنىڭ بىر ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقانلىقىغا قايىل بولۇپ: «توۋا، قىزىم كىچىكىدىلا ئىشىكنى دوسكا قىلىپ مەھەللىدىكى قىزلارغا مۇئەللىم بولۇپ، خەت ئۆگىتىپ ئوينايدىغان، مانا ئەمدى چوڭ بولۇپ راستتىنلا بىر مۇئەللىم بولۇپ كەتتى» دەيتتى.

ئاينۇرنىڭ دادىسى يالقۇن تىرىشچان سودىگەر ئىدى. ئۇ ئون ياش ۋاقتىدا قەشقەردىن مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان ئەزىمەت ئىدى.

يالقۇننىڭ دادىسى مۇشۇ شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ مىجەزىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەيتتى: «بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بەك قىزىق، بەزىدە ئادەمنى سارالڭ قىلىپ قويىدۇ، سىز بىر مەھەللىگە كىرىپ بىرىنىڭ ئۆيىنى سورىسىڭىز، ئۇ ئادەم سىزنىڭ ھەممە يېرىڭىزگە قارىۋېتىپ: ‹ئۇ ئادەمنى قانداق تونۇيسىز، نېمىڭىز بولىدۇ، سىز نەدىن كەلدىڭىز؟› دېگەندەك سوئاللار بىلەن سىزنى تازا بىر تاسقىۋالىدۇ، ئاندىن: ‹خوش، ئالدىڭىزدىكى ئاۋۇ بىر تۈپ يوغان سۆگەتنى كۆردىڭىزمۇ، ئاشۇ سۆگەتتىن ئۆتكەندىن كېيىن، يېشىل سىرلانغان بىر يوغان دەرۋازا بار، سىز ئىزدەيدىغان ئادەم شۇ ھويلىدا، خوش ئەمىسە› دەيدۇ...»

يالقۇن دادىسى ئوسمان بىلەن بازاردا چوڭ بولغانىدى، دادىسى ئۇنى كەينىگە سېلىپ ھەقىقىي بىر سودىگەر قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى. دەسلەپكى يىللاردا ئۇلار ئەركىن بازاردا ئاشخانا ئاچتى، كېيىن باققاللىق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بازارنىڭ كۆزىدىن يەر سېتىۋېلىپ دۇكان سېلىپ، قەشقەر، خوتەنلەردىن قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق، گۈلە، ئەنجۈر قېقى، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلارنى تۈركۈملەپ ئاچىقىپ، سودا ئىشلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىدى. ئوسمان ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، يالقۇن دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سودا ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ جەرياندا يالقۇن تاپقان پۇللىرىغا بازاردىن دۇكان سېتىۋېلىپ، ئۇنى سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بېرىپ، بۇ ئىشتىنمۇ ياخشى كىرىم قىلغانىدى. بازاردىكى بەزى ئادەملەر بىلەن مەھەللىدىكى بىر قىسىم قوشنىلار ئۇلارغا باھا بېرىپ، بىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا نېمە ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەن ئادەملەر تېز پۇل تېپىپ باي بولۇپ كېتىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلار شۇ قەدەر ئاددىي ئىدى، سىرتتىن كېلىپ جان بېقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قەلبىدە بىر خىل پىلان، ئارزۇ ـ ئىستەك ھەم جىددىيلىك بار، ئۇلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قىسقا ۋاقىتتا ئۆزىنى ئوڭشىۋالمىسا، يەرلىكلەرنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەي قالاتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز ئازاد بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە جاھاندارچىلىق قىلمىسا، مەنىۋى جەھەتتىن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ روھىي قاتلىمىغا كىرەلمەيتتى. يەرلىكلەر ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن، كۆزلىرىدە ئاشۇنداق قەد كۆتۈرەلمەي قالغان مۇساپىرلارغا باھا بېرىپ، غوجام، بۇ شەھەرگە نېمىدەپ كەلگەنسىز؟ قولىڭىزدا يا ھۈنەر يوق، كۆڭلىڭىزدە يا پىلان يوق، نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ بىر ـ نېمىڭىز ئىككى بولمايدۇ؟ دەپ ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسىنىمۇ تاسقاپ ئوينايتتى.

يالقۇن قىزىنى ئالىي مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى نىيەتلەر

بىلەن ئوقۇتقانىدى، بۇ ئىشتا ئۇ قوشىنىسى مىجىت ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتاتتى. مىجىت ئەپەندى مۇشۇ شەھەر بويىچە ئەڭ پىشقان مائارىپچى ئىدى. ھەرقانداق ئادەم بۇ ئابرويلۇق ئادەمنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيتتى. يالقۇن ئاينۇرنى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆيدە ئاپىسىغا ياردەملەشسۇن دېگەندە، مىجىت ئەپەندى يالقۇننى ئۆيىگە تاماققا چاقىرغانىدى. ئۇ يالقۇنغا چاقچاق قىلىپ: «ئادەم باي بولغانسېرى ئادەمدىن قېچىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئەتە - ئاخشاملىرى قارىغىنىمىزنىمۇ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدۇق، مېنىڭ تۆت كۈنلۈكۈم قېلىپ قالغان ئادەم، بىر ۋاخلىقىمغا ئىككى مانتا يېيەلەيمەن، كۆرۈشۈپ تۇرايلى، بازار ئەھۋالىنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىنمۇ بىلىپ تۇرايلى، بىز ئەمدى قېرىدۇق، خەق بارغان سورۇنغا بارالمايمىز، لېكىن سىزدىن بازار ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تۇرساق، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرىمىز، خاتىرجەم بولىمىز» دېگەنىدى. شۇ كۈنى يالقۇن قىزىرىپ، بىر يەر - بىر ئاسمان بولۇپ كەتكەنىدى: «كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مەن نادانلىق قىلىپ قويۇپتىمەن» دېگەنىدى، ئەپەندى كۈلۈپ: «چاقچاق قىلىپ قويدۇم» دېدى. تاماقتىن كېيىن ئەپەندى يالقۇنغا: «ئاينۇرنى داۋاملىق ئوقۇتۇڭ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرسۇن، ئادەمدە بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، بىلىم ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى قانغا ئوخشاش مۇھىم نەرسە، ئادەم بىلەن بىلىم بىلەن گۈزەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز بالىنى شەرتسىز، قەتئىي ئوقۇتۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ كەلگۈسىدە ئانا بولىدۇ، ئانىدا بىلىم بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بىلىمسىز ئانىلار بالا تەربىيىلىيەلەمدۇ؟ بۈگۈنكى جاھان ھەرگىزمۇ ئۆتكەنكى جاھان ئەمەس، بۇرۇنقى ئادەملەر تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ جان باقسا، ھازىرقى ئادەملەردە بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، بىلىم — مەڭگۈلۈك ئاچقۇچ، ئۇ ھەم بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچىمىز، شۇڭا سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئاينۇرغا ئاشۇنداق بىر ئاچقۇچنى تۇتقۇزۇش، بولمىسا مەن سىزدىن نارازى

بولىمەن، قولىڭىزدىكى پۇلىڭىزنى بالىلىرىڭىزنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ئىشلىتىشىڭىز شەرت» دېگەنىدى. يالقۇن مىجىت ئەپەندىنىڭ مۇشۇ گېپى بىلەن ئاينۇرنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— مېنىڭ تەلپۈمنى ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ ئاينۇر، توغرا، بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا ئۇزاق بولمىدى، لېكىن مەن هازىر ئۆزۈمنى سىز بىلەن ئون يىل دوست بولۇپ سىردىشىپ ئۆتكەندەك هېس قىلىمەن. مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ئىشىنەلەيمەن، سىزمۇ ماڭا شۇنداق ئىشىنىڭ، ھەتتا مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى يېقىن دوستلىرىڭىزغا دەپ بېرىڭ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراڭ، ئاندىن ئىشىمىزنى ئاپىڭىزغا دەڭ، مەنمۇ ئاپامغا دەيمەن، چوڭلارمۇ بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلسۇن، مۇشۇنداق قىلىپ بىز توي قىلايلى، — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر ئابۇشنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى ھەم ئابۇشقا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— گەپ قىلىڭ، ئاپئاق قىز، مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىسام بەك خۇشال بولۇپ كېتىمەن، خۇددى قاراڭغۇ كان ئاستىدا يورۇق جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرگەندەك هېس قىلىمەن، — دېدى ئابۇش ھاياجانلىنىپ.

— ئويلىنىپ باقاي، ئابۇش. مېنىڭ هېچقانداق تەييارلىقىم يوق، كاللام قۇيقۇرۇق، سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن ! — دېدى ئاينۇر بېشىنى كۆتۈرمەي.

— ياخشى ئويلىنىڭ، ئاينۇر، لېكىن ئەمدى مەن ئويلانمايمەن، چۈنكى، مەن سىز بىلەن تونۇشقان كۈندىن باشلاپ ھەممە ئىشلارنى ئويلىنىپ بولغان ھەم ئۆيگە ئەۋەتمىدىغان ئەلچىلەرنىمۇ ئويلىشىپ بولغان !

مەشرەپ قىزىپ كەتتى، يەنە بىر قېتىم تانسا مۇزىكىسى چېلىندى، مېھمانلار خۇشخۇي ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ تانسىغا چۈشتى، پولات ئابۇشقا قاراپ، تانسىغا چۈشۈڭلار دەپ شەرەت

قىلدى.

ئابۇش ھۆرمەت بىلەن ئاينۇرنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتتى، ئاينۇر ئۇنىڭغا ماسلىشىپ تانسىغا چۈشتى، ئابۇشنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئاينۇرنىڭ ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرانە كۆزلىرىدىن ئۈزمەي خىيال قىلاتتى. «ماڭا خۇدايىم بەردى، بۇ قىزنى ھەرگىز قولدىن چىقارمايمەن» دېدى ئۇ ئىچىدە.

تانسا ئاخىرلاشتى. ۋاقىت ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويدى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئابۇش رۇخسەت سوراپ كانىغا چىقىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئۆزىنىڭ ئاينۇر بىلەن تونۇشقان ئەھۋالىنى ئاپىسىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى: «مەن شۇ قىز بىلەن توي قىلماقچى، تەييارلىق قىلىڭلار» دېدى.

ئابۇشنىڭ دادىسى ساۋۇتئاخۇن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى بالىسىنى ئۆيلىيەلمەي خاپا ئىدى. نەچچە قېتىم ئابۇشنى ئۆيگە ئەكىلىۋېلىپ: «ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭ توي قىلىپ بولدى، ئەمدى سەن بۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ بولمايدۇ، ئەگەر تونۇش قىزىڭ بولمىسا مەن ئۆزۈم تاپىمەن، تويۇڭنى قىلمىساق بولمايدۇ» دېگەنىدى. ئابۇش: «ماقۇل دادا، تاپاي، شەھەردىن تاپىمەن» دەپ دادىسىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ كەلگەنىدى. دېمەك، ساۋۇتئاخۇن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھە دېگەندە ئىدىيىسىدە تويغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى، ئابۇشنىڭ ئاپىسى خەلچىخان بۇ خۇش خەۋەرنى بىر كۈندىلا كاندىكى تۇغقانلىرىغا يەتكۈزۈپ بولدى. بۇ ئائىلىدە ئەڭ خۇشال ئادەم خەلچىخان ئىدى، ئۇ ئاخشىمى ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئابۇشنىڭ تويىغا ئاتاپ ساقلاپ كەلگەن دۇنيالىرىنى بىر ـ بىرلەپ چىقىرىپ، كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى، بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ساۋۇتئاخۇن ئايالىغا چىش يېرىپ:

— ھەي قېرى، ئۇ شەھەرنىڭ قىزىغا يارىغۇدەك بىر ـ

نەرسىلىرىڭ بارمىكەن؟ — دېدى.

— بولمامتى، ئون نەچچە يىلدىن بېرى يىغىۋاتقان جىڭ سارجىلار تۇرسا بۇ، — دېدى خەلىچىخان.

— ئەخمەقتە، هازىر دېگەن قانداق دەۋر، شەھەرنىڭ قىزلىرى سېنىڭ سارجاڭنى يارىتامدۇ؟ سارجىدىنمۇ نوچى رەختلەر چىقىپ كەتتى هازىر! — دېدى ساۋۇتئاخۇن.

— ئۆزگە يارىمىسا قۇدىلارنىڭ ئالدىغا قويىمىز، — دېدى خەلىچىخان. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى بىر كىيىملىك سارجىنى چىراغنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئېچىپ قارىدى، — كۆيە چۈشۈپ كەتمىگەندۇ بۇ سارجىغا؟

— ساڭا كۆيە چۈشۈپ بولدى، ئۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى سارجاڭغا كۆيە چۈشمەي قالامدۇ؟ — دېدى ساۋۇتئاخۇن ئايالىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بېشىڭنى يەيدىغان ساراڭ، ئاغزىڭنى يۇم، مېنىڭ ئون گۇلۇمنىڭ بىرى ئېچىلمىدى تېخى!

— مۇنداق دە، بالدۇرراق دېگەن بولساڭ ئەرگە بېرىۋېتەتتىمكەن سېنى، — دېدى ساۋۇتئاخۇن كۈلۈپ.

— هېلىقى موماي بولۇپ كەتكەن ئاشناڭنى ئالاي دېگەنتىڭما؟ — دېدى خەلىچىخان ساندۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ئېچىڭ تار هە سېنىڭ، مۇنداق ياش - ياش قىزلارنىڭ گېپىنى قىلمامسەن؟ — دېدى ساۋۇتئاخۇن كۈلۈپ.

— تۆت كۈن بولسىمۇ ماۋۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسۈن دەۋاتىمەن، قىزنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتكىنىنى، بۈگۈن قىز ئالساڭ، ئەتىسىلا پالەچ بولۇپ كېتىسەن!

— ئاللا دېدىم، ماۋۇ قارغاشنى! ئەگەر قىز ئېلىپ بېرىمەن دېسەڭ، هازىردىن باشلاپ خام تۇخۇم ئىچىپ ئۆزۈمنى ئوڭشاپ تۇرمامدىم!

— سەن قېرى ئەمدى ئالتۇن قايناتىپ ئىچسەڭمۇ

ئەسلىگىگە كەلمەيسەن، ئۇنداق ئىشلارنى چۈشۈڭدە قىل ئەمدى!

— ئۇزاق بولدى خوتۇن، چۈشمۇ كۆرمەيدىغان بولدۇم.

— ئەمىسە، دوقمۇشقا چىقىپ خورازلارنىڭ مېكىيانلارنى قوغلاپ ئوينىغىنىنى كۆر، — دېدى خەلىچىخان كۈلۈپ.

— دەۋاتقان گېپىڭنى قارا سېنىڭ، قېرىغاندا مېنى تاشلىۋەتتىڭغۇ!

— ئاز گەپ قىل قېرى، بىر قېتىم داس تاراڭلىتىپ قويساڭ ئۇن كۈنگىچە بېشىڭنى كۆتۈرەلمەيسەن، يەنە نېمە دەيسەن؟

— ئاللا دېدىم، ماۋۇ ساراڭ خوتۇن چۈشىدىكى گەپنى قىلىۋاتىدۇ جۇما، قېرىغانسېرى مەدداھ بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسما بۇ!... ھە، ئاۋۇ ئابۇش دېگەن بالاڭ لايىقىنى بەك ماختايدۇغۇ!...

— خىزمىتى بار قىز ئىكەن ئەمەسمۇ ئۇ، ساۋۇتئاخۇن! — دېدى خەلىچىخان جانلىنىپ.

— ھازىرقى بالىلار ئەخمەقتە، خىزمىتى بار خوتۇننىمۇ ئالامدۇ، خوتۇن دېگەن نېمە ئۇ، خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇچى دېگەن گەپ، ئۇ خىزمەت قىلسا ئەرنىڭ خىزمىتىنى قانداق قىلىدۇ؟...

— ئالجىپتۇغۇ ماۋۇ قېرى!...

— ئۇنىڭ ئالمىغان خوتۇنىنى ماختاپ كەتكىنىنى!...

— مۇشۇ كانىنىڭ بالىلىرىنىڭ قايسىبىرى شەھەرگە كىرىپ خوتۇن ئالالاپتىكەن؟ ماختايدۇ!

— «خوتۇننى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق» دېگەن گەپ بار، مۇشۇ بالاڭ ئەخمەق بولمىسا، ئازراق نادانلىقى بار، نېمە ئۇ، ئوغۇل بالا دېگەن ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئېلىشى كېرەك!

— سىز ئالالىغانما؟

— سەن كەينىمگە كىرىۋالمىغان بولساڭ ئالاتتىم، — دېدى ساۋۇتئاخۇن كۈلۈپ.

— چۈشۈڭدە كۆرگەنسەن ئۇ ئىشلارنى! ئابۇش تويىنى شەھەردە رېستوراندا قىلىمەن دەيدۇ!
— مەھەللىگە توي بەرمەيمىزما؟
— بېرىمىز.
— ئالدى بىلەن مەھەللىگە توي بېرىۋېتەيلى!
— خۇدايىم بۇيرۇسا دەڭ.
— خۇدايىم بۇيرۇسا.
ئاينۇر شۇ كۈنى ئۆيگە قايتقاندا ئابۇشنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئاپىسىغا دېيەلمىدى، ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەممە ئىشنى ئاپىسىغا دېدى، ئاپىسى ئەھۋالنى ئېرىگە دېدى.
— ياخشى گەپكەن خوتۇن، قىزىڭ بىر ياخشى ئوقۇپ كەلدى، خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى ئاللايدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كۈنگىچە جىم يۈردى، بۇ ئاسان ئەمەس، ئەگەر ئۆزى خالىسا ئەلچىلىرى كەلسە كېلىپ باقمامدۇ، — دېدى ئاينۇرنىڭ دادىسى.
— ئۇغۇ شۇ، يالقۇن، — دېدى گۈلنىسا چىرايىنى ئاچماي، — ئۇ بۇرۇن كاندا ئىشلىگەن بالىكەن، بىزمۇ شەھەردە تۆتنىڭ ئالدى بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئادەملەر. دوست بار، دۈشمەن بار، قىزنى كانلىققا بېرىپتۇ دېسە، سەت ئەمەسمۇ! نەچچە قېتىم، ئېگىز - پەس بالىلار بىلەن ئارىلاشماڭ، دىققەت قىلىڭ دېدىم، مانا ئەمدى بىراقلا بىر كانلىقنى تېپىپتۇ!
— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، خوتۇن، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بىزمۇ ھېچ نەرسىسى يوق نامرات ئىدۇق، مەھەللىدە خەقنىڭ كىچىك ئۆيىدە ئولتۇراتتۇق، قىش كۈنلىرى ئۆيدە تاماق ئەتسەڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتەتتىڭ، بىر مۇزلاپ ئۆيدە ئولتۇرالماي قالاتتۇق، بىزمۇ ئاشۇ كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى، ئەگەر شۇ يىللاردا مەن ئاشۇ مەھەللىدىكى مۇختار دۇنيا دەيدىغان كۆمۈرچى ئادەمنىڭ گېپىگە كىرىپ كانغا چىقىپ

ئىشلىگەن بولسام، بىزمۇ شۇ كانلىق بولۇپ كېتەتتۇق، يامان بولىدۇ، شۇكۇر قىل، خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلما! — دېدى يالقۇن.

— سىز بەزى ئەھۋاللارنى بىلمەيسىز، يالقۇن، مەن كاندا تۇغقانلىرى بار بەزى ئادەملەردىن ئەھۋال ئۇقۇپ باقتىم، ئابۇشنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ماختىشىدۇ، كاندا خېلى يۈز ـ ئابرۇيى بار ئادەملەر ئىكەن، بىراق بەزىلەر: ئابۇش ئۇلارنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس، بېقىۋالغان بالىسىكەن، دېيىشىۋاتىدۇ.

— نېمە؟ بېقىۋالغان بالىسىكەن؟ ياﺋاللا، مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەر نېمىدېگەن يامان بولۇپ كەتتى ـ ھە! بېقىۋالغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ بەش ئەزايى ساق بولسا بولمىدىمۇ؟ كارىمىز نېمە ئۇ ئىشلىرى بىلەن، قىزنىڭ ئۆزى توغرا كۆرسە توينى قىلىۋېرىمىز، شەھەردە ئۆيى بولمىسا بىزدە بار، بىنا ئۆيدە ئولتۇرىمەن دېسە بىنا ئۆينى بېرىمىز، قورۇ ـ جايدا ئولتۇرىمەن دېسە قورۇ ـ جاينى بېرىمىز، قىزنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، بۇنداق مۇرەككەپلەشتۇرمە، ئۇ بالىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولسىلا بولدى! — دېدى يالقۇن.

— ئۇغۇ شۇ، يالقۇن، بىراق خوتۇنلار ئارىسىدىكى سېسىق گەپلەرنى سىز ئاڭلىمايسىزدە! — دېدى گۈلنىسا.

— توۋا، سەن ئاشۇ خەقنىڭ گېپىدىن ئەنسىرەۋاتامسەن، «ھەممىمىزنىڭ بالىلىرى بار، گەپنى ئازراق قىلايلى، خۇدايىمىنىڭ بەرگىنى شۇ ئىكەن ئەمدى» دېسەڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزى بېسىقىدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، يالقۇن، شەھەردە پاكىز خىزمىتى بار بالىلارنى تاپسا بولمامدۇ دەيمەندە! — دېدى گۈلنىسا.

— سەن ياشلارنىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىپ بولالمايسەن، خوتۇن. سېنىڭ قىلىدىغان بىرلا ئىشىڭ بار — قىزىڭنى داۋاملىق ياخشى تەربىيىلە، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدۇ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن قىز بالا

دېگەن نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كېلىدۇ، شۇ ئىشلارنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلىپ مېڭىشنىڭ ئۆزى ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭغا تەجرىبە، ئەقىل كېتىدۇ، سەن قىزىڭغا مۇشۇ ئىشلارنى ئۆگەتسەڭ بولدى، قالغان ئىشلارنى ئۆزى ھەل قىلىپ كېتىدۇ، قىزىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ياخشى ئۆتسۇن دېسەڭ، ئۇنى ئاشۇ كۆيدۈم - پىشتىم دەپ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن بالىغا بېرىشىڭ كېرەك، شۇنىڭدا قىزىڭ تۇرمۇشتا خاپىلىقتىن نېرى ياشايدۇ! — دېدى يالقۇن.

— ئۇغۇ شۇنداق، يالقۇن، ئەمدى دەيمەندە، شۇنچىلىك ئوقۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بالا ئاينۇردىن ئۈچ ياش چوڭ ئىكەن ئەمەسمۇ!...

— مەنمۇ سەندىن تۆت ياش چوڭغۇ؟

— مەن سىزگە تۇز گەپ قىلىۋاتىمەن، يالقۇن.

— مەنمۇ تۇز گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ، ئاۋۇ بۇرۇنقى ئادەملەر ئۆزلىرىدىن ئون ياش كىچىك قىزلارنى ئالاتتىكەن!

— قەشقەرلىكلەردە ئۇ!

— ھوي، ھوي، يۇرتقا تەگمەيلى! — دېدى يالقۇن كۈلۈپ.

— توۋا، تەقدىر دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ! — دېدى گۈلنىسا ھەسرەت چېكىپ.

— ھە مانا، ئەمدى تېخى خوتقا چۈشۈۋاتىسەن، تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، نەدە ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش، بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ تىلىنى چاينىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ! كاللاڭنى ئازاد قىل، شۇنىڭدا يېنىكلەپ قالىسەن، — دېدى يالقۇن.

ئەسلىدە قىزنىڭ توينى قىلىشتا يالقۇننىڭمۇ ئويى باشقىچە ئىدى، ئۇ قىزنى باي بىر سودىگەرگە بەرسەم دەپ ئويلايتتى، چۈنكى بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن يالقۇن ھەممە ئىشتا ئىقتىسادنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى، ئەر ئەڭ مۇھىم، ئۇ ئۆيىنى باققۇچى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ باي ئاغىنىلىرى بىلەن بىر

يەردە ئولتۇرغاندا، ئۇلار قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالغاندا ئۇ گەپ ئارىلاپ: «ئوغلۇڭنى ئوقۇتقان بولساڭ قىزىمنى بېرەتتىم» دەپ قوياتتى. ئاندىن سورۇن قىزىپ كېتەتتى، ئۇ بىرنېمە دەيتتى، بۇ بىرنېمە دەيتتى، لېكىن ئۇلار ئاخىردا يالقۇنغا گەپ تېپىپ بېرەلمەيتتى، چۈنكى، ئاشۇ پۇلدارلارنىڭ باللىرى ئىچىدە يالقۇننىڭ قىزىدىن باشقىلىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەس ئىدى. لېكىن، يالقۇن ئەمەلىيەتچان ئىدى، ئۇ قىزىنىڭ تاپقان لايىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلدى، بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمەي، يىراق ـ يېقىندىكىلەر ئاڭلاپ بولغۇچە توي قىلىۋېتەيلى دېگەن قارارغا كەلدى. گۈلنىسا پەقەت ئاغزىدىلا يالقۇننىڭ گېپىگە ماقۇل بولدى، لېكىن، ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ھەسرەت چېكەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ھەسرىتى يالقۇن ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى، يالقۇن كۆڭلىدە توبغا تەييارلىق قىلىپ بولدى.

يەكشەنبە كۈنى ئابۇش خاڭدىن تۆت ئاقساقالنى كىچىك ماشىنىغا سېلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ، ئۇلارغا ئاينۇرنىڭ قورۇسىنى كۆرستىپ قويۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. مەھەللىنىڭ مۇھىتى ناھايىتى گۈزەل ئىدى، پاكىز يوللار ئادەمگە باغچىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتەتتى، ئېگىز ـ ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر يولغا بەكمۇ چىرايلىق سايە تاشلاپ تۇراتتى، دەريا بويىدىن تەرەپتىن كەلگەن شوخ شامال ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. كاننىڭ ئاقساقىلى ھوشۇر ھاجىم مېھمانلارنى باشلاپ يالقۇنلارنىڭ قورۇسىغا كىردى، يالقۇننىڭ ئۆيىدە تۇغقانلىرى يىغىلىپ تەخ بولۇپ تۇرغانىدى، ئۇ مېھمانلارنى باشلاپ كىرگەن ھوشۇر ھاجىمغا خۇشخۇي ھالدا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ئۇكام، باللىرىڭىز ئامانمۇ؟ — دېدى ھوشۇر ھاجىم تەبەسسۇم قىلىپ.

—. خۇداغا شۈكۈر، خۇش كەپسىزلەر، ئۆيگە كىرەيلى ئەزىز مېھمانلار، — دېدى يالقۇن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ، ئۇنىڭ

كەيىنىدە تۇرغان تۇغقانلار ھۆرمەت بىلەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتتى.

مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلدى، يالقۇن مېھمانلاردىن توختىماي ئەھۋال سوراپ تۇردى، بۇ ئارىدا باللار سۇ ئەكىرىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى.

— بۇ ئۆيلەرنى بەك كاتتا سېلىۋاپسىز، ئۇكام، — دېدى ھوشۇر ھاجىم ھەشەمەتلىك بېزەلگەن سارايغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— خۇدانىڭ بەرگىنى، ھاجىمكا، — دېدى يالقۇن ھىجىيىپ.

— ياخشى، مانا، نېمىدېگەن ياخشى، پۇل تاپقان ئادەم مۇشۇنداق ئۆي سېلىشى كېرەك، قانداق دېدىم سەلىم؟ — دېدى ھوشۇر ھاجىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئۆمەر كاۋاپ ئاغىنىسىگە چاقچاق قىلىپ. ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسى بار ئىدى، ئۇ سەلىم كاۋىنىڭ تاپقان پۇلىغا خوتۇن ئېلىپ - خوتۇن قويىدىغان ئىشىنى قامچىلاۋاتاتتى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىدىغان ھوشۇر ھاجىم بىلەن ياسىن كاۋا كۈلۈپ كەتتى.

— ماڭا بۇ يەر سەل تارلىق قىلىۋاتىدۇ - ھە، ئاغىنىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھوشۇر ھاجىم بار، قالغان گەپنى مەھەللىگە چىققاندا قىلىشايلى، — دېدى سەلىم كۈلۈپ.

— سىلەر ئۈچىڭلار بىر يەردە بولساڭلار مۇشۇنداق ئېيتىشىپ قالىسىلەر، سەلىمگە ئوشۇق گەپ قىلماڭلار، سەلىم جىق ئادەمگە ياخشىلىق قىلغان بوۋاي بۇ، — دېدى ھوشۇر ھاجىم كۈلۈپ.

باللار داستىخان سېلىپ، چاي تارتتى، يالقۇن مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، چايدىن كېيىن تاماق كەلتۈرۈلدى، ئوخشىغان پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى.

— قېنى، تاماققا باقايلى، ھۆرمەتلىك مېھمانلار، — دېدى يالقۇن مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ.

— ئاش بەك ئوخشاپتۇ، يالقۇن ئۇكام، ئاشپەزنىڭ قولىغا دەرد بەرمىسۇن، — دېدى ھوشۇر ھاجىم.

— رەھمەت، ھاجىمكا، رەھمەت. قېنى، چوڭ ـ چوڭ ئالايلى مېھمانلار، — دېدى يالقۇن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— ھازىر مۇشۇنداق ئۆيلەرگە ئالامەت نەقىشلەرنى ئىشلەيدىغان بوپتۇ، — دېدى ياسىن كاۋا ئاغزىدىكى ئاشنى چايناۋېتىپ.

— ھەممىسى قەشقەردىن كەلگەن ئۇستىلار، قاراڭ ئاكا، — دېدى يالقۇن گەپكە ئارىلىشىپ. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان تۇغقانلىرى بىردەك كۈلۈشۈپ كەتتى، كاندىن كەلگەن مېھمانلار بۇ كۈلكە ساداسىدىن يالقۇننىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— قەشقەر دېگەن دۇنياغۇ ئۇ، نېمە دېسە شۇنى تاپقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ھوشۇر ھاجىم.

— ھەشقاللا، رەھمەت، ھاجىمكا! — دېدى يالقۇن كۈلۈپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

مېھمانلار غىزالىنىپ بولدى، باللار داستىخاننى يىغىشتۇردى، مېھمانلار قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ھوشۇر ھاجىم رەھمەت ئېيتىپ يالقۇنغا قارىدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى ئەكەلگەن مېھمانلارنى يالقۇنغا ۋە باشقا مېھمانلارغا بىر قۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، يالقۇنغا قاراپ مەقسىتىنى ئېيتتى.

— شۇنداق گەپ، ھۆرمەتلىك ئىنىم، قىزىڭلار چوڭ بولۇپ قاپتۇ، بالىمىز ئابۇشنىڭ ئەھۋالى مەن بايام دېگەندەك، ئىككىسى تېپىشىپ قاپتۇ، ئۇزاق گەپنىڭ قىسقىسى، ئۆيلىشىپ باقساڭلار، ئەگەر توغرا تاپساڭلار، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويساق، — دېدى ھوشۇر ھاجىم كۈلۈپ. ئۇ ئاندىن يېنىدا تۇرغان ھەمراھلىرىغا قارىدى ـ دە، — سىلەرنىڭ قانداق گېپىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى.

— «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ بار، مەن بىر ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ قوياي، — دېدى ياسىن كاۋا كۈلۈپ، — بىزنىڭ ئابۇش ئاشۇ كانغا ياراشقان بىر تال گۈل ئىدى، شەھەرلىكلەرنىڭ

گۈلى كەملەپ قېلىپ ئۇنى ئەكىرىپ كەتتى، مانا قىزنىڭ ئاتىسىمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، گۈلگە گۈل كەلگەندەك قىلىدۇ، ئاللا رەھمەت قىلسۇن !

— شەھەردە گۈل يېتىشمەيدىكەن دېسەك بولمايدۇ، ياسىن، شەھەردە نېمە تولا، گۈل تولا. شەھەردە كاۋا يوق دېسەڭ يەنە بىر گەپ، — دېدى ئۆمەر كاۋاپ چاقچاق قىلىپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— گەپ گەپ بولسۇن، ئاغىنىلەر، — دېدى سەلىم جىددىيلىشىپ.

— بۇ ئاداشنى شەھەرگە ئەكىرسىمۇ ئاشۇنداق جېدەل قىلىدۇ، — دېدى ياسىن.

— ئەمىسە چاقچاقنى ھېلى بازارغا بارغاندا قىلىشىمىز - ھە ! — دېدى ھوشۇر ھاجىم.

— ئالدىرىشى يوق، ھاجىمكا. مەنمۇ بازاردا چوڭ بولغان، بولمىسا بۇگۈنكى ئىشنى قاتلاپ قويۇپ تۇرۇپ، بىر مەيدان ئولتۇرۇش ئوينىتىۋەتمەيلىما، سازەندىلەرمۇ مۇشۇ مەھەللىدىلا بار، ئۆزۈم تەمبۇرنى بەك ياخشى چېلىۋېتىمەن، — دېدى يالقۇن كۈلۈپ.

— نېسىپ بولاما، ھاجىمكا؟ — دېدى ئۆمەر كاۋاپ دەرھال ھوشۇر ھاجىمغا قاراپ.

— ئەمدى مېنىڭ بۇرۇتۇمغا چالما تىزاي دەۋاتامسەن؟! — دېدى ھوشۇر ھاجىم كۈلۈپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمىسە جىم، ماۋۇ مېھمانلار: «كانىنىڭ ھاجىملىرى قانداق ھاجىمدۇ» دەپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى ھوشۇر ھاجىم كۈلۈپ.

يالقۇنمۇ كۈلكىسىنى بېسىۋالدى، ئۇ ئىچىدە: «تويدىن كېيىن بىر چاقىرىپ كېلىپ ئولتۇرۇش ئوينايدىغان ئادەملەر ئىكەن بۇ» دېدى.

ھاجىم يالقۇنغا قارىدى.

— ئەمىسە، ھاجىمكا، مەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، — دېدى يالقۇن ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ، — ئالدى بىلەن مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، ياشانغاندا ئۆزۈن يول بېسىپ كەلمىككىلار ئاسان ئەمەس، ئىلاھىم دەسسىگەن يېرىڭلاردىن گۈل ئۈنگەي، ياخشى كەپسىلەر، يۇرتقا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئابۇش ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بالا ئىكەن، قىزىمىز ئاينۇر ئۆزى قوشۇلغان بولسا، بىزنىڭ بۇنىڭغا باشقا پىكرىمىز يوق، مەن قوشۇلىمەن، ھېلىقىدەك «ئۆيلىنىپ باقايلى، توغقانلارغا مەسلىھەت سالايلى، ئاپىسى نېمە دەيدىكىن؟» دەيدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زاماندا بۇنداق ئىشلاردا مىكى - مىكى قىلىپ يۈرسەك بولمايدۇ، تەييارلىق قىلايلى، توينى قىلىۋېتەيلى، ھەممىمىز بالا دەپ ياشايمىز، يوقنى بار قىلايلى، بىزدە يوق نەرسىلەر سىلەردە بار، سىلەردە يوق نەرسىلەر بىزدە بار، ئىككى ياش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى، ئۆيىنى تۇتسۇن، مېنىڭ پىكرىم مۇشۇ!

— رەھمەت ئىنىم، ئاللا مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگەي! — دېدى ھوشۇر ھاجىم.

كاندىن كەلگەن مېھمانلار يالقۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

مېھمانلار رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى، قورۇغا چىققاندا، ھاجىم يالقۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى تۇغقان بولۇپ كېتىمىز، ئوبدان ئىنىم، ئۆزىڭىز خۇشخۇي، كاللىڭىز ئوچۇق بالا ئىكەنسىز، كانغا بىر چىقىڭ، سىز بىلەن بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز ئولتۇرساقمۇ قېنىشمايدىغان ئوخشايمىز.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ھاجىمكا، توينى تۈگىتىۋالايلى! — دېدى يالقۇن.

— خوش ئەمسە ئىنىم، ئاللا سالامەتلىكىڭىزنى بەرگەي، — دېدى ھاجىم.

مېھمانلار يالقۇن بىلەن خوشلىشىپ قورۇدىن چىقتى.

ئۇلار تۆت كوچىغا كەلگەندە، ئابۇش ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ھوشۇر ھاجىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— تەلىيىڭ بار ئىكەن، بالام، بولغۇسى قېيىناتاڭ ئىش كۆرگەن، قورسىقى تويغان ئادەم ئىكەن، — دېدى.

يالقۇن مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، تۇغقانلار بىلەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، ئۇ قېيىنىنىسى شۆھرەتكە قاراپ تۇرۇپ:

— ھەممىسى ياشانغان كىشىلەركەن، بىراق بەك قىزىقچى ئادەملەركەن! — دېدى.

— ئاكا، كان دېگەندە مۇشۇنداق جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ئادەملەر بار، شۇڭا ئۇلار خۇشخۇي، گەپدان كېلىدۇ! — دېدى شۆھرەت.

ھەممە ئىش پۈتتى، توي شەھەردە رېستوراندا بولىدىغان بولدى، توي كۈنى ئابۇش قىزنى كانغا كۆچۈرۈپ چىقىدىغان بولدى، ئۇلار چوڭلارنىڭ قېشىدا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن شەھەردىكى بىنا ئۆيگە قايتىپ كىرىدىغان بولدى. ئابۇش بۇ ئىشلارنى ئەركىن، ئازات قاتارلىق يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلىشتى.

شەنبە كۈنى توي شەھەردىكى ئەڭ كاتتا «كۆك كەپتەر» رېستوراندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى، ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ئابۇش ئاينۇرنى ماشىنىغا سېلىپ، شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل باغچە بىلەن دەريا بويلىرىنى ئايلاندۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللار مۇشۇنداق بىر ئويۇن چىقىرىۋالغانىدى، بۇ يەنە سىنئالغۇغا ئېلىش زۆرۈرىيىتىدىن ئىدى. ئۇلار گۈزەل باغچىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئادەم، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن ئۇچرىشىپ بولغاندىن كېيىن كانغا چىقىپ ئابۇشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇرۇق ـ

توْغقانلار بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن شەھەرگە كىرىپ ئاينۇرنىڭ توْغقانلىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشتى. ئەسلىدە بۇنداق قائىدە يوق ئىدى، بۇ ئىشنى ئابۇش ئۆزى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان يىگىرمىگە يېقىن كىچىك ماشىنىدىكى مېھمانلار ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قايىل بولدى: ئوغۇل بالا، قىز دېگەننى كانىغا ئاچىقتى، ئۆزى توْغۇلغان يەرنى ئۇنتۇمىدى، بىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن توينى مۇشۇنداق قىلساق بولغۇدەك، دېيىشتى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار رېستورانغا قايتىپ شىرەلەرگە جايلىشىپ، توي مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مېھمانلار ناھايىتى جىق ئىدى، قىز تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارغا قارىغاندا ئابۇشنىڭ مېھمانلىرى بىرقەدەر جىق ئىدى، بولۇپمۇ كاندىن نۇرغۇن يىگىت كىرگەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئابۇش بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان بالىلار ئىدى، مېھمانلار رېستوراننىڭ 50 شىرەسىگە ئاران پېتىشقانىدى. تاماقتىن كېيىن توي باشقۇرۇۋاتقان يىگىت نۇتۇق سۆزلەپ، ئىككى ياشنىڭ توينى مۇبارەكلىدى، ئاندىن شوخ مۇزىكا باشلاندى، قىز ـ يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شوخ ۋە لەرزان رىتىملارغا باي نەپىس ھەرىكىتى ھەممەيلەننىڭ يۈرەكلىرىنى ئوينىتىپ، قانلىرىنى قىزىتتى. بىرپەستىن كېيىن پەدە تانسىغا يۆتكەلدى. تانسا بىلەن خۇشى يوق قىز ـ يىگىتلەر ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، تانسا ئوينىغان مېھمانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆردى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى. بەزىلەر: «ئاينۇرنىڭ تەلىيى كەپتۇ، ئابۇش بەك كېلىشكەن بالا ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «قانداق تەلىيى كېلىدۇ ئۇنىڭ، شۇ كانلىققا تەگدى، ئاڭلىساق بېقىۋالغان بالا ئىكەن» دېيىشەتتى. مەيلى قانداق بولسۇن، توي داۋاملىشىۋاتاتتى، شوخ ناخشىلار ئىككى ياشنىڭ بەختى ئۈچۈن ياڭراۋاتاتتى، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتاتتى.

توي ئاخىرلاشتى، پىلان بويىچە قىزنى كانغا كۆچۈرۈپ

چىقىش كېرەك ئىدى. ھەممە ئىشلارنى ئەركىن، ئازات، ئەزىزلەر ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. تويغا كەلگەن مېھانلار تارقالغاندىن كېيىن، ئابۇش ئاينۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماشىنىغا چىقتى. ئازات ئىشلارنى بىر قولللۇق ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. كىچىك ماشىنا يىگىت بىلەن قىزنى ئېلىپ كۆنچىقىش تەرەپتىكى كانغا قاراپ يول ئالدى. قالغان ماشىنىلار ئۇلارغا ئەگەشتى، بۈگۈن كان تويى شادلىقىغا چۆمدى.



## 6

ئابۇش ئايالى بىلەن كاندا بىر ھەپتە تۇردى. ئۈچ كۈن بولغاندا ئەزىز چىقىپ ئۇلارنى يوقلاپ كىرىپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئابۇش ئايالىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇ زاۋۇتقا كېلىپ ئىشقا چۈشۈۋالدى، ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ قەدەر راۋان ئىدى.

ئاينۇرمۇ مەكتەپكە ئىشقا چۈشۈۋالدى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئۇ كاندا تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە، ئابۇشنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا، دەسلەپكى قەدەمدە كان مۇھىتى ۋە كان جەمئىيىتى بىلەن تونۇشتى، بولۇپمۇ ئۇ ھەر كۈنى ئابۇشنى تاماققا چاقىرىپ كەلگەن ئاغىنىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن قايىل بولدى. ئابۇش يەنە خۇشخۇي ھالدا ماشىنىنىڭ رولىنى چىڭ تۇتۇپ، داۋاملىق كان ـ كاندىن شاخار كۆمۈر توشۇش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. كۈنلەر ئۆتتى، يېڭى تۇرمۇشنىڭ مۇھەببەتلىك مىنۇتلىرى ئابۇشنىڭ مەنىۋىيىتىنى گۈللەندۈرمەكتە ئىدى، مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە زاۋۇتتا بىر ئىش يۈز بەردى.

ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن ئابۇش ئەزىزنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى، شوپۇرلار ئادەتتە كۈندە مۇشۇ يەردە بىر ئۇچرىشىپ ئاندىن ئىشقا ماڭاتتى، ئەزىز ئىشخانىدا يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىدا پولات ئولتۇراتتى.

— ئەزىزكامنىڭ ئورنىغا باشلىق بولۇۋالغان ئوخشىمامسەن ئاداش، — دېدى ئابۇش پولاتقا قاراپ كۈلۈپ.

— ئەزىزكامنىڭ ئورنى ماڭا تەگمەيدۇ، ئاداش، ساڭا تېگىپ

قالسا تاڭ ئەمدى، — دېدى پولات ئابۇشقا قاراپ، — ھازىر ئەزىزكامدىن تېلېفون كەپتۇ، سېنى كانغا ماڭماي تۇرسۇن، دەيدۇ.

— باشقا يەرگە بارىمىزمىكەن؟ — دېدى ئابۇش.

— بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، بايام قارىسام باشلىقلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، بەك جىددىي ئىشقىلىپ، — دېدى پولات.

— بىرەر ئىش يۈز بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ، بايام زاۋۇتنىڭ مەمۇرىي ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تەلئەت ئەزىزكامنى چاقىرىپ كەتكەن، ئىشقىلىپ بىرەر ئىش بولغاندەك، — دېدى پولات.

ئابۇش بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئەزىز ئىشىكنى ئېچىپ ئىشخانىسىغا كىردى، ئابۇش ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ جىم بولۇۋالدى، ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان شوپۇرلارمۇ جىمىپ قالدى.

— ئابۇش بىلەن پولات قالسۇن، قالغىنىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىغا مېڭىڭلار، ئابۇش بىرنەچچە كۈن كانغا ماڭمايدۇ، ۋەلى سەن ئابۇشنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئورۇندايسەن، مۇكاپىتىڭنى ئايرىم ئىشلەپ بېرىمەن... شۇنداق بولسۇن، ئىشىڭلارغا مېڭىڭلار، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار...، — دېدى ئەزىز.

ئابۇش بىلەن پولاتتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى، ئابۇش ئەزىزنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— بىر ئىش بولدىما، ئەزىزكا؟ — دېدى ئابۇش.

— ئىش چاتاق، ئۇكا، تاشنىڭ ماشىنىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئەزىز، — پولات، سەن ئاتمىش يەتتىنچى نومۇرلۇق ماشىنىنى ھەيدە، بىز نەق مەيدانغا بارىدىغان بولدۇق، دوختۇرخانىدىن بىرنەچچە ئادەم ئېلىۋالايلى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاشنىڭ ئەھۋالى چاتاق...

— ماشىنىسى قەيەردە ئۆرۈلۈپتۇ؟ — دېدى پولات.

— ئاشى تېغىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ جىراغا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئىمام باشلىق ئۇرۇمچىدە دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى ـ غۇ، كىمنى ئاچىقىپتىكەن؟ — دېدى ئابۇش.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ! ئۆزى ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناپ چىقىپتىكەن، پولات، بولە، ئاپتوبۇسنى تەييارلا، — دېدى ئەزىز.

— مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟ — دېدى ئابۇش.

— سەن دوختۇرخانىغا بېرىپ نەق مەيدانغا بارىدىغان دوختۇر ـ سېستىرالارنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەل، ئۇلارنىڭ خەۋىرى بار... ئاخشام ئۆرۈلگەن ماشىنا ئىكەن ئۇ، مېنىڭچە، بىرىمۇ ساق ئەمەس!

— ماقۇل، — دېدى ئابۇش، ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەزىز زاۋۇتتىن ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئاپتوبۇس بىلەن يولغا چىقتى، زاۋۇت رەھبەرلىرى بىر كىچىك ماشىنا بىلەن بىر سائەت ئالدىدا يولغا چىقىپ بولغانىدى، ئەمەلىيەتتە تاش ئۆلۈپ بولغانىدى، رەھبەرلەر گەپ تارقىلىپ كەتمىسۇن دەپ، بۇ خەۋەرنى ئەزىزگە ئېيتمىغانىدى. ئەزىز ئېلىپ ماڭغان دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ ۋەزىپىسى جەسەتنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغانىدا، ئۇلار ئاشى تېغىغا يېتىپ كەلدى. ئەزىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىگە، زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يارمۇھەممەت ئۇنى چاقىردى.

— بەك كەچ قالدىڭلارغۇ، ئەزىز؟ — دېدى يارمۇھەممەت بىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— يول بەك يامان ئىكەن، يارمۇھەممەتكا، — دېدى ئەزىز.

— ئەمىسە ئىش مۇنداق ئۇكا: بىز بايام جىراغا چۈشۈپ چىقتۇق، تاش ئۆلۈپتۇ، ئۇلار تۆت ئادەم ئىكەن، ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇل. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. بىرى بىزنىڭ زاۋۇت رېمونت بۆلۈمىدىن نىياز، قالغان ئىككى قىزمۇ بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ قىزلىرى ئىكەن، ئۇلار ئوينىغىلى چىقىپتىكەن. ئىككىلىسىنىڭ

خوتۇنلىرى بار نەرسىلەر، نېمە سەتچىلىك دەيمەن ئەمدى، ماشىنىمۇ كاردىن چىقىپتۇ... ئەمىسە سەن ئادەملىرىڭنى تۆۋەنگە چۈشۈر، جەسەتلەرنى ئاق رەختكە ئوراپ كۆتۈرۈپ چىقسۇن، — دېدى يارمۇھەممەت.

— ماقۇل، — دېدى ئەزىز.

ئۇ ئابۇش بىلەن پولاتنى دوختۇر - سېسترالارغا باش قىلىپ جىراغا چۈشۈردى.

«ئويۇندىن نېمە چىقتى؟ ئاناڭنىڭ پالان نېمىسى دېگەن مۇشۇ» دېدى ئەزىز ئىچىدە.

ئەزىز يارمۇھەممەت باشلىقنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تاغدا نېمە بار دەيمەن بۇ خەققە، ھەممە ئويۇن شەھەردە تۇرسا... مانا ئەمدى كەلگۈلۈك خوتۇن - بالىلىرىغا كېلىدىغان بولدى، — دېدى ئەزىز.

— ئۆزلىرى بىلەن تۇگىسە مەيلىتتىغۇ، ئۇكا، بايام يولدا ئىمام باشلىققا تېلېفون بەرگەن، «ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ چىقىپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنى قىلماڭلار، مېنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشكەن دەڭلار، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئىككى مېھماننى تاغقا ئويناتقىلى ئاچىقىپتىكەن دەڭلار، بولمىسا ئىش چاتاق بولىدۇ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىمۇ زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالمىساق بولمايدۇ» دەيدۇ. مەن زاۋۇتقا مۇشۇنداق تېلېفون بەردىم، گەپنى مۇشۇنداق قىلىدىغان بولدۇق، سەنمۇ قول ئاستىڭدىكى باللارغا مۇشۇنداق دە، ئۇكا، تاش ئەمدى تىرىلمەيدۇ، ئۇ ئىش ئۇستىدە ۋاپات بولدى دەپ ئايالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالمىساق باللىرىنى باقالمايدۇ، — دېدى يارمۇھەممەت.

— ماقۇل، يارمۇھەممەتكا، — دېدى ئەزىز.

«باشلىق دېگەن باشلىقتە، بىردەمدىلا ئىشنى ئوڭشاپ بوپتۇ مانا» دېدى ئۇ ئىچىدە.

دوختۇر بىلەن سېسترالار جەسەتلەرنى ئاققا يۆگەپ ئاچىقتى، ئەزىز ئابۇشنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تاشنىڭ جەسىتى قايسى؟

— مۇشۇ، — دېدى ئابۇش قولىدىكى زەمبىل ئۇستىدىكى جەسەتنى كۆرسىتىپ.

— قەيېرى زەخىملىنىپتۇ؟

— بېشى... دۆشىدەك ئېزىلىپ كېتىپتۇ، كۆرۈپ باقامسەن؟ — دېدى ئابۇش.

— يەرگە قويە...، — دېدى ئەزىز.

ئابۇش بىلەن پولات زەمبىلنى يەرگە قويدى، ئەزىز ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ ئاق رەختنى ئاستا ئاچتى، تاشنىڭ بېشى ئۇرۇلۇپ ياپىلاق بولۇپ قالغانىدى، ئەزىز جەسەتنى تونۇيالمىدى، ئۇ ئاقنى يېپىۋەتتى.

— مۇشۇ تاش ئۆزىما، ئۇكا؟ — دېدى ئەزىز ئابۇشقا قاراپ، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— مۇشۇ تاش شۇ، — دېدى پولات.

— ئاپتوبۇسقا ئاچىقىڭلار، يولغا چىقايلى، — دېدى ئەزىز.

دوختۇر ـ سېستىرالار جەسەتنىڭ ھەممىسىنى ئاپتوبۇسقا ئاچىقىپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنا شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

دەسلەپتە ئابۇش ئايرىم بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى، ئاپتوبۇس ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ئەزىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە:

— تاش دائىم ماشىنىنى مۇشۇنداق سورىماي ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىغان، ئىمام باشلىقمۇ رەھمەتلىككە بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىغان، مانا ئاخىر بېشىغا چىقتى، — دېدى.

— ماشىنا دېگەن بىر سىرلىق نەرسە، ئۇكا، ئوغرىلىقچە ھەيدىسە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئەزىز.

— ئەجەل، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش.

— شۇنداق، ئۇكا، ئەجەل، ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولىدۇ، — دېدى ئەزىز.

— بىر ئىشنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي، ئەزىزكا، ئېسىڭدە

بولسۇن، ئىمامكام كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئادەمگە شوپۇر لازىم بولىدۇ، مېنى كۆرسەتسەڭ، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىۋالسام، — دېدى ئابۇش.

ئەزىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ ئابۇشقا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى، ئەزىز نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

«توۋا، ماۋۇ بالا نېمە دەيدىغاندۇ، ئۆلمەن دېسە تېپىمەن دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىدۇ يا؟» دېدى ئەزىز ئىچىدە.

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش.

ئەزىز يەنە ئۈندىمىدى.

ئاپتوبۇس قاراڭغۇ چۈشكەندە شەھەرگە يېتىپ كەلدى، يارمۇھەممەت ئورۇمچىدىكى ئىمام باشلىقنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن جەسەتنىڭ ئىگىلىرىگە خەۋەر قىلدى، ئۇلارنى زاۋۇتنىڭ كىچىك يىغىن زالىغا يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. شۇ تاپتا يىغىن زالىنى يىغا باستى، ئىشچىلار جەسەتنىڭ ئىگىلىرىگە ياردەم قىلىشىپ، جەسەتنى ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

ئەتىسى ئەزىز يارمۇھەممەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆلۈم بولغان ئۆيلەرگە ئادەم، ماشىنا ئەۋەتىپ، جەسەتلەرنى يەرلىككە قويۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابۇش ئەزىزنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

— ماڭا ياردەم قىلمىساڭ بولمايدۇ، ئەزىزكا. ئىمام باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى مەندىن باشقا ئادەم ھەيدىسە بولمايدۇ، — دېدى ئابۇش.

تۈنۈگۈن يولدا ئابۇش مۇشۇ گەپنى قىلغاندا ھە دېگەندە ئەزىزنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، كېيىن ئۇ يولدا ئابۇشنىڭ گېپىنى قايتا ـ قايتا ئويلىدى. ئەگەر ئابۇش ئىمام باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىسە، ئۆزىگىمۇ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ قالغانىدى.

— مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئۇكا. خاتىرجەم بول، مەن بۇ

ئىشقا كىچەيمەن، — دېدى ئەزىز.
ئابىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى، كەچتە ئۆيگە كەلگەندە، ئۇ بۇ ئىشنى ئاينۇرغا ئېيتتى.
— كىچىك ماشىنا بەك خەتەرلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئابىش، ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ ماشىنىڭىزنى ھەيدەۋەرسىڭىز بولارمىكىن؟ — دېدى ئاينۇر ئابىشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.
— ھاراق ئىچىپ ھەيدىسە ئاشۇنداق ۋەقە چىقىدۇ، خوتۇن. قانۇن ساقچىلىرى ئۇلارنى تەكشۈرۈپتۇ، رەھمەتلىك ھاراق ئىچىۋاپتىكەن ئەمەسما! — دېدى ئابىش.
— يوشۇرۇپ كەتكىنىنى، زاۋۇتتىكى خوتۇنلار ئۇلارنى ئاشنىلىرىنى تاغقا ئويناتقىلى ئاچىقىپتىكەن دېيىشىدۇغۇ؟ — دېدى ئاينۇر.
— ئەپقاچتى گەپ، سەن ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمە، بۇ زاۋۇتتا گەپ تاپىدىغان بىرقانچە خوتۇن بار، ئۇلار بۇقىنىمۇ تۇغدۇرۇۋېتىدۇ، — دېدى ئابىش.
ئەتىسى ئەتىگەندە ئابىش ئادەت بويىچە ئەزىزنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى، ئەگەر باشقا ئىش بولمىسا، ئۇ ماشىنىسىنى قوزغاپ كانغا شاخار كۆمۈر توشۇغىلى ماڭاتتى. ئەزىز باشقا شوپۇرلارنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۇنى ئېپقالدى.
— يارمۇھەممەت باشلىق بايام تېلېفون بېرىپتۇ، ئۇكا، تاشنىڭ ئورنىغا بىر شوپۇر تاپايلى دەيدۇ، ئىمام باشلىق ئەتە ئۇرۇمچىدىن كېلىدىكەن، — دېدى ئەزىز.
— ئەمىسە پۇرسەتنى چىڭ تۇتايلى، ئاكا، نېمە كەتسە كەتسۇن، باشلىقنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى قولۇمغا ئالاي، — دېدى ئابىش.
— خاتىرجەم بول، ئۇكا، مەن سېنى كۆرسىتىمەن...
— ماڭا ياخشىلىق قىلىپ، مېنى كاندىن شەھەرگە ئەكىرىپ قويدۇڭ، ئەزىزكا، مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز

ئۇنتۇمايمەن، ئەگەر مېنى يېنىڭغا تارتمىغان بولساڭ، كاندا بىر ئۆمۈر يېگەن نېنىم چىرايىمغا چىقمايتتى. بۇ قېتىم ئەمدى ماڭا يەنە بىر ياخشىلىق قىلىپ قوي، ئاكا، باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى باشقىسى ھەيدىسىمۇ ھەيدەيدۇ، مەن ھەيدىسەممۇ ھەيدەيمەن، لېكىن مېنىڭ ھەيدىگىنىم باشقا گەپ، مەن ھەيدىسەم، سېنىڭ ھويلاڭغىمۇ كۆن چۈشىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— مەن سېنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىڭگە ئامراق، ئۇكام، خۇدايىم بۇيرۇسا تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى بىللە قىلىمىز، خاتىرجەم بول، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، — دېدى ئەزىز.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، راست دېگەندەك ئەزىز يارمۇھەممەتكە ئابۇشنى تونۇشتۇردى، ئۇنى «بىرىنچىدىن، ماشىنىنى ياخشى ھەيدەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تېخنىكىسى ياخشى، چوڭ - كىچىك رېمونتنى ئۆزى قىلالايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىجەزى ياخشى» دەپ تونۇشتۇرۇپ ماختاپ بەردى. بۇ جەرياندا ئابۇشمۇ جىم ياتمىدى، كانىنىڭ قويلىرى بەك ياخشى، بىنەمنىڭ ھاۋاسىدا يېتىلگەن قويلارنىڭ گۆشى بەك تاتلىق بولىدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ۋاستە قىلىپ، ئەتە - ئاخشاملىرى ھىجىيىپ يۈرۈپ، يارمۇھەممەت باشلىقنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ تۇردى.

ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكى يارمۇھەممەت باشلىقنىڭ ئايالىغا بەكمۇ ياققاندى، نەتىجىدە، ئابۇش زاۋۇت باشلىقى ئۈچۈن يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان كىچىك ماشىنىغا ئىگە بولدى، ئابۇش خۇشاللىقا چۆمدى.

بىر ئايدىن كېيىن، يارمۇھەممەت باشلىق ئەزىز بىلەن كۆرۈشتى.

— ئابۇش بىزنىڭ باشلىقا بەك ياراپتۇ، ئەزىز ئۇكا، ئايىغى يېنىك، ئاغزى يۇمشاق بالىكەن، ياخشى ئىشلىسۇن، — دېدى يارمۇھەممەت.

— مەن سىلەرگە يامان بالىلارنى كۆرسەتمەيمەنغۇ، باشلىق، كاندا بىردىنبىر بالا ئىدى بۇ، باشلىقى بەرگىلى ئۇنىماي، جىق

يول مېڭىپ كەتتۇق ئەمەسما! ئابۇشنىڭ ياخشى يېرى — شەرەت بىلىدۇ، تېتىك، ئەقلى بار، كاندىن بۇنداق بالىلارنىڭ چىقىشى تەس...

— شۇنداق، ئەزىز، ياخشى ئىشلىسۇن، ئاغزى چىڭ بولسۇن، بەزى ئىشلاردا بىردەم گاس، بىردەم ئەما بولۇۋالسۇن، قالغان يەرلىرىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئەگەر ھەممە تەرەپتىن مۇشۇنداق ياخشى ماڭسا، تۇرمۇشىمۇ ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يارمۇھەممەت.

— رەھمەت، مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، ئابۇش ھەرگىز بىزنى يەرگە قاراتمايدۇ، — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

دېمىسىمۇ ئابۇش باشلىقنىڭ ئېپىنى ئېلىۋالغانىدى، ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا باشلىقنىڭ قورساقتا ئامراق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈن ئارىلىقىدا ۋاقىت چىقىرىپ، ئەركىن بازارغا بېرىپ كەپتەر بازىرىدىن تۆت - بەش ياۋا كەپتەر ئەكىلىپ، زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى كۆكتات بازىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاشخانىغا ئەكىرىپ شورپا قىلىشقا تاپشۇرۇپ، كېچىلىرى باشلىقنى مېھمان قىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئىمام باشلىققا بەك ياققانىدى، شۇڭا ئۇ ئابۇشنى «ئىش بىلىدىغان ياخشى بالا ئىكەن» دەپ باشقىلارغا ماختاپ بەرگەنىدى.

بىر كۈنى ئەزىز ئابۇش بىلەن بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىر جىڭ تىكلەپ قويۇپ، ئىچكەچ پاراڭلاشتى.

— مەن دەيمەن، ئۇكا، ئەگەر مۇشۇ جاھاندا ھاراق بولمىسا، ئادەم زېرىكىپ ئىت بولۇپ كېتەتتىمىكىن، ھاراق ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئەزىز.

— شۇنداق، ئەزىزكا، بەزىلەر ھاراقنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ھاراق ئىچكەنلەرنى ئەيىبلەپ تىللايدۇ، مېنىڭچە ھەقىقىي بىچارە ئۆزى، ئەگەر بىر ئەر ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ھاراق ئىچمەي ياشىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي تەمىنى بىلەلمەيدۇ، —

دېدى ئابۇش.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ ئۇكا، شۇڭا مېنىڭ هاراق ئىچمەيدىغان ئادەم بىلەن خۇشۇم يوق، ئېقىم كېلىشمەيدۇ، ئۇلارغىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئەزىز.

— بىر زامانلاردا كاندا تۇجۇ[1] ئىچىشىپ كەتتۇق، كۆمۈرگە چىققان شوپۇرلار ئالغاچ چىقاتتى، هېلىقى هاراق ئىچمىزنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى، ئۇنداق هاراقلار ئەمدى يوق. هازىر تۆت كۈندە هاراقنىڭ ماركىسىنى، قۇتىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئادەمنى پايپاق قىلىۋاتىدۇ، هاراقنىڭ تەمى بۇرۇنقىدەك ئەمەس، ئىچسەڭ قورسىقىڭنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇۋالىدۇ، بۇرۇنقى هاراقلار دېگەن تىرناققىچە باراتتى ئەمەسمۇ، ئاكا...

— بىلىدىكەنسەن، ئۇكا، ئۇ يىللار ئەمدى كەلمەيدۇ، هازىر ئادەملەر ھەممە نەرسىگە ئۇسما قويىدىغان بولۇپ كەتتى. ئامال يوق، ئۇكا! — دېدى ئەزىز قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— كانغا چىقىپ بىر ئويناپ كەلسەك بولاتتى، ئەزىزكا، ئاغىنىلىرىم بەك چاقىرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— بىر كۈنى چىقىمىز، ئۇكا. خوش، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ گېپىگە كېلەيلى، باشلىق سەندىن رازى، ئۇكا، ياخشى ئىشلەۋاتىسەن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، سەن ياخشى ئىشلىسەڭ، بىزگىمۇ ياخشى، قولۇڭدىكى رولنى قەدىرلە، رول دېگەن چۆمۈچ دېگەن گەپ، چۆمۈچ بولمىسا، قازاندىكى گۆش سېنىڭ بولغىنى بىلەن قاچاڭغا چىقمايدۇ، — دېدى ئەزىز روھلىنىپ ئابۇشنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئاندىن كۈلدى.

ئابۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانچە تەسىرلىنىپ كەتمىدى، ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ هاراقنى ئىچىۋەتتى، ئاندىن يەنە رومكىغا هاراق قۇيۇپ، ئەزىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— خاتىرجەم بول، ئاكا، مەن ئۇ تەرەپلىرىنى ياخشى

---

[1] تۇجۇ — خەنزۇچە «头酒» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە چۈشكەن هاراقنىڭ ئاتىلىشى.

بىلىمەن.

— سەن بىلمەيدىغان ئىشمۇ بارمۇ تېخى، مانا ئەمدى مەن ساڭا گەپ قىلىپ بېرىمەن. خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، ئۇكا، خىزمىتىڭ ياخشى كېتىۋاتىدۇ، ئۆيۈڭنىمۇ يېڭى ئۆيگە ئالماشتۇرۇۋالدىڭ، قارىماققا سەن ھەممە ئىشىڭ ئېپىنى ئېلىپ قالغاندەك، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ بايقىشىمچە، سەن ئادەتتە بەك جىددىي يۈرىدىغان بولۇۋالدىڭ، بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدىڭ. باشلىقىڭ قېشىغا كەلگەندىن بېرى كىشىلەرگە تازا چىراي ئاچمايدىغان بولۇۋالدىڭ، بۇنداق يۈرسەڭ بولمايدۇ، ئۇكا. ھەممە ئادەمگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۈلۈپ يۈرۈش كېرەك. ئادەمنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك كۈلۈش كېرەك، ئەتە - ئاخشاملىرى بىكار بولغاندا ئەينەككە قاراپ كۈلۈشنى مەشىق قىل، سەن بۇ ئىشنى سەل چاغلىما، ساڭا بىر ئۆمۈر ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان نەرسە مۇشۇ. كاندا قانداق يۈرگەن بولساڭ، مۇشۇ يەردىمۇ شۇنداق يۈرۈۋەر، ئەگەر سەن بىرنەچچە خىل كۈلۈشنى ئۆگىنىۋالمىساڭ، ئادەمگە ئادەمچە، شەيتانغا شەيتانچە مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنەلمەيسەن، ئۇ ۋاقىتتا بىر نېنىڭ ئىككى بولمايدۇ. بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئادەملىرىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇكا. قالغان ئىشلارنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىسەن. ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىنىڭكىگە ئارىلىشىپ كەتكەن، دىققەت قىلمىساڭ، بەزى قىز - چوكانلار سېنى توغرىلاپ كېتىدۇ. شۇڭا، سەن كۈلۈشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. كۈلۈپ يۈرگەن نېمىدېگەن ياخشى، ئۇكا، بىر پۇل خەجلىمەي جىمى ئادەمگە ياخشى كۆرۈنۈپ قالىسەن ئەمەسمۇ! كۆرگەنلا ئادەمگە ھىجىيىپ بەرسەڭ، ياخشى بالىكەن، مىجەزى ئوچلۇقكەن دەپ سېنى ماختايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئادەملىرىنىڭ مىجەزى مۇشۇنداق، ئۇكا. ھەممىسى دېسەك بولمايدۇ، تەڭدىن تولىسى مۇشۇنداق سوغۇقچان... غەيۋەت قىلىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ بەرگەن ياخشى، ئۇكا. قىلىدىغان ئىش جىق، لېكىن

جاھاندىكى ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن شەرتسىز ھالدا كۆلۈشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. ئەگەر پەقەت كۆلىدىغان ئىش تاپالمىساڭ، ماشىناڭنىڭ چاقىغا قاراپ كۈل. يولدىكى دىئاگراممىلارغا قاراپ كۈل، مۇشۇنداق ياشىساڭ، سالامەت بولىسەن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ، مىجەزىڭ ئۆزگىرىپ، ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدىغان بولۇپ قالىسەن، ئۇ چاغدا نېمىدېگەن ياخشى، ئۇكا. كۆزۈڭگە قارايدىغان ھەربىر ئادەمنىڭ قورسىقىدا مىدىرلاۋاتقان ھەممە قۇرتلارنى بىلىپ تۇرسەن، ئاخىرقى ھېسابتا ئالىي دەرىجىلىك كۆلگەك بولۇپ يېتىلىسەن، ئۇكا. شۇ ۋاقىتتا سەن ئادەملەرگە قاراپلا كۆلىدىغان بولۇپ قالىسەن. مانا نېمىدېگەن ياخشى، ئۇكا! شۇنىڭ بىلەن سېنىمۇ ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن، مەيلى ئادەم بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئادەتلەن، نېمىنى كۆرسەڭ شۇنىڭغا كۈل، مانا بىلىم دېگەن شۇ. بۇنداق بىلىمنى مەن ـ مەن دېگەن ئادەم بىلمەيدۇ جۇما ئۇكا، بىزنىڭ مەكتەپتە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىرنەچچە زىيالىي بار، ئادەتتە ئۇلار بىز ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي، مىللەتنىڭ سەرخىللىرى دەپ پەخىرلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق. گەپ قىلسا، ئىش قىلسا زىيالىيدەك ئەمەس، يا تۈت ئاغىنىسى يوق، ئۆزگۈپ كەتكەن گالستۇكنى قىڭغىر تاقىۋېلىپ غادىيىپ يۈرىدۇ، ئاشۇلارنى ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇلار مەكتەپتە نېمە ئۆگەندىكىنتاڭ؟ ئون نەچچە يىل ئوقۇغان ئادەم ئىشنىڭ يولىنى بىلىشى كېرەكقۇ! ئالدى بىلەن بىر يېقىملىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟! شەرەت قىلغاننى بىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟! ئۇلارنى نېمە دەيمىز ئەمدى، ھەممىسىنىڭ تۇزى كەم نەرسىلەر، مەكتەپنى نېسگە ئوقۇغان نەرسىلەرمىكىن دەيمەن ئاشۇلارنى، مەن بۇگۇن جىق سۆزلەپ قويدۇم، ئۇكا، زېرىكىپ قالمىغانسەن! — دېدى ئەزىز ئابۇشنىڭ كۆزىگە قاراپ.



— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئەزىزكا، مانا مەن مۇشۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ بەش يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندەك بولدۇم، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭ، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش روھلىنىپ، ئۇنىڭ يۈزى پارقىراپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ئەزىزنىڭ گەپلىرى ئابۇشقا بەك تەسىر قىلدى، ئۇ ئەزىزنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغانىدى.

— ئەمىسە، مېنىڭ گېپىمدىن زېرىكمىگەن بولساڭ، ئۇكا، مەن ساڭا يەنە ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي، مەن ساڭا پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي: ئوغۇل بالىغا پۇل بولمىسا بولمايدۇ، ئۇكا. پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ يىلتىزى. بۇرۇن پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى دەيتتۇق، ئۇ خاتا. ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق. ئوغۇل بالىنىڭ قولىدىكى كىر ھەرگىزمۇ پۇل بولمايدۇ، پۇل ئوغۇل بالىنىڭ ئەقلىدىن كېلىدۇ. ئۇ ھەم مۇشۇ جاھاننىڭ يىلتىزى. سەن ئۇ يىللاردا كىچىك، بەزى ئىشلارنى تازا بىلىپ كەتمەيسەن. چۈنكى، جاھاننى پۇل بىلەن تۇتۇپ تۇرمىساق، ئۇكا، باشقا نەرسە بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىر ھەقىقىي ئوغۇل بالىدەك ياشايمەن، نام - شۆھرەتكە ئىگە بولىمەن دەيدىغان ئوغۇل بالا ئالدى بىلەن پۇل تېپىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ ئىشقا كەلگەندە مەن ساڭا قايىل، سەن ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنى بىلىسەن، پۇل خەجلەشنىمۇ بىلىسەن. خوش، ئەمدى مېنىڭ ساڭا دەيدىغىنىم ئۇكا، سەن ئىلگىرى تېنىمەي پۇل تاپىدىغان، قوۋۇرغىسى يوق كان كۆنپېتىشتىكى دۆڭدە قالدى، ئەمدى مۇشۇ زاۋۇتتا پۇل تېپىشنى ئۆگەنمىسەڭ بولمايدۇ. مۇشۇنداق گەپ، ئۇكا. بىرنەچچە يىلنىڭ ئىچىدە بېيىپ كېتىسەن! مەن ئەمدى ساڭا بېيىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ قوياي. بىزنىڭ بۇ خۇدايىم بەرگەن زاۋۇتتا ئىش تولا، ئۇكا، بەزى ئادەملەرگە قارىساڭ ئالىيجاناب، كۆپنىڭ غېمىنى يېگەندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشتانسىز ياشايدۇ. ھازىر سارجىنىڭ بازىرى

ياخشى، بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بەك پۇل بولۇۋاتىدۇ، سودىگەرلەر بىزنىڭ مالنى ئۆچىرەت تۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق پەيتتە پۇل تېپىۋالمىساڭ بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ يولىنى مەن ساڭا ئۆگىتىپ قوياي. توختا، مەن ساڭا مۇنداقلا دەپ بېرەي. مەن ساڭا بۇرۇنقى شوپۇرلارنىڭ تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرەي: ئەسلىدە تاشنى تاش قىلغان نەرسە مۇشۇ ھۇنەر، ئۇكا، ئۇ نېمە ئۈچۈن زاۋۇتتا ھېچكىمگە گەپ قىلماي ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتەلەيدۇ؟ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىققان ناينىاقلارنى ناينىاقلاتقان نەرسە نېمە؟ پۇل، ئۇكا! ئۇ ھەممە ئىشنى پۇل بىلەن ھەل قىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرى ساڭا ئوخشايدۇ، نەچچە يىلدىن بېرى تاش قىلىۋاتقان ئىش مۇنداق، ئۇ يا ساۋاقداشلىرىمنىڭ، يا ئاغىنىلىرىمنىڭ، يا تۇغقىنىمنىڭ دۇكىنىغا سارجا ئېلىپ بېرەتتىم، ئۇلارنىڭ ئوقىتى توختاپ قاپتۇ، ماللىرىنى نېسىگە بېرىپتىكەن، پۇللىرىنى ئالالمايۋېتىپتۇ، ئازراق سارجا تەستىقلاپ بەرگەن بولسىڭىز دەپ يارمۇھەممەت باشلىقنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ياخشى گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، ئىسكىلاتچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، سارجىنى زاۋۇتتىن ئاچىقىۋېلىپ مال بارمۇ دەپ تەخ بولۇپ تۇرغان سودىگەرلەرگە نەق پۇلغا سېتىۋېتىدۇ، پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ، ۋاقىت ئۆتۈۋېرىدۇ. ئاندىن تاش ئوتتۇرىلىقتا بارلىق كۈچىنى سارجا بەرگەن ئىسكىلاتچىغا قارىتىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ، بەزى ئىشلىرىنى باشلىققا تەستىقلىتىپ بېرىپ، قولىغا پۇلمۇ تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭدىن مال ھۆججەتلىرىنى ئېلىۋالىدۇ، ئىسكىلاتچى بۇلارنى يوقىدى قىلىدۇ. تاش مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن بىرنەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا بېيىپ كەتتى ئەمەسمۇ، ئۇكا! بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم يوق، زاۋۇتنىڭ مالىيەسى قالايمىقان، كىم نېمە ئەكىرىۋاتىدۇ، نېمە ئاچىقىۋاتىدۇ، بۇ ئىشلارنى تۇتۇپ

سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم يوق.

— ھە... زاۋۇتنىڭ ئىچىدە ئىش تولا ئىكەندە، ئاكا، — دېدى ئابۇش، ئۇ كۆزلىرىنى لاپ قىلىپلا خىيالغا چۆشۈپ كەتتى.

— كۆزلىرىڭ ئويناپ كەتتىغۇ، ئۇكا... ئۆزىنى ئۆزىگە، توپىسىنى كۆزىگە دېگەن گەپ بار، ئۆزۈم دەپ بەرگەن ھۈنەر بىلەن ئۆزۈمنى قويما يەنە! — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

— مەن ئىگىسىنى چىشلەيدىغان ئىتلاردىن ئەمەسقۇ، ئاكا...

— شۇنداق ئۇكا، ساڭا ئىشىنىمەن، شۇڭا، تاشنىڭ ھۈنىرىنى ساڭا دەپ بەردىم. مۇشۇنداق گەپ ئۇكا، باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىمەكنىڭ ئۆزى بىر ئاددىي خىزمەت، ئەگەر بۇ خىزمەتتىن ياخشى پايدىلىنالىساڭ، قاملاشتۇرالىساڭ، ئۇ باشلىق ئەمەس، سەن باشلىق، مېنىڭ گېپىمنى چۈشەندىڭما؟

— چۈشەندىم، ئەزىزكا، چۈشەندىم، بەزى ئىشلارغا مەن دىققەت قىلمىغان ئوخشايمەن، مەن ئەمدى يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى رۇسلىمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ماشىنىنىڭ رېمونت ھەققىدىن يەيدىغان تۆت تەڭگىگە قاراپ قالسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابۇش، ئۇ ئەزىزنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— رومكاڭدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، ماڭا بىرنى قۇيىمامسەن ! — دېدى ئەزىز.

— مەن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، ئاكا، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭ، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش. ئۇ ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى، ئاندىن رومكىغا ھاراق قۇيۇپ ئەزىزنىڭ قولىغا بەردى.

— مۇشۇنداق گەپ، ئۇكا، بىر ـ بىرىمىزگە يول كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ، ئۆزىمىزگە چېك بولمىساق بولمايدۇ، ئۇكا، — دېدى ئەزىز. ئۇ قولىدىكى ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، رومكىنى ئابۇشنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەمدى سەن ئۆزۈمنىڭ ئىنىسى بولۇپ كەتتىڭ، ئۇكا، بۇ

جاھاندا ياشىماق ئاسان ئەمەس، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، تۆتىنىڭ ئالدى بولۇپ ياشىماق ئاسان ئەمەس، ئىچىمدە بارنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتىم، بولۇپمۇ ئەر بولۇپ ياشىماق ئاسان ئەمەس. پۇل قەغەز بولغىنى بىلەن، ئۇ پولاتتىنمۇ ئۆتكۈر، بىزدە «كېكەچ بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن گەپ بار، بۇ گەپنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر، ئۇكا. مەن ـ مەن دېگەن ئادەم پۇلنىڭ، ھوقۇقنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ئۇكا، ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولۇشى كېرەك، ئوغۇل بالا دېگەن پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلىشى كېرەك، چاندۇرماسلىقى كېرەك. ئەمدى ھوقۇقنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئۇكا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مۇشۇ جاھاندا جاندىن قالسا ئەڭ تاتلىق نەرسە ھوقۇق، ھوقۇق دېگەن شەيتاندىنمۇ يامان نەرسە ئۇكا، شەيتان قىلالمىغان ئىشنى ھوقۇق قىلالايدۇ ئەمەسمۇ، ئۇكا! ھوقۇقۇڭ بولسا، ھەممە ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ! شۇڭا، تۆت خەت بىلىدىغان زىيالىيسىمان ئادەمنىڭ ھەممىسى ھوقۇققا ئامراق. مەن ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بۇ ئىشنى ماڭا تۇرمىدە ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەم دەپ بەرگەن. يۇمۇر ئەمەس، ئۇكا، ھەقىقىي بولغان ئىش، ئەمىسە ياخشى ئاڭلا: ئۇچ جىنايەتچىنى ئاتماقچى بوپتۇ، ئۇلارنى ئېتىشقا مەسئۇل بولغان ئادەم قائىدە بويىچە بىرىنچى جىنايەتچىدىن قانداق تەلىپىڭ بار دەپ سوراپتۇ، ئۇ پۇلغا ئامراق ئاداشكەن، نېمە دەپتۇ دېمەمسەن، توغقانلىرىمغا دېسەڭلار، مىڭ سوم پۇلنى بىر تىيىنلىق قىلماي پارچىلاپ ئەكىلىپ بەرسە، ئاشۇ پۇللارنى ھەممە يانچۇقلىرىمغا سېلىۋالسام، شۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق ئارمىنىم قالمايتتى، دەپتۇ. مەسئۇل خادىم ئۇ ئاداشقا سەنمۇ بولىدىكەنسەن، بۇ ئىش تەس ئەمەس، دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىپتۇ. ئارقىدىن ئىككىنچى جىنايەتچىدىن سوراپتۇ، ئۇ ئاداش نېمە دەپتۇ دېمەمسەن، مەن

ئۆمرۈمدە ئايالـلارغا ئامـراق بـولـۇپ ئۆتـكـەن، مـەن تـامـاكـا چەكمەيمەن، هاراق ئىچمەيمەن، پۇزۇر كىيىنىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن، گېلىمغىمۇ ئامراق ئەمەس، نېمە بولسا شۇنى يەۋېرىمەن، ماڭا چىرايلىق ئايالدىن بىرنى تېپىپ بەرگەن بولساڭلار، شۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىۋالسام، دەپتۇ. مەسئۇل خادىم ئۇ ئاداشنى تىللاپ يولغا سېپتۇ. ئاخىردا ئۇچىنچى جىنايەتچىدىن سوراپتۇ، ئۇ ئاداش نېمە دەپتۇ دېمەمسەن ئۇكا، مەن ئۆمرۈمدە هوقۇققا بەك ئامراق ئىدىم، جىق تىرىشتىم، ئىزدەندىم، لېكىن زىغىرچىلىكمۇ هوقۇققا ئېرىشەلمىدىم، كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى، هېچقانداق بىر ئىشىم ئوڭغا تارتمىدى، ئاخىرقى هېسابتا مۇشۇ تۈرمىگە كىرىپ قالدىم. ئەتە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىمىز دەۋاتىسىلەر، ئاتىدىغان گەپ شۇ، ئامال يوق، مېنىڭ هېچقانداق تەلىپىم يوق، ئەتە ئۇچىمىزنى ئېلىپ ماڭغاندا، جازا مەيدانىغىچە بولغان ئارىلىقچە مېنى ئاشۇ ئىككى نان قېپىغا باشلىق قىلىپ قويغان بولساڭلار، دەپتۇ. باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىم ئۇ ئاداشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە: «خاتىرجەم بول، سېنىڭ تەلىپىڭ ئانچە يوقىرى ئەمەسكەن» دەپتۇ.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ بەك ياخشى يۇمۇركەن، ئەزىزكا...

— بۇ يۇمۇر ئەمەس، ئۇكا، هەقىقىي بولغان ئىش...

— ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان مەيدانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باشلىقلىقنى تەلەپ قىلغىنى بەك قىزىقكەن، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— مانا، هوقۇق دېگەن مۇشۇنداق تاتلىق نەرسە، ئۇكا، بەزىلەر هوقۇقنى توغرا چۈشەنمەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئاشۇ هوقۇقنى دەپ ئۆزىنى سەتلەشتۈرۈۋالىدۇ، — دېدى ئەزىز.

— مەن ساڭا قول قويدۇم، ئەزىزىم، سەن جىق ئىشنى بىلىدىكەنسەن، مەن ساڭا قايىل، — دېدى ئابۇش.

— ئەمدى قايىل بولۇۋاتامسەن؟ مەن سېنى قاراڭغۇ كاندىن شەھەرگە يۆتكەپ كىرگەندە قايىل بولمىغانمىدىڭ؟ گەپ بولىدىكەن، ئۇكا، بۇ. يورۇق شەھەرگە كىرىپ مېنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولامدۇ، مېنىڭ لەقىمىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ ئەزىز شەيتان دېگەن مەن بولىمەن ئەمەسما! — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

— ئۇنداق ئەمەس، ئاكا، مەن ئەزەلدىن ساڭا قايىل، سەن بولمىساڭ، مېنىڭ ھېچ نەرسەم بولمايدۇ ئەمەسمۇ!

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئۇكا... مۇشۇنداق گەپ، ھوقۇق دېگەن تاشنى يارىدۇ دېگەن گەپ بار، ھوقۇق ياخشى ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ياخشى، يامان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا يامان. ھوقۇقى بار ئادەم چاندۇرماي ئانچە - مۇنچە پايدىلىنىپ تۇرسا بولىدۇ. مۇشۇنداق گەپ ئۇكا...

— سەن بەك مەنىلىك گەپ قىلىسەن، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش.

— بۇنداق گەپلەر جىق، ئۇكا، قاچان دېسەڭ، ساڭا تالڭ ئاتقۇچە سۆزلەپ بېرىمەن!

— ئەمىسە، يەنە بىر يۇمۇر سۆزلەپ بەرمەمسەن، ئەزىزكا؟

— بولىدۇ، يەنە بىرنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ يۇمۇرنى ماڭا رېمونتخانىدىكى لاۋجاۋ سۆزلەپ بەرگەن، بەك قىزىق خەنزۇ ئۇ، ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى بەك يېقىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن نەرسە ئۇ، ئۆيىگە كارىۋات قويمايدۇ، سۇپا چىقىرىپ گىلەم سېلىپ ئولتۇرىدىغان نەرسە، تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن ئۇنىڭ. بىر كۈنى ئىچىشىپ قالدۇق، مەن ئۇنىڭغا بىر موماي ھەققىدە يۇمۇر سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ماڭا مۇنۇ يۇمۇرنى دەپ بەرگەن: بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ

بىر ياخشى ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاھنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىپتۇ، پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «خوتۇنۇڭنى ماڭا بەر!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ۋەزىر چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ: «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپ ماقۇل بوپتۇ، ۋەزىر ئەھۋالنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى قايغۇرۇپ يىغلاپتۇ، ۋەزىر ئايالىغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «بەك قايغۇرۇپ كەتمە، خوتۇن، مۇنداق قىلايلى، مەن پادىشاھنى يەنە بىر قېتىم ئۆيگە تەكلىپ قىلاي، كەچتە بىللە تاماققا ئولتۇرغاندا، سەن ئاشپەزلەرگە دە، ئوخشاش قورۇمىدىن ئەللىك تەخسە قورۇسۇن، سىلەر قورۇمىلارنى ئارقا - ئارقىدىن چىقىرىۋېرىڭلار، قالغان ئىشنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن» دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپتۇ، تاماققا ئولتۇرغاندا، پادىشاھ ئاچىقىۋاتقان قورۇمىلارغا ئېغىز تەگكۈزۈپ كۆرسە، قورۇمىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، تەمىمۇ ئوخشاش، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋەزىردىن سوراپتۇ، ۋەزىر پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: «پادىشاھئالەم، بۇ قورۇمىلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاش بولغىنىدەك، بۇ جاھاندىكى خوتۇنلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ» دەپتۇ...

— ئەقىللىق ۋەزىر ئىكەن، پادىشاھنى جايلاپتۇ، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— شۇنداق، ئۇكا... دېمەكچى بولغىنىم، ئۇكا، ئەر كىشى مۇشۇنداق ئۈچ نەرسىنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ قالىدىكەن: گەپ قانداق بولسا، ئىشمۇ شۇنداق بولىدىكەن. ئۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ، بۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ دەيدىكەنمىز، ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر دېگەندەك، بەزى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىكەنمىز، مۇشۇنداق گەپ ئىكەن، ئۇكا، — دېدى ئەزىز.

— سېنىڭ دېگىنىڭنىڭ ھەممىسى توغرا، ئەزىزكا، سەن

پۇل، ھوقۇق، خوتۇن توغرىسىدا گەپ قىلدىڭ، مەن بۇ سۆزلىرىڭگە قايىل. بىراق، ئاكا، مېنىڭچە، ھوقۇق دەپ ياشايدىغان ئادەملەر بەك ئاز، كۆپىنچە كىشىلەر پۇل دەپ ياشايدۇ، سەن دېگەندەك پۇل بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئاندىن مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر ساڭا، ماڭا ئوخشاش كەسپىي ئەمەس، ئىشتىن سىرتقى، كۆرسە خۇمار دېگەندەك خوتۇن ـ قىزلارنىڭ خۇمارى بولۇپ قالىدۇ، بىز ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، بىز ئاندا ـ ساندا، ئۇلۇغ كېلىپ قالسا تۇخۇم چېكىشتۇرىدىغان گاچا ئەخمەقلەر...


ئەزىز كۈلدى.

— گاچا ئەخمەقلەر دېگەن گېپىڭ بولمىدىكەن، ئۇكا! — دېدى ئەزىز.

— بۈگۈنكى پارىڭىڭ بەك ياخشى بولدى، ئەزىزكا. مەن ئۆزۈمنىڭ مىجەزىدىكى بەزى ئۆزگەرگەن تەرەپلەرنى بىلەلمەي قاپتىمەن، مەن سەندىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، ساڭا رەھمەت، سەن مېنىڭ ھەقىقىي ئۇستازىم، — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە، يول كۆرسەتكىنىمنىڭ ھەققىنى بېرىۋەتمەمسەن، ئۇكا؟ — دېدى ئەزىز چاقچاق قىلىپ.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى، ئۇ شۇ تاپتا ناھايىتى خۇشال ئىدى.



# 7

ئابۇشنىڭ يېڭى تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك كېتىۋاتاتتى، ئىللىق ئائىلە ئۇلارنىڭ جەننىتىگە ئايلانغانىدى. ئابۇش بىر ھەپتىدە بىر قېتىم ئاينۇرنى ئەگەشتۈرۈپ كانغا چىقىپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ تۇردى. ئابۇشنىڭ زاۋۇتتىكى ئىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك كېتىۋاتاتتى. ھايات قايناپ تۇرغان بۇ جىددىي زاۋۇتتا ئابۇش ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىمام باشلىقنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ بولغانىدى. ئۇ ئەزىز كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە، زاۋۇتتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە باشلىققا يېقىنلىشىپ، ئۆزىنى ئوبدانلا ئوڭشىۋالغانىدى. يەنە ئىسكىلاتچىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، بەرگەن ھۆججەتلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىمۇ ئونتۇمىغانىدى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا زاۋۇتتىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ بېيىپ، بىر پۇلنى ئىككى قىلىشى ئۇچۇن باشقا ئوقەتلەرگە دەسمى سالغان ئىشلىرىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئۇ ئاينۇر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا زاۋۇتتىكى بەزى ئادەملەرنىڭ پۇل تېپىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ مەڭگۈلۈك بىر سىرنى بايقىغاندەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتى.

— مەن ئەزىزكامنىڭ ئاشۇ گەپلىرىگە قايىل، ئاينۇر. بۇ جاھاندا مۇناسىۋەت، ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق، پۇل دېگەندىن باشقىسى بىكار، پۇلۇڭ بولسا، شەيتانمۇ كەينىڭدىن چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ! — دەيتتى.

— ھەممە ئىشلار بۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئابۇش. مەنمۇ سىلەرنىڭ زاۋۇتۇڭلارنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن، سىز

ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ. سەت قىلىق ھامان سەت. قىلىۋالدىم دېگەن بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنداق ئىشلارغا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ، خاتىرجەملىك ھەممىدىن ئەلا، ئابۇش! — دەيتتى ئاينۇر.

— خەقنىڭ گېپىدىن قورقساڭ، ھېچ ئىش قىلالمايسەن، ئاينۇر، ئىت قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ دېگەن گەپ بار، خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، مۇشۇ كۈندە ھەممە ئادەم ئۆز يېنىنى تومۇلغىلى تۇردى، ھوقۇقى بارلار ھوقۇقىغا تايىنىپ ئېلىۋاتىدۇ، ھوقۇقى يوقلار ھۈنىرىگە تايىنىپ ئېلىۋاتىدۇ، — دەيتتى ئابۇش.

لېكىن، ئاينۇر ئۇنىڭ مۇشۇنداق قاراشلىرىغا قوشۇلمايتتى، ئۇ تىرىشىپ، بەزى مىساللار ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇناتتى، ئۆزى ئوقۇغان پەلسەپە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەق قانۇنىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى غەلىبىسىنى سۆزلەيتتى، ئابۇشنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. دېمەك، ئۇ ئەزىزنىڭ تۇرمۇش قارىشىغا قوشۇلمايتتى، ئەقىل ۋە توغرا كىشىلىك قاراش ياشاش پەلسەپىسىدە ھەرقانداق ساختا يول بىلەن كەلگەن ياكى پەيدا بولغان نەپتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئاخىردا غالىب كېلىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئەزىز ئابۇشنى ئۆزىنىڭ ياشاش يولىغا باشلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى، ئىككىنچى يىلى ئايالىنىڭ سىڭلىسىنى زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى؛ ئىنىسىنى رېمونتخانىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىمۇ ئاپتوموبىل رېمونت قىلىدىغان گۇرۇپپىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنىسىنى شوپۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىدى. ئايالىنىڭ سىڭلىسىنى زاۋۇت ئاشخانىسىغا — ئاشخانىدا تاماق بېلىتى ساتىدىغان خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئابۇش بۇ ئىككى ئىشنى ئەزىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پۈتتۈرگەنىدى. ئەزىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يول كۆرسەتتى: ئىلتىماسنى ئىمام باشلىققا بېرىشكە

بەك ئالدىراپ كەتمە، ئۇكا. بىرى، ئىلتىماسنى بەرگەندە ئورۇن تاللا. باشلىق زاۋۇتتىكى ۋاقىتتا بەرمە، پۇرسەت كۈتۈپ، ئۆيىدە ياكى باشقا بىر يەرگە بارغاندا، ئازادە ئولتۇرغاندا بەر. يەنە بىرى، باشلىقنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەت، خۇشال كۈنلىرى، ئىچىلىپ ئولتۇرغان چاغدا ئىلتىماسنى ئەزىزكامىنىڭ ئىشى ئىكەن، ئىمامكا، دەپ ھىجىيىپ تۇرۇپ تەڭلىسەڭ، ئاسانلا قول قويۇۋېتىدۇ، باشلىقنىڭ قولى بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ، ئۇكا. باشلىقنىڭ قولى بىزنى بىر كۈندىلا باي قىلىۋېتەلەيدۇ، يەنە بىر كۈندىلا كۆتىمىزگە تېپىپ زاۋۇتتىن ھەيدىۋېتەلەيدۇ. مەن بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرۈپ كەتتىم، ئۇكا. ھازىر سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس، لېكىن جاھان بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، كانىنىڭ كۆمۈرىمۇ ئاخىر بىر كۈنى تۈگەيدۇ، شۇڭا، مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا تۇغقانلارغا قاراپ قويمىساق بولمايدۇ، ئۇكا. سەنمۇ بىرەر ئىنىڭنى ياكى سىڭلىڭنى زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرۇۋال، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە دېگەن مۇشۇ، ئۇكا. ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە بىرى تۇغقىنىمىز، ئەل - ئاغىنىلىرىمىز ئەسقاتىدۇ، ئادەتتە بىز بەزى ئىشلاردا قېرىنداشلىرىمىزدىن، ئاغىنىلىرىمىزدىن رەنجىپ قالىمىز، ئۇلار بىزگە ئەڭ يېقىن بولغاچقا، ئۇلاردىن ئاسانلا رەنجىپ قالىمىز، لېكىن بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە بىزگە ھېسداشلىق قىلىپ، بىرىنچى بولۇپ ياردەم بېرىدىغانلار يەنە شۇ قېرىنداش، ئەل - ئاغىنىلەر. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشى ياخشى كېتىۋاتقاندا، تۇغقانلارنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ.

ئۆز مەنپەئەتىنىڭ خالتىسى بوغۇلۇپ قالغان ئابۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا سەگىپ قالغانىدى. ئۇ قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان تۈڭلۈكنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇ ئۆينىڭ سىرتىدىكى يورۇق دۇنيانى كۆردى. نەتىجىدە، ئۇ يول مېڭىپ يۈرۈپ ئىنىسى ئىنايەتنى زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئىنايەت كاندا قۇدۇق ئۈستىدە چىراغچىلىق

قىلاتتى، قۇدۇق ئاستىدىن چىققان ئىشچىلارنىڭ باش چىرىغىغا توك قاچىلايدىغان ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئابۇش ئۇنىمۇ زاۋۇت رېمونتخانىسىغا ئالماشتۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پىلانىمۇ ئىنىسىنى شوپۇر قىلىش ئىدى.

ئاينۇر ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئۆيدە بىكار بولۇپ قالسىلا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ئىدى، يوللاردا بىرەر پارچە گېزىتنىڭ پارچىسىنى تېپىۋالسىمۇ ئۇنى رەتلەپ ئوقۇپ چىقاتتى. كىتاب ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم نەرسە ئىدى، بولۇپمۇ پەلسەپىگە ئائىت كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيتتى، ئۆزىنىڭ ئوقۇغان كەسپىنى ئىزچىل مۇستەھكەملەپ كەلگەنىدى. يەكشەنبە كۈنى ئىدى، ئاينۇر چۈشكىچە ئۆينىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ، چۈشتىن كېيىن دېرىزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، ئابۇش تازىلىق ئۆيدە ساقلىنى ئېلىپ بولۇپ ئاينۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاينۇرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدا بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى، ئابۇش خۇشخۇي ھالدا ئايالىغا قارىدى.

— نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسىز؟ — دېدى ئابۇش.

— پەلسەپە.

— سىزنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزغا ئۇزاق بولدىغۇ، تېخى ئوقۇپ بولالمىدىڭىزما؟ — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ئوقۇپ بولغان، مەن بۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا ئوقۇپ بولغان، لېكىن بۇ كىتابنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيمەن، بۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئايرىمايدىغان مەڭگۈلۈك كىتابىم، باشقا كىتابلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ بولۇپ، مۇھىم يەرلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ قويۇپ قويىمەن، لېكىن بۇنى ھەرگىز يېنىمدىن ئايرىمايمەن، ھەر قېتىم ئوقۇسام يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرگە ئىگە بولىمەن، شۇڭا مەن بۇ كىتابقا ئامراق، — دېدى ئاينۇر.

— ھە، مۇنداق دەڭ، مەن سىزگە ئوخشاش كىتاب

ئوقۇيالمايمەن، بىر ـ ئىككى بەت ئوقۇسامىلا كۆزۈم ئاغرىپ كېتىدۇ! — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە، مەن سىزگە مۇشۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرەي، سىزمۇ مەن ئوقۇغان شۇ كەسىپتىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولۇپ قويۇڭ. ئەمەلىيەتتە پەلسەپە ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك پەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەممىمىز بىر پەيلاسوپ، — دېدى ئاينۇر.

— ماقۇل ئەمىسە، سىز ماڭا ئانچە ـ مۇنچە دەرس بېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە! — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر قولىدىكى كىتابنى قاتلاپ قويدى.

— ئەمىسە، مەن ئاددىي سۆزلەر بىلەن پەلسەپە دېگەن بۇ پەننى سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي، يەنە دۇنيادىكى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتەي. پەلسەپە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىدىغان ئىلىم، شۇڭا ئۇ ھەربىر دۆلەت، ھەربىر شەھەر، ھەربىر مۇھىم ئەرباب، يەنە ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ۋە ئاددىي پۇقرالار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك پەن. پەلسەپە ئىچىدە ياشىغان ئادەم قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى يورۇقلۇقنى بىلىدۇ، پەلسەپەدىن يىراقلاشقان ئادەم يورۇقلۇقتىكى قاراڭغۇلۇقتا ياشايدۇ، مانا بۇ سۆز مۇشۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك....

— ھە، ھە، — ئابۇش ھە دېگەندە ئاينۇرنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى.

— ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىن مىسال ئالساق، ئابۇش، پەلسەپە بىزنىڭ نەتىجىلىك بىر ئادەم بولۇپ يېتىشىش يولىمىزدا بىزگە ياخشى ھەمراھ بولىدۇ، بىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئاددىي تۇرمۇشىمىزنى مەنىگە ئىگە قىلىدۇ، بىزنى ئەقىل ئىزدەش يولىغا باشلايدۇ، چۈنكى بۇ يول بەك ئۇزۇن، ئايىغى يوق. بىز ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى ئىشلارغا دۇچ كېلىمىز، ئۇنى كېسىپ ئىشلەشكە، بەلگىلەشكە مەجبۇر بولىمىز. دېمەك، بۇ ئىشلارغا يېڭى ـ يېڭى ئەقىل كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ئەقىل

يولـدا ئاددي، ئـاممـبـاب مـەنـگـە ئـگـە، مـۇسـتـەقـىـل، لېكـىـن دوستلۇق ئىچىدە ياشايدىغان تۇرمۇشقا ئىنتىلىمىز. قىسقىسى، بىز بۇ يولدا ھاياتنىڭ بىلىم ـ تەجرىبىلىرىگە ئىگە بـولىمىز، شۇڭا سىز ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، پەلسەپە ئۆگىنىپ قويسىڭىز بولىدۇ....

— تـوغرا، ئاينۇر، توغرا. ھە، سۆزلەۋېرىڭ، قـۇلىقىم سىزدە ! — دېدى ئابۇش ئاينۇرنىڭ ئاغزىغا قاراپ.

— مەن سىزگە دۇنيادىكى بىرنەچچە پەيلاسوپنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئابۇش. پەلسەپە تارىخىدا بىز قەدىمىي يۇنان پەيلاسوپى پلاتوننى تاشلاپ ئۆتەلمەيمىز، ئۇ مۇشۇ ئالەمدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم. نۇرغۇن ئەقىل ئىگىلىرى پەلسەپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەندە، ئۇ كىشى ئالەم ئېتىمىزغا ئەقىل ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ بولغان. مەسىلەن، ئۇ جاھاندىكى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئالەمدىكى ھەممە ئىش گـۈزەل، كۆڭۈلدىكىدەك، ئوبدان، راۋان، ئىناق بـولۇشى كېـرەك، دېگەن. لـېكىن، ئـۇ مـۇشۇنداق ئـۇلـۇغ ئىستەكلەرگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ يىلتىزىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بىزنى ئاچ كۆزلۈك يوقىتىۋاتىدۇ، كىشىلەر ئاددىي تۇرمۇشقا كۆنمەيۋاتىدۇ، ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتىدۇ، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىۋاتىدۇ، قولىدىكى نەرسىدىن بىزار بولۇپ، خەقنىڭ نەرسىسىگە چاڭ سېلىۋاتىدۇ.» قاراڭ، ئابۇش، بىز مۇشۇ گەپلەرنى بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بىز ئۇ كىشىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز! ياق، بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بۈيۈك ئەقلىگە قول قويىمىز، ئۇنىڭغا قايىل بولىمىز. ئەمىسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئەقىللىق ئادەملەرگە مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ: «ئۇلار قانداق قىلىشنى تۇرمۇشتىن ئۆگىنىشى كېرەك، دەھشەتلىك ئەمەلىيەت ئىچىدە چىداملىق بولۇشى كېرەك، ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەرلىرى ئارقىلىق سىرىقماي ۋە بولكىلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك، مانا بۇ ئاخىرقى

ئىمتىھان.» بىز بۇ ئەقىل ئىگىسىنىڭ مۇشۇ قاراشلىرىنى بۇگۇنكى بەزى ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ يەردە يەنە غورۇرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىمىز. ئەمدى مەن سىزگە پەيلاسوپ پېنگېننى تونۇشتۇراي: بۇ بۈيۈك زات 1561 ـ يىلى لوندون شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئەلۋەتتە مۇشۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى بۆشۈكى، مەن ئادەتتە ئەنگلىيىنى ئاقسۆڭەكلەر دۆلىتى دەيمەن، چۈنكى ئۇلار دۇنياغا مەردلەرچە ھۇنەر، مەدەنىيەت، قائىدە، پەلسەپە تارقاتقان. پېنگېن بەك جىق ئىشلارنى بىلىدىغان ئالىم، ئۇ ھاياتىدا كۆپ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئۇ ئادەملەرگە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېغىر ـ بېسىق ۋە تۈز ئادەملەرنىڭ مىجەزىدىن ئۇلارنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئېھتىياتچان ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ پىلانىدىن چۈشىنىمىز. بىز مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىمىز: بىرى، كۆپ دوست تۇتۇش كېرەك؛ يەنە بىرى، بىتەرەپ بولۇۋېلىشنى ئۆگىنىش كېرەك؟ ئاخىرقىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىش كېرەك.» پېنگېن ئاتمىش بەش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق مەزمۇنلارنى قالدۇرغان: «مەن روھىمنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، جەسىتىمنى تۇپراققا تاپشۇردۇم، ئىسمىمنى كەلگۈسى ئىز باسارلارغا ۋە باشقا ئەللەردىكى ئادەملەرگە قالدۇردۇم.» ئۇ نېمە ئۈچۈن مەردانە ھالدا مۇشۇنداق قۇرلارنى قالدۇرىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئۆز ھاياتىدىن رازى، ئۇ ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ، مۇشۇ ئالەمدىكى خەلققە يېقىنلىشالايدىغان بىر ئۇسۇلغا ئىگە بولالىغان، مانا بۇ ئۇنىڭ بەختى. ئەمدى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، ئابۇش، مەيلى ئۇ شۇ قەدەر ئاددىي تۇرمۇش بولسۇن، بىزنىڭ قەلبىمىزمۇ ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئاشۇنداق شان ـ شەرەپكە موھتاج، بۇ ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا. بۇ دورا بىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ، بىزنى پەلسەپە يۈكسەكلىكىگە يېتەكلەيدۇ. دېمەك، ھەممىمىزدە مۇمكىنچىلىك بار، ئابۇش. بىز

ھەرگىزمۇ نىشانسىز بەندىلەر ئەمەس...

— ئاخىردا مەن سىزگە يەنە ئۇنسەككىزىنچى ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم پەيلاسوپ نىچشېنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي، نىچشې دۇنيا پەلسەپە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتىدا «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم» دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ: جاھاننىڭ ئىشلىرى ئادەتتىكى، جان باقار ئادەملەر بىلەن پۈتمەيدۇ، بەلكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەملەرنىڭ قولىدا پۈتىدۇ، ئۇلار كەلگۈسى دۇنيانىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىجاتچىلىرى، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇنىڭ بۇ قارىشى دۇنيا پەلسەپە ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. بەزىلەر ئۇنى شۇ قەدەر قاتتىق تىللار بىلەن ئەيىبلىسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىجاتچى دەپ بېشىغا ئالغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم قابىلىيەت، ئەقىل ـ پاراسەت، مەغرۇرلۇقتىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ نەرسىدىن پەيدا بولىدۇ، ئۇلۇغ نىشان بولغاندا ئاندىن ھېسسىياتنى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، ئۇلۇغ نىشان قالايمىقان ئارزۇلارنى مۇستەھكەم غۇرۇرغا ئايلاندۇرىدۇ، ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەملەر ئاجىز ئادەملەر. ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالمايدۇ، مېشچان كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كولدۇرلىتىشىغا ئىشىنىپ قالىدۇ، ئۇلار ماسلاشتۇرالايدىغان ئادەملەر ئەمەس، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەملەر. تۈزۈك ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن راھەت ـ پاراغەتتىن ۋاز كېچىش كېرەك. نىشان بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، باشقىلارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. نىشان بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدۇ، ئەلۋەتتە دوستىغا ئاسىيلىق قىلىش بۇنىڭ سىرتىدا. مانا بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەمنىڭ ئاخىرقى ئۆلچىمى...»

— توۋا، بۇ ئالەمدە مۇنداق گەپلەرمۇ باركەندە! بىر ـ بىرىدىن يامان ئادەملەركىنا! — دېدى ئابۇش، ئۇ ئايالىنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ۋاراقلىدى.

— بەك جىق گەپ قىلىۋەتتىمغۇ دەيمەن، ئابۇش. زېرىكىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

— ياق، بەك ئوبدان سۆزلەپ بەردىڭىز، مەن مۇشۇ كىتابىڭىزنى بىر ئوقۇپ چىقسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، بەك ياخشى گەپلەر بار ئىكەن، — دېدى ئابۇش.

— پەلسەپىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇپ قويۇڭ، ئابۇش، سىزگە ئەسقاتىدۇ. چۈنكى، مەن ئۆزگەنگەن ھەم ياخشى كۆرىدىغان بۇ پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى — ئىنسانلارنىڭ بىلىم تەجرىبىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەت زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلىش، ئادەملەرگە تېخىمۇ كەڭ مۇمكىنچىلىك ئاتا قىلىش...

— مەن مۇشۇ كىتابىڭىزنى بىر ئوقۇپ چىقاي، ئاينۇر...

— ياخشى، ئوقۇڭ. بۇ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئەمدى سىز بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ئابۇش. ئىككى كۈندىن بېرى پۇرسەت چىقىرىپ سىزگە دەي دەپ تۇراتتىم. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى مەن ئىزچىل ھالدا بىر كىتابخانا ئېچىۋالسام دېگەن ئارزۇدا بولۇپ كەلگەن. سىز بىلىسىز، مەن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، بۇرۇن خېلى جىق كىتابلىرىم بولىدىغان، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ باللىرى، تونۇش - بىلىشلەر ئوقۇپ تۇرايلى دەپ نۇرغۇن كىتابلىرىمنى ئېلىپ كەتكەندى، مانا ھازىر ئۇ كىتابلىرىمنىڭ بىرىمۇ يوق، بىرنەچچە قېتىم سورىسام، بىرى ئەكەتكەن، ئۆيدىن تاپالمىدىم، دەپ كىتابلارنى يوقىتقان بولدى. مېنىڭ مەقسىتىم — كىتابخانا ئېچىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ كۈتۈپخانىسىنى تولۇقلىۋالسام، مەندە كۈتۈپخانا بولمىسا بولمايدۇ، يەنە بىر جەھەتتىنمۇ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالالايمەن، بۇ ئىككى تەرەپ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم، تۇرمۇشتا ئەلۋەتتە پۇل بولمىسا بولمايدۇ، سىز قانداق قارايسىز، ئابۇش؟ — دېدى ئابۇشقا قاراپ. ئۇنىڭ چىرايلىق پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئاپئاق چىشلىرى مەرۋايىتتەك پارقىراپ

تۇراتتى.

— بۇ ئۆيىڭىز بەك ياخشىكەن ئاينۇر، ئۆيدىن ئۆيلاپسىز، سىزنى قوللايمەن، ياخشى يەردىن بىر دۇكان تېپىپ بېرەي، — دېدى ئابۇش.

— رەھمەت ئابۇش، مېنى قوللىسىڭىز، بۇ كىتابخانىنى ياخشى ئېچىپ كېتەلەيمەن، كىتابلارنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلاردىن توختاملىشىپ ئالغىلى بولىدۇ، ئۇلار بىلەن بىر يىلدا بىر ھېساب ـ كىتاب قىلىشىمىز، ھەرقانداق كىتابنى ئۆز باھاسىدىن 30% تۆۋەن باھادا بېرىدۇ، مەن بۇ ئىشتىن زىيان تارتىپ قالمايمەن، ياخشى قىزدىن ئىككىنى ئىشلەتسەم، ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئۆزۈم ياردەملەشسەم، شەھەردىكى بەزى مەكتەپلەرگە كېرەكلىك كىتابلارنى ئۇلار بىلەن توختاملىشىپ كىرگۈزسەم، ئاندىن ئۆيغۇرچە كىتابلارنى سېتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، خەنزۇچە، قازاقچە قاتارلىق كىتابلارنىمۇ كىرگۈزسەم، بىرقانچە يىل ئىچىدە يول تېپىپ كېتىمەن، دەسلەپتە ئويلىغان مەقسىتىمگە يېتەلەيمەن، ئىشەنچىم بار ئابۇش!

— ياخشى، ئېچىڭ، سىزنى قوللايمەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېلى ئۆگىنىپسىز، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىزگە بىر دۇكان تېپىپ بېرەي، — دېدى ئابۇش.

— دۇكانىڭىزنىڭمۇ ئورنىنى قىلىپ قويىدۇم، ئابۇش. مەن بۇ ئويۇمنى ئۆزۈمدىن بۇرى دادامغا دەپ يۈرگەنىدىم، بۇ قېتىم دادام مېنى قوللىدى، دادام: «سىز ئالدى بىلەن ئابۇشنىڭ روخسىتىنى ئېلىڭ، قىزىم. ئەگەر ئابۇش قوشۇلسا، مەن سىزگە بىر دۇكان ئېلىپ بېرەي» دېگەن، بەشىنچى ئولتۇراق رايوننىڭ ئالدىغا قاتار سېلىنغان دۇكانلارنى بىلىسىز، دادام مۇشۇ دۇكاندىن بىرنى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى، مەبلەغ سېلىپ بېرەي دەۋاتىدۇ. مانا ئەمدى سىز قوشۇلدىڭىز، خۇدايىم بۇيرۇسا، مۇشۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق باشلىۋالىمەن، — دېدى ئاينۇر.

— مۇنداق دەڭ، ئاينۇر، ھەممە ئىشلارنى پۇتتۇرۇپ بوپسىزدە.

ياخشى، مەن سىزگە ھەقىقىي قايىل بولدۇم، ئەتە ـ ئۆگۈن پۇل تېپىپ مېنى باقىدىغان ئوخشايسىز، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— پۇلنىمۇ تاپىمەن، ئابۇش. كىتاب ئوقۇپ، ئەقىلنىمۇ تاپىمەن، ھاياتىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش يولىدا تىرىشىمەن، چۈنكى مۇشۇ ئىشلاردا سىز ماڭا تۈۋرۈك بولالايسىز، — دېدى ئاينۇر.

— ياخشى گەپ ئىكەن، ئاينۇر، ئەمما ئىشلارنى تېزلىتەيلى، دۇكاننى ئالغاندىن كېيىن ئىچىنى بېزەيدىغان ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇراي، بۇ ئىشنى تېز ۋۇجۇدقا چىقىرايلى، — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر ئابۇشقا قاراپ كۈلدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چىرايلىق بىر كىتابخانا زاھىر بولدى، ئۇ كىتابخانىنىڭ نامىنىمۇ ئويلىشىپ بولغانىدى.



# 8

ئابوش يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ يۈرۈپ، يىگىرمە كۈن ئىچىدە كىتابخانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى پۈتتۈردى، ئاندىن ئاينۇر بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، بىرنەچچە نەشرىياتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ توختام تۈزۈپ، ئۇلاردىن كىتاب ئالدى، داۋاملىق كىتاب زاكاز قىلىدىغان رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈردى. بىر ئايدىن كېيىن «بىلىم خەزىنىسى كىتابخانىسى» دېگەن نامتاختا كىتابخانا ئىشىكىنىڭ بېشىغا رەسمىي ئېسىلدى. ئاينۇر دۇكىنىغا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىككى قىزنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ كىتابخانىسى ھە دېگەندە مېڭىپ كەتتى. ئۇ ھەربىر كىتابتا خېرىدارلارغا 10% مەنپەئەت بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىۋالدى.

ئابوش ئايالىنىڭ كىتابخانىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي قايىل بولدى. ئۇنىڭ بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادقا ئايلاندۇرالايدىغان قابىلىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئارقىدىن ئۇ ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك دەپ ئويغا پاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلايتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قانداق قىلىپ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دېگەن ئىشلار ئۈستىدىمۇ باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدىكى مۇشۇنداق ئوي - پىكىرلەر ئۇنىڭدا بىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئۇ ئاخشاملىرى ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان ئادىتىنى تاشلىدى. كەچتە تاماقتىن كېيىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاينۇر بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولدى. چۈنكى، ئاينۇر

بەكمۇ جىق ئىشلارنى ئويلايتتى، ئاينۇرنىڭ ئاشۇ پىكىرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا لازىم بولىدىغان ناھايىتى كۆپ ئەقىل بايلىقلىرى بار ئىدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى، قاراڭغۇ ئاللىقاچان ئۆيدىكى يورۇقلۇققا ھەسەت قىلىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەتلىشىپ بولغانىدى. لېكىن، ئۆيدىكى يورۇقلۇق ئىچىدە ئازادىلىك بىلەن يېقىملىقلىق، ئىناقلىق بىلەن مۇھەببەت بىر - بىرىنى باغاش ئېتىپ، شۇ قەدەر گۈزەل كەيپىيات داۋام ئەتمەكتە ئىدى. مۇھەببەتنىڭ ئادەمنى ھەر دائىم ھاياجانغا سالىدىغان چېچەكلىرى چىرايلىق ئۆي ئىچىدە لەيلەپ يۈرەتتى، بۇ بوشلۇققا يوشۇرۇنۇۋالغان كېپىنەكلەر قانات ئاستىدىكى خۇش پۇراقلارنى بىر جۈپ مۇھەببەتلىك ياشقا سوۋغا قىلاتتى. جەننەت بېغىنىڭ ئاتەش گۈللىرىدىن نۇسخا ئېلىپ ئىشلەنگەندەك چىرايلىق پەردىلەر دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئەينەكلەرگە چاپلىشىپ تۇرغان بەدرەڭ قاراڭغۇلارغا زەربە بېرىپ تۇراتتى. ئۇلار يېڭى ئۆي ئىچىدىكى يېڭى ھېسسىياتلارنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ گۈزەل قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. ئابۇش شۇ قەدەر بەختلىك ھالدا ئاينۇرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— مەن كىچىكىمدە رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتىم، ئابۇش. سانىيە دېگەن بىر دوستۇم بولىدىغان، دادىسى رەسسام ئىدى، ماي بوياق رەسىم سىزاتتى، مەن ئاشۇ دوستۇم بىلەن بىللە ئۇنىڭ دادىسىدىن خېلى ئۇزاق رەسىم سىزىشنى ئۆگەندۇق، لېكىن ئىككىلىمىز ئانچە ياخشى ئۆگىنەلمىدۇق. ئەسلىدە بىزدە ئۇنداق دىت، ماھارەت يوق ئىكەن، ئۇنداق بولمىغان بولسا، مەن مۇشۇ كۈندە بىر رەسسام بولۇپ كېتەتتىم. شۇ يىللاردا سانىيەنىڭ دادىسى بىر رەسىم سىزغانىدى، ئۇ ناھايىتى گۈزەل بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى، دەرۋازا يولدىكى باراڭنىڭ ئىچىدە ئىدى، قۇياش نۇرى باراڭنىڭ ئاراشلىرىدىن تېشىپ كىرىپ، سول تەرەپتىكى ئاپئاق تامنى كۆيدۈرۈپ

تۇراتتى، باراڭنىڭ ئاستىدىكى نازۇك قاپاقلار مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى يېقىملىق دارۋازىغا سالام بېرىپ تۇراتتى. قىسقىسى، قاپاقلار نازىنىنلاردەك دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى، ئاشۇ گۈزەل، سىرلىق قورۇنىڭ ئىچىدە ئۇلار ئارزۇ قىلىدىغان ھەم چوقۇنىدىغان ھەممە نەرسە بار ئىدى، ئۇلار ئاشۇ مىڭ يىل ئىچىدە ئۇلارنى چاقىرىپ چىقىرالماي، كۆرەلمەي ھەسرەت ئىچىدە قۇياش ئاستىدا پىشىپ يېتىلەتتى، ھەربىر باھار، ھەربىر ياز، ھەربىر كۈز ئۇلار ئۇچۇن بىر يېڭى پۇرسەت، بىر يېڭى بەختنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، لېكىن ئاخىرقى كۈزگىچە ئۇلار ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايتتى، ئاشۇ يېقىملىق دەرۋازا ئوچۇق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن ھېچ نەرسە چىقمايتتى. مەن مۇشۇ كۆرۈنۈشنى ھازىرغا قەدەر ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن، ئابۇش. ئۇ پات - پات چۈشۈمدە نامايان بولىدۇ - دە، شۇ قەدەر سادىقلىق ئىچىدە مېنى ئۈسمۈرلۈك دەۋرىمگە ئېلىپ بېرىپ، مېنى سانىيەنىڭ ئاشۇ قورۇسىدا كېپىنەك قىلىپ ئۇچۇرىدۇ، باغدىكى پەسىل قۇشلىرى سايرىشىپ بىزنى مۇبارەكلەيدۇ. ئاندىن شاختىكى ئالمىلارنىڭ ھەممىسى قاپاققا ئايلىنىدۇ.... ئەگەر مەن بىر رەسسام بولۇپ قالغان بولسام، ئابۇش، مەن بۇ ۋاققىچە ئاشۇ قاپاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتىم، ئۇلار ئەسلىي قاپاق ئەمەس، جانلىق ئادەم، بىز ئۇلارنى ئادەملىككە قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئۇسۇللارنى تاپالمايۋاتىمىز، خالاس....

ئابۇش ئاينۇرغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مۇڭلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەربىر گېپى شېئىردەك گۈزەل ھەم تاتلىق ئىدى....

— ئاشۇ سانىيە دېگەن دوستىڭىز ھازىر قەيەردە؟ — دېدى ئابۇش.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئابۇش. ئۇ بىچارە دوستۇم بەختسىز بولۇپ قالدى، دادىسى ئاپىسى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن

كېيىن، ئۇ ئاپىسى بىلەن قالغاندى، شۇ يىلى بىر قىز دادىسىدىن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىمەن دەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ قويدى، كېيىن سانىيەنىڭ ئاپىسىمۇ تۇرمۇشقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا سانىيە مومىسىنىڭ قولىغا قالدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مومىسى زىققە كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ياخشى ئوقۇيالمىدى، ئالىي مەكتەپكىمۇ ئىمتىھان بېرەلمىدى. ئاخىر ئۇ كىچىك ئاپىسىنىڭ قولىغا قالدى، كىچىك ئاپىسى ئۇنى ئەرگە بېرىۋەتتى، ئېرى ساتىراش، ئىككى بالىسى بار، كونىدە بالا بېقىپ، ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. بىز تويىغا بارغان، كېيىن ئۆيىگىمۇ يوقلاپ باردۇق، نېمە دېگۈلۈك ئەمدى، هال ـ كۈنى ياخشى ئەمەس، ئامال يوق، بۇ بىر تەقدىر. ئېرى ياخشى بالا ئىكەن، ئۇنى بەك هۆرمەتلەيدىكەن. دوستلار بىر يەرگە يىغىلساق، ئۇنىڭ ئاشۇ رەسسام دادىسى ئۈستىدە ئاز ـ تولا غەيۋەتمۇ قىلىپ قويىمىز. ئۇ ئادەم قىزىنىڭ تۇرمۇشىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىدى، تويىغا چاقىرسىمۇ كەلمىدى. نېمە دەيمىز ئەمدى، جاهاندا ئاشۇنداق ئاتىلارمۇ بولىدىكەن...

— مۇنداق دەڭ ئاينۇر، بىچارە قىز، — دېدى ئابۇش، — ئۇ قىزنى پات ـ پات يوقلاپ قويساق بولىدىكەن!

— بىزغۇ پات ـ پات يوقلاپ تۇرىمىز، مەن سىزنى بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىراي، — دېدى ئاينۇر.

— شۇنداق قىلايلى، ئاينۇر.

ئابۇش ئويغا چۆمدى.

— مەن رەسسام بولالمىغاندىن كېيىن، كىتابخۇمار بولۇپ قالدىم، كىتابلا ئوقۇيمەن، تاپقىلى بولىدىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيمەن. مۇشۇ جەرياندا مەن پەلسەپىگە قىزىقىپ قالدىم، كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە پەلسەپە كەسپىنى تاللىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ تاللىشىمدىن رازى، مەن باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيالمىغان

بولسامۇ، مۇشۇ كەسىپ ئارقىلىق بۇ سىرلىق جاھاننىڭ پەردىلىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم، مۇشۇ سىرلىق پەردىلەرنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدە ياشىدىم، بىز كىم، مەن كىم، مەن ئۆزۈممۇ – ئەمەسمۇ دېگەن سوئالغا دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب تاپتىم، شۇڭا مەن ئۆزۈمدىن رازى. مەن مۇشۇ ئاساستا دائىم بەزى ئىشلار ئۈستىدە ئويلاپ قالىمەن، باش قاتۇرىمەن، بولدىلا، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن دېمەيمەن، مۇشۇنداق ئويلاردا مەن كاللامدا بىز نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ قانداق ياشايمىز؟ دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالايمەن. بىز ھامان ئۆلىمىز، بۇ تۇرغانلا گەپ. ئەمدىكى مەسىلە بىز مۇشۇ ئالەمدىن ئۆتكۈچە قانداق ياشىشىمىز كېرەك دېگەن مەسىلە بىزنى پىكىر قىلىشقا، ئويلاشقا، جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بىز قانداق ياشىشىمىز كېرەك؟ نېمە ئىشلارنى قىلىپ ئىز قالدۇرۇشىمىز كېرەك؟ مۇشۇ ئەمەلىي ئىشلارغا جاۋاب بەرمىسەك بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەن ئادەمدە نىشان بولۇشى كېرەك دەيمەن، بۇمۇ مېنىڭ ئۆگىنىشىمنىڭ نەتىجىسى، ئالدى بىلەن ئادەمدە مەنىۋى نىشان بولۇشى كېرەك، بولمىسا بىز بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش ياق دەيدىغان ئىشقا ماقۇل دەپ، كىم نەپ بەرسە شۇنىڭكىنى راست قىلىپ جان باقىدىغان ئادەمدىن بولۇپ قالىمىز. بىز ئۆزىمىزدە «مەن ئۆزۈم ــــ مەن» دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلمىساق بولمايدۇ. ئاندىن ئادەمدە ئىقتىسادىي نىشان بولۇشى كېرەك، بۇ ئەڭ ئالىي نىشان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەركىن بولالمىغان ئادەم ئۆيىدىن چىقالمايدۇ، ئىجتىمائىيلىشالمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئادەمدە ئىجتىمائىي نىشان بولۇشى كېرەك. ئۆز ئوبرازىنى تىكلەش يولىدا نىشاندىن ئازماي جاھاندارچىلىق قىلىشى كېرەك. ئاخىردا ئادەمدە ھېسسىيات بولۇشى كېرەك، تۇرمۇشنى بىلىشى، چۈشىنىشى كېرەك، بۇ بەك چوڭ بىلىم. چۈنكى، تۇرمۇش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مەكتەپ، بۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى يوق، مۇدىرلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ، بۇ

يىلقى دىپلوم كېلەر يىلى ئەسقاتمايدۇ، داۋاملىق، بىر ئۆمۈر، ئاخىرقى نەپەسكىچە تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئادەمدە غەيرەت بولۇشى كېرەك. بۈگۈن باغچىدا قايىنغان قازان ئەتە تاغدا ياكى جاڭگالدا قايناپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەمەلىيەتلەر بىزنى سىنايدۇ، تاۋلايدۇ، بىزنى خاسلىققا ئىگە بىر ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ئاينۇر. ئەگەر ئىككىمىز ساۋاقداش بولۇپ قالغان بولساق، مەنمۇ سىز ئوقۇغان ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى ئابۇش، ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ھېلىمۇ ئۈلگۈرىمىز، ئابۇش. مانا ئەمدى بىز بىر ئۆمۈر ساۋاقداش بولۇپ ياشايمىز، سىز ماڭا ئۆگىتىسىز، مەن سىزگە ئۆگىتىمەن، ئاندىن ئىككىمىز بىرلىشىپ بالىمىزنى تەربىيىلەيمىز...

— خۇش خەۋەرغۇ بۇ ئاينۇر...

ئاينۇرنىڭ يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، ئۇ يەرگە قارىۋالدى.



## 9

ئابوْش ئەتە ـ ئاخشاملىرى ۋاقىت چىقىرىپ، ئاينۇرنىڭ كىتابخانىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇ نەگە بارسا «بىلىم خەزىنىسى كىتابخانىسى» نى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭغا سېلىنغان كىتابلارنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. ئاينۇر مائارىپ ئىدارىسى ئارقىلىق شەھەردىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى يىغىپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، كىتابخانىسىنى ياخشى تەشۋىق قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ كەتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئىشتىن سىرت مۇشۇنداق بىر ئىگىلىك تىكلىۋالغىنىغا خۇش ئىدى. ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ياخشى بىرلەشتۈرگىنى ئىدى.

ئابوْش توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئەمدى ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان بولدى. بۇرۇن ئابوْش كاندا ئىشلىگەندە شەھەرگە كىرىۋالسام بولاتتى، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇسىغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئىستەكلەر قوشۇلدى. مەنمۇ ئەمەل تۇتۇپ باقسام، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزۈمنى مۇستەھكەملىۋالسام دەپ خىيال قىلاتتى.

تۇنۇگۈن ئۇ پولات بىلەن قاھار ئۆردەكنىڭ ئاشخانىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. پولات ئۇنىڭغا بىر شېشە ئىچەيلى ئاداش دەپ تېلېفون بەرگەندە، ئۇ ئىشىم بار ئاداش، بۈگۈن بولمايدۇ دەپ ئۇنى رەت قىلدى. ئۇ يالغان سۆزلەپ هاراق ئىچىشتىن قۇتۇلماقچى بولغانىدى. چۈنكى، توي قىلغاندىن كېيىن ئاينۇر

ئۇنىڭغا: «ھاراقنى ئاز ئىچىڭ، ئابۇش، مەست بولۇپ قالماڭ، ھاراق، ئويۇن تېپىلىدۇ، لېكىن سالامەتلىك تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابرۇيىڭىزغىمۇ تەسىر يېتىدۇ» دەپ ئۇنى ئوبدانلا خوتقا سېلىۋالغانىدى. كېيىن پولات: «ئۇنداق دېمە، ئاداش، ھەرقانداق ئىشىڭنى تاشلا، قاھار ئۆردەكنىڭ ئاشخانىسىغا دەريا بېلىقى كېلىپ قاپتۇ، قىلتىرىقى يوق بېلىق ئىكەن، بىر يەۋالمىساڭ بولمايدۇ، ئاداش» دەپ ئۇنى قاھار ئۆردەكنىڭ ئاشخانىسىغا باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ قالدى:

شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ساياھەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپتۇ، بۇ ئۇچۇر شۇ ھامان ئۇنىڭ قورسىقىدا بىر پىلاننى پەيدا قىلغانىدى. كەچتە ئۆيگە بارغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىنى ئايىنۇرغا ئېيتتى، ئايىنۇر ئۇنى قوللىدى:

— شۇنداق قىلىڭ، ئەگەر ئامال بولسا باشقا خىزمەت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىر ئورۇندا بەك ئۇزاق ئىشلەپ كېتىشمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ زاۋۇتقا كېلىپلا ئەزىز بىلەن كۆرۈشتى، قورسىقىدىكى ئويلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، ئەزىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چۈشەندى.

— ئاشۇ ئىدارىگە يۆتكەلسەڭ بولىدۇ، ئۇكا. ياخشى ئات بىرلا ئوقۇرغا قاراپ قالمايدۇ. سەنمۇ بىلىسەن، ھازىر ئىشلار بۇرۇنقىدەك بولماي قالدى. بارىمەن دېگەن ئورنۇڭمۇ يامان ئورۇن ئەمەسكەن. ئىشقىلىپ ئورۇنۇپ باق، ئۇكا، بىر نېمىنىڭ ئۇن بولسۇن، ئۇن نېمىنىڭ مىڭ بولسۇن، بىرلا يېرى خەققە قۇيرۇق تۇتقۇزما. مەن ھېلىقى چاغدا ساڭا جىق گەپ قىلىۋەتتىم، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئۇنتۇما! خوش، ئۇكا، زاۋۇتتا ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىڭ بارمۇ - يوق؟ — دېدى ئەزىز.

— زاۋۇتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم، ئەزىزكا، بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، يۆتكىلىپ كېتىپ

قوشۇمچە ئىش - ئوقەت قىلايمىكىن دەۋاتىمەن. ئەتە - ئۆگۈن باللىق بولىمەن، كاندا ئاتا - ئانامۇ ياشىنىپ قالدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېرەك، شۇڭا، پۇل تاپمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ...

— راست دەيسەن ئۇكا، پۇل بولمىسا بولمايدۇ، يول مېڭىۋاتامسەن؟

— پولات ياردەم قىلماقچى، ئۇنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىدىغان بىر تۇغقىنى بار ئىكەن.

— ھە، مۇنداق دە... پولاتمۇ ياردەم قىلسۇن، لېكىن بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ بىۋاستە ماڭمىساڭ بولمايدۇ، پۇل خەجلىمىسەڭ پۈتمەيدۇ، بۇ تەرەپنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ ياخشى بىلىسەن. مۇنداق قىل، مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي، سەن بېرىپ بىر ئادەمنى ئىزدە، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە بىر باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان نىجات ئىسىملىك بالا بار، بۇرۇن ئۇمۇ بۇ زاۋۇتتا شوپۇر ئىدى، كېيىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئادەم كېلىپ ئۇنى يۆتكەپ كەتكەن، ئۇنىڭ بەك يولى بار، يېشى سەن بىلەن تەڭ، ئەسلى ھەربىي سەپتىن قايتقان بالا. ئۆز ۋاقتىدا قىسمىدا ماشىنا ھەيدەپتىكەن. مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ قوياي، سەن شۇ بالىنى ئىزدە، ئۇ سېنىڭ مۇشۇ ئىشىڭغا ياردەم قىلىدۇ، — دېدى ئەزىز.

— ئۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ، ئەزىزكا. ئۇنى بىر يەرگە چاقىرىپ ئۇچىمىز پاراڭلاشمايلىما؟ قاھار ئۆردەكنىڭ ئاشخانىسىدا دەريا بېلىقى بار ئىكەن. ئاشۇ يەرگە بارمايلىما؟

— مەيلى ئەمىسە، ئاخشاملىققا مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ باقاي، — دېدى ئەزىز.

ئابۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

— رەھمەت ئەزىزكا، مەن سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ئابۇش.

— ئۇنداق دېمە، ئۇكا. سەن مۇرادىڭغا يەتسەڭ، مەن

مۇرادىمغا يەتكەندەك بولىمەن! — دېدى ئەزىز.

ئابۇش خۇشال هالدا ئەزىز بىلەن خوشلاشتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەكشەنبە كۈنى چۈشتە ئەزىز نىجاتنى ئېلىپ قاهار ئۆردەكىنىڭ ئاشخانىسىغا كەلدى، ئابۇش خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بىر ئۆينى ئېلىپ هاۋاسىنى تەڭشەپ تۇراتتى، ئۇ مېهمانلارنى ئۆيگە باشلىدى، ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەزىز ئابۇشقا نىجاتنى تونۇشتۇردى.

— مەن ئابۇشنى سىرتىدىن تونۇيمەن، — دېدى نىجات.

— مەنمۇ نىجاتنى تولا كۆرگەن، تونۇشمىغاندىكىن پاراڭلىشىپ باقمايتىكەنمىز، — دېدى ئابۇش.

— مانا ئەمدى بۈگۈن ياخشى تونۇشۇپ قالىدىغان بولدۇڭلار... ئابۇش، ئەمىسە قاهارنى چاقىر، قانداق ياخشى نەرسىلىرى باركىن، بىز مۇشۇ يەرگە كەلسەكلا ئاشۇ قاهارنى چاقىرىپ قېشىمىزدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۆگىنىپ قاپتۇق، — دېدى ئەزىز.

ئابۇش ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن قاهار ئۆردەكنى باشلاپ كىردى. قاهار كىرىپ مېهمانلار بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ئەزىزگە قاراپ ھىجايدى.

— كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، ئاكىسى، — دېدى قاهار.

— قېرىدۇق، ئۇكا، هاراق ئېلىپ قويىدىغان بولدى.

— ئىچمىسىڭىز يەيدىغان ياخشى نەرسىلەر بار ئەمەسمۇ؟!

— مەن مۇشۇ ياخشى نەرسىلەرنى يېسەملا هاراق كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ ئەمەسمۇ!

— مەن سىزنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭىزگە هەيران، ئەزىزكا، خەقلەرنىڭ كۆز ئالدىغا چىرايلىق قىزلار كېلىۋالسا، سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزغا هاراق كېلىۋالىدىكىنا! — دېدى قاهار كۈلۈپ.

— ئادەم لاتىلاشقاندا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇكا...

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرىمەن، ئەزىزكامنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن، ئۇ ئادەم چاپلىما كاۋاپقا ئامراق، — دېدى قاھار.

— يەرلىك توخۇيۇڭ بارمۇ، ئۇكا؟

— يەرلىك ئۆردەك بار، ئاكا، — دېدى قاھار ئۆردەك.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭغۇ، ئۇكا. مەن ئەسلىدە ياۋا ئۆردەكنىڭ گېپىنى قىلماقچىدىم، — دېدى ئەزىز چاقچاق قىلىپ.

— ھازىر ياۋا ئۆردەكنىڭ مەزگىلى ئەمەس، يەرلىكىنى يەپ تۇرارسىز، — دېدى قاھار ئۆردەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمىسە ئۆزۈڭ بىلىپ بىرنېمە چىقار، ئۇكا. بىز ئۈچ ئادەم، — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

— دەريا بېلىقىغىمۇ ئېغىز تېگەيلى، قاھار، — دېدى ئابۇش.

— بولىدۇ، ئەمىسە دەريا بېلىقى، چاپلىما كاۋاپ، كەپتەر شورپىسى قىلىپ بېرەي، يەتمىسە يەنە ھايت دەرسىلەر، — دېدى قاھار. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ زالغا چىقىپ كەتتى.

— بىزنىڭ بۇ قاھار ئۆردەككە ئوخشاش ئىرغاڭلاپ ماڭىدۇ، شۇڭا بالىلار ئۇنىڭغا ئۆردەك دەپ لەقەم قويغان، — دېدى ئەزىز نىجاتقا.

— بۇ لەقەم ئاكىمىزغا تازا چۈشۈپتۇ، ئۆزىمۇ ئۆردەكتەك ماڭىدىكەن، — دېدى نىجات.

كۈتكۈچى قىز مېھمانلارغا چاي قۇيدى، ئاندىن بايام ئابۇش ئەكىرگەن مېۋىلەرنى يۇيۇپ شىرەگە تىزدى، ئابۇش مېھمانلارنى مېۋە يېيىشكە تەكلىپ قىلدى.

— ئاقسۇنىڭ ئالمىسى ئىكەن، ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار مېھمانلار، — دېدى ئابۇش.

— ئالما بىلەن قورسىقىمىز تويۇپ قالمىسۇن، — دېدى

ئەزىز.

— ياق، ئالمىنىڭ قورسىقى ئايرىم، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

قاھار ئۆردەك تائاملارنى بىردەمدىلا كەلتۇردى، چاپلىما كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىردىنلا ئۆي ئىچىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ قويدى. مېھمانلار ئازراق غىزالانغاندىن كېيىن، ئابۇش ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇ ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ، ئەزىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆزۈڭ بىرنېمە دەۋەرمەمسەن، ئۇكا، — دېدى ئەزىز.

— چوڭلاردىن كەلسۇن، — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

— ماقۇل ئەمىسە، ئابۇشقا رەھمەت، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، نىجات بىلەن پاراڭلاشمىغىلى خېلى بوپتۇ، ئەمىسە، بىرىنچى رومكا ھاراقنى نىجات ئىككىمىز ئىچۋېتەيلى، — دېدى ئەزىز. ئۇ بىر رومكا ھاراقنى نىجاتنىڭ قولىغا بەردى.

— ئەمىسە، رەھمەت ئەزىزكا، مەنمۇ ئالدىراش بولۇپ سىزنى ئىزدەپ بارالمىدىم، كۆرۈشۇپ تۇرايلى، — دېدى نىجات. ئۇ قولىدىكى ھاراقنى ئىچۋەتتى.

ئابۇش ئەزىزنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ، ئۆزىگە بىر رومكا ھاراق قۇيدى.

— خوش ئەمىسە، مېھمانلارغا رەھمەت، نىجات بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، خۇدايىم بۇيرۇسا، بىز ياخشى ئاغىنىلەردىن بولۇپ كېتىمىز، — دېدى ئابۇش. ئۇ رومكىنى ئىككى بارمىقى ئارىلىقىغا قوندۇرۇپ، ئاغزىغا ئەكىلىپ «گۇپ» قىلىپ ئىچۋەتتى.

— سەن، ئۇكا، ھاراقنى بەك چىرايلىق ئىچىسەن - ھە! — دېدى ئەزىز كۇلۇپ.

— كاندا ئۆگەنگەن ھۇنەر بولمامدۇ، ئاكا ! — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

— سىز بۇرۇن كاندا ئىشلەپتىكەنسىزدە ! — دېدى نىجات.

— مەن ئەسلي كانلىق، كېيىن كان مەكتىپىدە ئوقۇدۇم، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ كاندا ئىشلىگەنىدىم، مۇشۇ ئەزىزكام ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ شەھەرگە ئەكىرىۋالغان، — دېدى ئابۇش.

— ھە، مۇنداقكەندە ! — دېدى نىجات.

— ئەگەر شەھەرگە كىرمەي كاندا ئىشلەۋەرگەن بولساڭ، ئۇكا، بۇ كەمگىچە باشلىق بولۇپ كېتەتتىڭ جۇمۇ! — دېدى ئەزىز.

— جاڭگالدا باشلىق بولغۇچە شەھەردە مالاي بولغان ياخشى ئەمەسمۇ، ئاكا !

— سەن بەك گەپدان ـ ھە، ئابۇش، — دېدى ئەزىز.

— مەن ئەزەلدىن شەھەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئەزىزكا. مەن كاندا كىچىك ۋاقتىمدا دادام مېنى بىرىنچى قېتىم كاندىن شەھەرگە ئەكىرگەندە بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن. دادام مېنى كىنوغا ئەكىرگەنىدى. ئۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم كىنو كۆرۈشۈم ئىدى. كىنودىن چىقىپ دادام ماڭا يەنە كاۋاپ ئېلىپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەن شەھەرگە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم، — دېدى ئابۇش.

— مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئۇكا. گەپمۇ بولسۇن، ھاراقنىمۇ ئىچكەچ تۇرايلى، بولمىسا ئۇچ رومكىدا ماڭدۇرساڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويدۇڭ، ھاراق سوۋۇپ قالمىسۇن، — دېدى ئەزىز.

نىجات بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلدى.

— سىز قىزىق گەپ قىلىسىز ـ ھە، ئەزىزكا ! — دېدى ئۇ.

— ھاراق ئىچكەندىكىن قىزىقچىلىق قىلىپ قويمىسىزدە ئەمدى، قېنى ئەمسە، يەنە بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى.

مېھمانلار ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئابۇش ئارقىدىنلا رومكىلارنى لىقلاپ قويدى.

— ھە راست، ئۇكا، ئۆتكەندە ھېيىتتا ئۆيۈڭگە بارسام سەن يوق، ئۆيۈڭنى بىر چىرايلىق سېلىۋاپسەن جۇمۇ ئۇكا، قورۇيۇڭمۇ

بىر مودىن ئاشىدۇغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئەزىز نىجاتقا قاراپ.

— نەق بىر مو، ئاكا. خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، ئۆينى ياخشى سېلىۋالدىم، دادام بىلەن ئاپامنى قېشىمغا ئەكىلىۋالدىم. ئۇلار بىرىنچى قەۋەتتە، بىز ئىككىنچى قەۋەتتە، — دېدى نىجات.

— يەرنى ھەقىچان ئەرزان ئېلىۋالدىڭ، ئۇكا...

— يەر ئاشۇنداق بىر ئوڭ كېلىپ قالدى، ئاكا. ئەسلىدە ئۇ ئاشۇ مەھەللىدىكى كونا ئۇن ماگىزىنىنىڭ ئورنى ئىكەن، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ساتماقچى بولغاندا مەن يول مېڭىپ بېرىگە ئەرزان ئېلىپ بەرگەن. ئۇلار ئاشۇ بىر مو يەرنى ماڭا ئەرزان باھادا بېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تاپقان ـ تەرگىنىمنى يىغىپ بىر قورۇ جايلىق بولۇۋالدىم، — دېدى نىجات.

«پۇل بېرەمدۇ بۇ ئاداش ئۇ يەرگە؟ !» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— بەك ئاقىلانە ئىش قىپسەن، ئۇكا. يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق، بالاڭنىڭ بالىسىغىچە قالىدۇ ئەمەسمۇ !

— بالىلار سېتىۋەتمىسە دەڭلار! — دېدى نىجات كۈلۈپ.

— تازا جادۇگەر خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بەرسەڭ ساتمايـ دۇ، — دېدى ئەزىز چاقچاق قىلىپ.

نىجات كۈلدى.

— راست دەيسەن، ئاكا !

— ئىككى قەۋەت قىلىپ سالغان بولسىڭىز ياخشى سېلىۋاپسىز، قانچە كۋادرات بولدى؟ — دېدى ئابۇش گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئۆينى سەل چوڭ سېلىپ قويۇپتىمەن قاراڭ، يەر ئاستى بىلەن ھېسابلىغاندا تۆت يۈز كۋادراتتىن ئاشىدۇ، قىشتا ئۆينى ئىسسىتالماي قالىمىزكەن، — دېدى نىجات.

— بۇمۇ بىر گەپ ئەمدى، بىراق ئۆي دېگەننىڭ چوڭ بولغىنىغا يەتمەيدۇدە. قېنى، تونۇشۇپ قالدۇق، مېنىڭ دەيدىغىنىم ياخشى ئاغىنىلەردىن بولۇپ كېتەلەيمىز، ئىككىمىز سوقۇشتۇرۇپ بىرنى ئىچىۋېتەيلى، — دېدى ئابۇش.

ئۇلار قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

«ئەمدى گەپنى تېشەي» دېدى ئەزىز ئىچىدە.

— ئەمىسە، ئۇكا، ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، بايام ئىنىم ئابۇشنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا تونۇشتۇردۇم، ئابۇش ئۆزى ھەقىقىي ئوغۇل بالا، ئىشەنگىلى بولىدىغان يىگىت، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئۆزۈڭ ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىۋالىسەن. مەن ساڭا مۇنداقلا دەپ قوياي، ئۇكا. سەن مۇشۇ شەھەردە ئىككى ئادەمگە ئىشەنسەڭ، بىرى مۇشۇ، ئۆزى ئېسىل يىگىت. خوش، مەقسەتكە كەلسەك، شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپتۇ، شوپۇر ئالىدىكەن، ئابۇش شۇ ئىدارىگە بېرىپ ئىشلىسەممىكىن دېگەنىدى، مۇشۇ مەقسەتتە مەن سېنى ئىزدىگەنىدىم، ئۇكا. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇكا، بىزگە ئوشۇقچە گەپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ، باشلىقىڭغا دېسەڭ، بۇ ئىش ئاسانلا ھەل بولىدۇ. سەن بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزغا ياردەم قىلىۋەت، مانا ئابۇش ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، سەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارا، ئاندىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە قارا، شۇ ۋاقىتتا سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ قالىسەن، مۇشۇ ئىشتا سەن بىزگە بىر ياردەملەش، ئۇكا، — دېدى ئەزىز.

— رەھمەت، ئەزىزكا، جىق ئاۋارە بوپسىلەر، بۈگۈن بىر ياخشى كۈن بولدى، ئابۇش بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، ئابۇشنىڭ ئىشى سىزنىڭ ئىشىڭىز ئىكەن، سىزنىڭ ئىشىڭىز مېنىڭ ئىشىم. بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بۇ ئىشنى پۈتتۈرىمەن، ھازىر ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنراق، ئادەم يۆتكەيدىغان ئىش ھەرھالدا تەس ئەمەس، مەن بەش يىلدىن بېرى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىمەن، ئۆزۈممۇ ئۇ ئادەمگە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارنى دېمەيمەن. ئەمدى بۇ ئىشنى ئۇ ئادەمگە دەيمەن. «مېنىڭ تۇغقىنىمنىڭ ئىشى ئىدى، ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدۇ» دەپ ئۇنى كەلتۈرىمەن. ئۇ ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا دەپ قويسا، ھەممە ئىش پۈتىدۇ.

خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بۇ ئىشقا ماڭىمەن، — دېدى نىجات.

— رەھمەت نىجات، رەھمەت. مەن ھېلىقىدەك مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا دەپلا پارقىراپ يۈرۈپ جان باقىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس، مەن ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ئىزنى ئونتۇمايمەن، مەن ھەر دائىم ئەمەلىيىتىم بىلەن رەھمەت ئېيتىشنى بىلىدىغان ئادەم، شۇڭا مەن ئاشۇ قاراڭغۇ كاندىن يورۇق شەھەرگە كىرەلىدىم، مەن ياخشىلىقنى بىلىدىغان ئادەم، — دېدى ئابۇش.

«گەپكە ئۇستا نېمىكىنا بۇ !» دېدى نىجات ئىچىدە.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئابۇش. مەن بۇ ئىشتا سىزگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى نىجات.

«ئەمدى گەپ ئۆزۈڭدە قالدى، ئۇكا. ئەتە - ئۆگۈن بېرىپ ئوبدان بىر يوقلىۋەتسەڭ، قالغان ئىشلىرىڭ پۈتۈپ كېتىدۇ. ‹يېگەن ئېغىز ئۇيىلىپتۇ› دېگەن گەپ بار. ئەمدى نىجاتنى چىڭ تۇتۇۋالساڭ بولىدۇ» دېدى ئەزىز ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە.

— رەھمەت، ئۇكا، خۇدايىم مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، ياخشىلىق يولدا قالمايدۇ، ياخشىلىق دېگەن بالاڭنىڭمۇ بېشىنى سىلايدىغان ئەڭگۈشتەر، شۇڭا ھەرقانداق قىيىنچىلىق بىزنى يەرگە قارىتالمايدۇ، ئىككىمىز بىر رومكا ئىچىۋېتەيلى، سالامەت بول، ئۇكا. تاپقىنىڭنى خوتۇنۇڭغا ئاپىرىپ بەر، ئاشناڭغا سىر بەرمە ! — دېدى ئەزىز.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مېنى ئۆزىڭىز ياخشى چۈشىنىسىز ئەزىزكا، مەندە ئاشنا - پاشنا دېگەن گەپ يوق، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆزۈم تىنچ، ئاكا، — دېدى نىجات.

— ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇكا. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ شەيتىنى بىلەن ياشايدۇ ئەمەسمۇ! ئۆتكەندە بىرى شۇنداق دەيدۇ قارا، قايسىبىر دۆلەتتە ئاشنىسى يوق ئادەمنى تۇتىدىكەن....

ھەممەيلەن قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ئەممىسە، ئەزىزكا، يەنە بىزنىڭ مۇشۇ يېرىمىز ياخشى ئىكەن جۇمۇ، بىزدە ئاشنىسى بار ئادەمنى تۇتىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى نىجات.
ئابۇش كۈلدى.
— ئاللا خاتىرجەملىكنى بەرسۇن، ئاشنا - پاشنا دېگەن نەرسىلەر ئادەم ئازدۇرۇشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيدۇ! — دېدى ئابۇش.
— سەن بەك قورقۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن، ئابۇش؟ — دېدى ئەزىز.
— مەندە ئۇنداق ئىش يوق، ئاكا، دەيمىنا ئەمدى، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.
— ئەقىللىق ئادەملەر ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاشنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئادەم كىچىكىدىن ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ساقلىشى كېرەك، — دېدى ئەزىز.
ئۈچ بوتۇلكا هاراق تۈگىدى، ئابۇش يەنە ئىچەمىزمۇ دېگەن مەنىدە ئەزىزگە قارىدى.
— قانداق، نىجات ئۇكا، يەنە بىر بوتۇلكا ئوينايمىزما؟ — دېدى ئەزىز نىجاتقا.
— رەھمەت ئەزىزكا، ئەمدى بولدى قىلايلى، سىلەرنى جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم، ئاۋۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭلار. مەن بەش يىلدىن بېرى كېچە - كۈندۈز باشلىققا ئىشلەپ ئاشۇنچىلىك بىر ئىشنى پۈتتۈرەلمىسەم قانداق ئوغۇل بالا بولىمەن؟! — دېدى نىجات. هاراقنىڭ كۈچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى.
— ئەممىسە، بۈگۈنكى ئويۇنىمىز مۇشۇنچىلىك بولۇپ تۇرسۇن، نىجات. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتە - ئۆگۈن ئۆزۈم سىزنى ئايرىم يوقلايمەن، قالغان گەپنى شۇ يەردە دېيىشەيلى، بۈگۈن مېنى خاتىرجەم قىلدىڭىز، سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى

ئابۇش. ئۇ شۇ قەدەر جانلىق، ھەممە ئادەمدىن جانلىق كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى، ئابۇش كاسسىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساب ـ كىتاب قىلغۇچە قاھار ھىجىيىپ تۇرۇپ ئۇلارنى گەپكە تۇتۇپ تۇردى. ئابۇش ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، قاھار ئۇياققا بىرنى، بۇياققا بىرنى ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

— ئەمىسە، يېقىندا كەكلىك كەلمەكچى، تېلېفون قىلىمەن، ئەزىزكا، — دېدى قاھار ھىجىيىپ. ئۇنىڭ تۇگۇلۇپ تۇرىدىغان قېلىن كالپۇكلىرى ئۆزىنىڭ يوغان، سېمىز يۇزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئۇكا. ئامان بولايلى، تونۇش كەكلىكلەر كېلىپ قالسىمۇ ھايت دەرسەن! — دېدى ئەزىز كۇلۇپ.

— بۇ ئاكىمىزنىڭزە تونۇمايدىغان نەرسىسى يوقتە! — دېدى قاھار كۇلۇپ.



# 10

ئاينۇر ئىغىرلىشىپ قالغاچقا، بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئاپىسى ئۇنى ئۆيىگە ئەكەتكەنىدى. مانا ئۇنىڭ ئاي ـ كۈنى تولۇپ، بۈگۈن سەھەردە، يەنى پەيشەنبە كۈنى ساق ـ سالامەت يەڭگىدى، ئۇلۇغ قۇياش زېمىننى يورۇتۇش ئۈچۈن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەۋاتقاندا، خۇدايىم ئابۇشقا بىر ئوغۇل بەردى. ئابۇش بۇ خەۋەرنى دەرھال كانىغا يەتكۈزدى. ئابۇشنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئوغۇل ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل ئۈمىدنىڭ سىمۋولى ئىدى. يەتتە كۈن بولغاندا ئابۇش ئىمام ـ مەزىنلەرنى ئۆيگە چاقىرىپ بالىنىڭ ئىسمىنى قويدى، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئابۇش دادىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، دادىسى ئۇنىڭغا «ئوغلۇڭنىڭ ئىسمىنى ئالماس قوي، بالام» دېگەنىدى، ئىمام بالىنى قولىغا ئېلىپ: «بۇ ساقامنىڭ ئىسمىنى نېمە قوياي دەۋاتىسىلەر» دېگەندە، ئالماس دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، كىتابتا يوق ئىسىم ئىكەن بۇ، خەير، بوپتۇ دەپ، بالىنىڭ ئىسمىنى ئالماس قويۇپ بەردى.

لېكىن، ئاينۇر بۇ ئىسىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ياش ئانا چەكسىز شادلىقتا بالىنى مېھىر باغچىسىدا پەرۋىش قىلاتتى.

ئابۇش نىجات بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ياخشى بىر يوقلىۋالدى، يوقلىغاندىمۇ ئوغۇل بالىدەك يوقلىۋالدى. بىر ئايدىن كېيىن ئابۇشنىڭ ئىشى ھەل بولدى. ئۇ ساياھەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ بېرىپ ئىشقا چۈشتى.

ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ، بىر يېپيېڭى ئاپتوبۇسنى قولىغا ئالدى.

ئابۇش پەرەز قىلغاندەك، ساياھەت ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن قازاقىستان بىلەن بولغان ساياھەت ئىشلىرى قىزىپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ساياھەتچىلىرى توختىماي مېڭىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ساياھەتچىلىرى ئۈچۈن ساياھەت قىلىش بىر قالپاق ئىدى. ھەربىر ئادەم ئالمۇتىغا مال ئاچىقىپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سېتىپ پۇل قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ياخشى ماللىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى، بۇنىڭدا ئالمۇتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ماللىرى بەك تېز ئۆتەتتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا غۇلجىغا كېلىپ مېھمانسارايلارغا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە، خېرىدارلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ماللىرىنى سېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن قالىدىغان پايدا جىق ئىدى. ئابۇش مۇشۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر پىلان پەيدا بولدى.

ئالىم ئابۇشنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇلار ئۇرۇمچىدە كۆمۈر كان مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغانىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى نىياز بولۇپ، كېيىن جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېتىنى ئالىمغا ئۆزگەرتىۋالغانىدى، مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇ بىر ناھىيىنىڭ كۆمۈر كېنىغا تەقسىم قىلىنغانىدى، ئالىم كانغا چىقىپ ئىككى ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن ئىشقا چىدىمىدى. كۆمۈر كان ئىدارىسى ئۇنى كۆمۈر كانىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغانىدى، ئۇ بۇ ئىشنى ئېغىر كۆرۈپ، رەھبەرلەرگە: «قۇدۇق ئۈستىدە ئىشلىسەم» دەپ ئىلتىماس قىلدى. رەھبەرلەر ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆنمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ كۆمۈر كاندا ئىشلىمەي ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيدە بىر مەزگىل دەم ئالغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ ئوقەت قىلدى. چۈنكى، شەھەردە سودا ــ سېتىق ئىشلىرى جانلىنىپ كەتكەنىدى. كېيىنچە چېگرا سودىسى جانلىنىپ كەتتى. ئالمۇتىدىكى بازارنىڭ ئەھۋالى ئاغىنىلىرى

ئارقىلىق ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل تاپقاندىن كېيىن، بازاردىكى باللارغا ئەگىشىپ چېگرىغا بېرىپ تىجارەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۇ ئاساسەن قازاقىستاندىن كىرگەن ماللارنى ئېلىپ ـ سېتىپ يۈردى، كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەر قازاقىستاندا پۇل بولۇپ كەتتى. ئالىم ئۈرۈمچىدىن مال كىرگۈزۈپ قازاقىستانغا ئاچىقىپ ساتىدىغان بولدى. ئۇ مۇشۇنداق چېپىپ يۈرۈپ، ئىككى يىل ئىچىدە يېنىنى خېلى ئوبدان چىڭدىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن كۆزىگە بىر پۇل ئىككى كۆرۈنىدىغان بولدى. ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى پۇل تېپىشقا قاراتتى، ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆيىگە بىر قېتىممۇ بارمىدى. بىر كۈنى ئۇ قازاقىستانلىق سودىگەر ھاكىم بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ھاكىم ئىككى دۆلەت ئارىسىدا كىيىم ـ كېچەك سودىسى قىلىدىغان سودىگەر ئىدى، ھاكىم داۋاملىق ئۇنىڭ مېلىنى ئالاتتى، ئالىم تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ھاكىمنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇنىڭ خېلى جىق پۇلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھاكىم ئۇنى غۇلجىدا خەنزۇ بازىرىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تۇتۇۋالدى. ھاكىم ئىككى شېرىكى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى قاتتىق ئۇردى، ئاندىن ئۇنى كىچىك ماشىنىغا سېلىپ  قورغاس چېگرا ئېغىزىغا ئېلىپ كەتتى ۋە مېھمانسارايدا ئۇنى داۋاملىق ئۇردى، ئالىم ھوشىدىن كەتتى ۋە ھاكىم ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، يېنىدىكى پۇللارنى ئېلىۋالدى. بۇ پۇللار ئۇنىڭ پۇللىرىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. ھاكىم ئالىمنىڭ يېنىدىن بانكا چېكىنى تاپالمىدى. ئۇ قالغان پۇلنى بۇ چوقۇم بانكىغا قويۇۋەتتى دەپ ئويلىدى. ھاكىمنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. ئالىم شۇ كۈنى ھاكىمدىن ئالغان پۇللارنى بانكىغا قويۇۋېتىپ، چەكنى چاپىنىنىڭ يېڭىگە تىقىۋالغان، قالغان پۇللارنى بېلىگە تۇگۈپ، غۇلجىغا قېچىپ كەلگەنىدى.

ئالىم بىر سوتكىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى، ئۇ كۆزلىرىنى

ئاران ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ بولغان ئىشلارنى ئويلىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەتراپقا قارىدى، ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ھاكىم ئۇنى ئانىسىدىن تۇغما ھالىتىدە كارىۋاتقا باغلاپ قويغانىدى. باغلىغاندىمۇ ئۇنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن باغلىغانىدى. ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئۇن بارمىقىنى بىر ـ بىرىگە جۇپلەپ باغلىۋەتكەنىدى. ئۇنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ، تىزىنىڭ ئاستىغا تۇز چېچىپ قويغانىدى، ھاكىم شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۇنى ئۇرۇپ قىينىدى، ئۇ قالغان پۇلنى ئالالمىغاندىن كېيىن، كۈندە ئۇنىڭ بەدىنىگە تاماكا يېقىپ، يۇزىگە تۇكۇرۇپ، قاتتىق قىينىدى. ئۈچىنچى كۈنى ئالىم تاياققا چىدىماي ھاكىمغا: «مەن ساڭا راست گەپنى قىلاي، قالغان پۇلۇڭ سابىر دېگەن ئاغىنەمدە، سەن ئۇنى ئىزدە، مىنىڭ بار يېرىمنى دىسەڭ، ئۇ سېنىڭ قالغان پۇلۇڭنى بىرىۋېتىدۇ» دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئالىمنىڭ ھىيلىسى ئىدى. ھاكىم سابىرنى تاپتى. سابىر ئادەمنى كۆرمىگۈچە پۇلنى بەرمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر ھاكىم ئالىمنىڭ بار يېرىنى دەپ بەردى. بۇ مۇھىم ئۈچۈرغا ئىگە بولغان سابىر ئۇھ دېدى ـ دە، ئاغىنىلىرىگە خەۋەر قىلىپ، ئالىمنى قۇتقۇزۇپ، ھاكىمنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. تاياق يېگەن ھاكىم قالغان پۇللىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئالمۇتىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئالىم ئۆيگە قايتىپ كەلدى. تۇز ئۇنىڭ تىزىنى خېلى زەخىملەندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆيدە بىر مەزگىل دەم ئېلىپ داۋالانغاندىن كېيىن، ھاكىمنىڭ ئادەم باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن پۇل سورۇشتە قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئەڭ يىراق يېزىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ، شۇ يەردىن بىر يۇرۇش ئۆي، قوتان ئىجارىگە ئېلىپ، ئادەم سېلىپ مال بورداش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئاردىن بىر يىل ئۆتتى، ھاكىم ئۇنى ئىزدەپ

كەلمىدى. ئالىم بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىش ئۈستىدە ھېچقانداق پىلانى يوق ئىدى.
ئابۇش ئالىمنى ئۇنىڭ دادىسى ئارقىلىق تاپتى. شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئابۇش تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئالىم ساۋاقدىشىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. ئابۇش ئۇنىڭ باققان ماللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاددىي بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.
— شەھەرگە كىرىپ كەتسەك بوپتىكەن، ئاداش. بەك سەت بولدى، — دېدى ئالىم.
— مەن كاندا چوڭ بولغان ئادەم، ئاداش. مەن ھەرقانداق يەرگە كۆنىمەن... سېنى نىياز دەيمۇ، ئالىم دەيمۇ؟
— ئالىم دەۋەر، ئاداش. نىياز ئەمدى بۇ دۇنيادا مەڭگۈ يوق، ھازىر شۇ كۈنلەرنى ئويلىسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، ئاداش. ئادەم دېگەن ھامان ئاجىز بولىدىكەن، بەزىدە ھاماقەت بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى ئالىم.
— ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، ئاداش. ئەمدى شەھەرگە قايتىپ كەل، ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتسەڭ بولمايدۇ، يېشىڭ بەك چوڭىيىپ كەتتى، خوتۇن ئالىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپسەن، ئاداش، — دېدى ئابۇش.
— ماڭا خوتۇن كەم ئەمەس، «شوپۇرغا يولدا خوتۇن، دېھقانغا ئۆيدە خوتۇن، كادىرغا يېرىم خوتۇن، تىجارەتچىگە كۆڭۈلدە خوتۇن» دېگەن گەپ بار، ئاداش. خوتۇن سېغىنغاندا كۆڭۈلدىكى قىزنىڭ قېشىغا بارىمىز، كۆرۈشىمىز، لەگمىنىنى يەيمىز، بولدى. خوتۇن ئېلىپ ئۆي باقمەن، بالا باقىمەن دەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئاۋارىچىلىك، ئاداش. مۇشۇ كۈنلەردە خوتۇن دېگەن يولدا پۇتلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۆيلىنىمەن، خوتۇن ئالىمەن، بالا تاپىمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ جازالاپ يۈرگەننىڭ

نېمە پايدىسى بار دەيسەن؟ خوتۇن ئالساڭ تۇغىدۇ، مۇشۇ كۇندە بالىدەك ئەسكى نەرسە يوق، مەسىلەن، سەن ئويلا، بىز ئاتا ـ ئانىمىزغا نېمە قىلىپ بەردۇق؟ سەن ماڭا ئوخشىمايسەن، ئاداش. سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان ئالامەت بىر ئىنسان. ئۆزۈمنى دېسەم، مەن ئاتا ـ ئانامغا نېمە قىلىپ بەردىم؟ هازىر يەنە نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ ئوقەت قىلىمەن، پۇل تاپىمەن دەپ يۈرۈپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالدىمغۇ! مەن ھېلىقىدەك خوتۇن ئېلىپ، ئۆي تۇتۇپ، بالا – چاقا بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان ئادەم ئەمەس، مەن يالغۇز ـ يېگانە ياشايدىغان ئادەم. ئۆز دەردىنى ئۆزۈم تارتىپ تۈگەيدىغان ئادەم. مۇشۇ شەھەردە يەنە ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ئاز ئەمەس، ئۇلار خوتۇن ئالغىنى بىلەن خوتۇنىغا، بالىلىرىغا مەسئۇل بولمايدۇ، ئۇلار ھاڭگا ئېشەكتەك سۆيدۈكىنىڭ كەينىدە يۈرىدۇ، خوتۇن دېگەننى ساڭا ئوخشاش ياخشى ئادەملەر ئالىدۇ، ئەسلىدە مەن كۆمۈر كان مەكتىپىدە ئوقۇمايمەن دېگەن، دادام مېنى مەجبۇرىي ھالدا ئاشۇ مەكتەپكە بېرىۋەتكەن، ئاداش. سەن بۇ تەرەپنى ياخشى بىلىسەن. مەن ساڭا بۇ ئىشنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن. ئەگەر دادامنىڭ قول ئىلكىدە بولغان بولسا، مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەن بولاتتىم.كۆمۈر كان مەكتىپىدە ئوقۇغان بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولغاچقا، دادام مېنى ئاشۇ مەكتەپتە مەجبۇرىي ئوقۇتقان. لېكىن، سەن يول تېپىپ كەتتىڭ، ئاداش. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى سەندىن پەخىرلىنىدۇ، ياخشى، ئاداش، ياخشى. ئەگەر مېنىڭ دادامنىڭمۇ بەش ـ تۆت تەڭگىسى بولغان بولسا، مەن ھازىر ئاشۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن بالىلارغا ئوخشاش ئامېرىكىدا ياشىغان بولاتتىم. ئۇلار مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇدى، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدا قالدى. ئۇلار ھازىر ھەم بىلىمگە، ھەم پۇلغا ئىگە بولدى، ئىككى قانىتىغا ئوخشاشلا جان كىردى. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا پات ـ پات دوللار ئەۋەتىپ

تۆرىدىكەن. ئۆلارنىڭ بىر پۇلى بىزنىڭ ئون پۇلىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تۆت ـ بەش مىڭ دوللار ئەۋەتىپ قويسا، بىزدە قىرىق ـ ئەللىك مىڭ سوم بولۇپ قالىدىكەن . بۇ بىز ئۈچۈن بەك جىق پۇل، ئاداش. بۇ پۇل بىلەن قانداق ئىش قىلىمەن دېسەڭ قىلالايسەن ئەمەسمۇ! ئەگەر مەن ئىنىگىلىز تىلى ئۆگەنگەن بولسام، مەنمۇ ئاتا ـ ئانامنى ئاشۇنداق رازى قىلالايدىغان ئادەم بولاتتىم! ئامال يوق، ئاداش. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەن گەپ مۇشۇ مانا. ئامالىم قانچە، ھېلىمۇ شۈكۈر، سەنمۇ، مەنمۇ كاندىن قۇتۇلدۇق ، مۇشۇ كان دېگەن نەرسىنى قانداق تەتۈر پېشانە ئادەم بايقاپ قالغان بولغىيدى دەيمەن، ئاداش. جاھاننىڭ جىمى ئىشى زېمىننىڭ ئۈستىدە تۇرسا، يەرنىڭ ئاستىنى كولاپ تۆگىشىپ كېتىمىز ئەمەسمۇ، ئاداش. سەن كاندا چوڭ بولغان، كان ساڭا ئېغىر كەلمىگىنى بىلەن، ماڭا ئېغىر كەلدى ئەمەسمۇ، ئاداش! كاننىڭ ئاستىغا بىر چۈشسەم، ئۈچ كۈنگىچە قاپقارا تۈكۈرىمەن ئەمەسمۇ، ئاداش! ئۇ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم ئىشلەيدىغان يەر ئىكەن ئەمەسمۇ، ئاداش! كان ئاستىدا ئىشلەۋېتىپ كاللاڭغا بىر پارچە كۆمۈر چۈشۈپ كەتسە، سەن بىردەمدىلا يوق. سەن تاپقان پۇل، سەن ئارزۇ قىلغان ئىش، سەن سۆيگەن قىز دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكە ئايلىنىدۇ! بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ! كاندا ئىشلىگەن ئادەمنىڭ قىممىتى بولمايدىكەن، ئاداش. شۇڭا، مەن كاننى تاشلاپ كەتتىم. كۆمۈر كان مەكتىپىدە ئوقۇغۇچە شەھەرگە كىرىپ ماشىنىچىلىقنى ئۆگەنگەن بولسام، مۇشۇ كۈنگىچە نۇرغۇنلىغان قىز ـ چوكانلارغا گۈللۈك كالتە ئىشتان تىكىپ بېرىپ، دۇئاسىنى ئېلىپ ساۋاب تاپقان بولاتتىم ئەمەسمۇ، ئاداش...

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

ــــ پەيزىڭ بار جۇمۇ، ئاداش، سېنىڭ، ــــ دېدى ئابۇش.

ــــ مۇشۇنداق گەپ، ئاداش. مانا، سەن ئىككى دۆلەت

ئارىسىدا گۈلدەك ياشاپ كېتىۋاتىسەن، مەن بولسام مۇشۇ تاغ باغرىدا مال بېقىپ يۈرۈپتىمەن، ــ دېدى ئالىم.

ــ مال باققانمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، ئاداش. چەت ئەللەردە مەن ـ مەن دېگەن بايلارمۇ مۇشۇنداق مال بېقىپ جاھاندارچىلىق قىلىدىكەنغۇ، ئاداش.

ــ ئۇ دېگەن چەت ئەل، ئاداش. مەيلى، مۇشۇ كۈنگە شۈكۈر. ... ھە راست، ئۈرۈمچىدىكى سەمەتنى كان ئاستىدا ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ ! ــ دېدى ئالىم.

ــ نېمە، ئۆلۈپتۇ؟ مەن ئاڭلىماپتىمەنغۇ ئەمىسە! ــ دېدى ئابۇش.

ــ سەن بىرنەچچە زاماندىن بېرى زاۋۇتۇڭدا باشلىقىڭنىڭ كەينىدە يەلپۈگۈچ كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ، بۇنداق پاجىئەلەرنى قانداق ئاڭلايسەن؟

ــ «مولللامنىڭ ئىشىكىنى سۈغار، پۇلىنى ئال» دېگەن گەپ بار، ئاداش، ــ دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ــ بىزنى مۇشۇنداق گەپلەر بوشىتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاداش. مەن بۇرۇن بۇنداق گەپلەرگە دىققەت قىلمايدىغان، مانا ئەمدى مېنى بۇ سۆزلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئويغا سېلىۋاتىدۇ، بۇرنۇمغا سۇ كىردى، ئاداش، ــ دېدى ئالىم.

ــ سەن، ئاداش، باشقىچە گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ؟ ! چېگرا ئېغىزىدا ئوقەت قىلغاندا سەن بۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدىڭ !

ــ راست دەيسەن، ئاداش. مېنى ھاكىمىنىڭ تايىقى ئادەم قىلدى. «بىر يامان ئىشنىڭ بىر ياخشى تەرىپى بولىدۇ» دېگەن يېرى مۇشۇ بولسا كېرەك. مۇنداق قىلايلى، دەيدىغان گېپىڭنى دەۋەر، ئاندىن بىر قويغا پەتە قىلىپ بەر، مەھەللىدە بىرنەچچە ئاكا ئاداشلىرىم بار، ھەممىسىنى يىغاي، گەپلىرى بەك قىزىق، ساڭا ئىلھام بولۇپ قالىدۇ، بىر ئاكىمىز بار، ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ قىلىقلىرىنى دورايدىغان بولسا، كۈلۈپ تېلىقىپ قالىسەن... شائىر دېگەن ئويناپ تۇرۇشى كېرەك، ئاداش...

— مال سويمەن دېگەن گەپنى قىلما، ئاداش. مەن كەتمىسەم بولمايدۇ. ئەتە يەنە ئىشىم بار. مۇشۇ كۈندە سەن بىللە بولغان ۋاقىتنىڭ ئۆزى پۇل بولۇۋاتىدۇ، مەن سېنى يوقلاپ قايتىمەن دېگەن، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— سەن مېنى بىكاردىن - بىكارغا يوقلىمايسەن، ئاداش. قورسىقىڭدىكى گەپنى دە، گېپىمىز تۈگىسۇن، بۇگۈن قونۇپ قالىسەن، مىڭ ئالدىراش بولساڭمۇ ئەتىگەنلىككە ماڭساڭ بولىدۇ، هازىر مەھەللىدە نېمە تولا، بولكىۋاي ئاپتوبۇس تولا، ئۇلار سېنى سەھەردە يەتكۈزۈپ قويىدۇ...

— بۇ گەپمۇ بولىدىكەن ئاداش، ئەمىسە، مەن دەيدىغان گەپنى دەۋېرەي، بۇ يەردىكى ئىشىڭنى بىرىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ شەھەرگە قايتىپ بارساڭ، ئىككىمىز بىرلىشىپ رېستوران ئاچساق...

— هە، دەۋەر، گېپىڭنىڭ ئايىغى چۈشسۇن !

— مۇنداق گەپ ئاداش، ئۆزۈڭ بىلىسەن، هازىر چېگرا سودىسى بەك قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەرمۇ غۇلجىغا قاترىغىلى تۇردى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەنمۇ جىم ئولتۇرمىدىم، ئۇياقتىن ئۆتكەندە ساياھەتچىلەرنىڭ ياخشى ماللىرىنى ئېلىپ سېتىۋاتىمەن، بىراق يالغۇزلۇق قىلىۋاتىمەن، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» دېگەن گەپ راست ئىكەن، شەھەردە بىر ماگىزىن ئېچىۋالاي دېگەن، بىلىسەن، زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ئىنىمنى چىقىرىۋالاي دېگەن، بىراق دادام ئۇنىمىدى، «ئىنىڭنىڭ مىجەزى بوش، ئۇ دان تېرىپ يېيەلمەيدۇ، ئۇنى ئوقۇردىن ئايرىۋەتسەڭ بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ دادامنىڭ دېگىنى توغرا، ئىنىم سودا ئىشلىرىنى قاملاشتۇرالمايدۇ... ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر سەندە توختاپ قالدىم، ئاداش. مەقسەت ئىككىمىز شېرىك ئوقەت قىلايلى دېمەكچى...

— هە، دەۋەر، گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈۋەت...

— ئەگەر سەن قوشۇلساڭ، ئىككىمىز بىرلىشىپ رېستوران

ئاچساق. نەگە ئاچىمىز دېمەمسەن؟ شەھەرگە ئاز قالغاندا ئاباسىنىڭ بازىرى دېگەن يەردە چوڭ بىر رېستوران ئاچساق، مەن ھەر قېتىم قازاقىستاندىن ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ قايتقاندا بىز ئاچقان رېستوراندا توختىسام، مەن ھېچ ئىشنى بىلمىگەن ئادەم بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى ساڭا قىزىقتۇرسام، سەن ئۇلارنىڭ مېلىنى ئالساڭ، ئاندىن شەھەردە بىر ماگىزىن ئېچىۋالساق، بولمىسا ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈۋەتسەك، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇياقنىڭ ئادەملىرى گۆش بىلەن بەكرەك ھەپىلىشىدۇ، ھەر كۈنى گۆش، قېزا دېگەنلەرنى تەخ قىلىپ قويساڭ، ھاراق - شارابلارنىمۇ تەخ قىلىپ قويساڭ، رېستورانىمىزنىڭ سودىسىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلساق، ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئوقىتىمىزدىن نەپ چىقىدۇ، ئاداش...

ئابۇش گەپنى تۈگىتىپ ئالىمغا قارىدى. ئالىم گەپ قىلمىدى. ئۇ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، ئاداش! — دېدى ئابۇش خېلى ئۇزۇندىن كېيىن.

— نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئاداش. پىلانىڭغۇ يامان ئەمەسكەن، سەن دېگەندەك قىلساق تۈت - بەش تەڭگە تېپىپ كېتىدىغاندەك قىلىمىز. بىراق، مەن شۇ چېگرا بازىرىغا كىرمەي دېگەن...

— كەتكەن ئىشلار كەتتى ئەمەسمۇ، ئاداش. ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن ھاكىمنىمۇ كۆرمىدىم. «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ گېپىمگە كىر، ئاداش، يەنە بىر چەتتىن بۇ ئىشىڭنىمۇ قىلىۋەر. بىرىگە قارىتىپ قويساڭ بولىدۇ، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن مالنىڭ كەينىدىن يۈرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئابۇش.

— گېپىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن، ئاداش. بىراق ئاشۇ بازارغا كىرمەي دېگەن...

— بىر قېتىم بۇرنۇڭغا يەپ، بىر ئۆمۈر بازاردىن قېچىپ

يۇرسەڭ بولمايدۇ، ئاداش. بازار دېگەندە بىردە تاياق يەيسەن، بىردە مانتا يەيسەن. مۇشۇنداق قىلىپ پىشىسەن ئەمەسمۇ!

— ھەي ئاداش، ئاشۇ بازىرىڭدا مەن يېگۈدەك مانتىلار قالمىدىغۇ دەيمەن ! — دېدى ئالىم.

— سەن بازارغا كىرىپ بولغۇچە خەقلەر قاسقىنىنى تەييارلاپ تۇرمايدۇ، ئاداش. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ كەلتۈرىسەن ئەمەسمۇ!— دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— سېنىڭ كەينىڭگە كىرگەندىن كېيىن تەييارلاپ تۇرامدىكىن دەيمەنغۇ، ئاداش، — دېدى ئالىم چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداق ئىشلارغا سەن مەندىن ئۇستىغۇ ئاداش، قانداق قىلىسەن؟

— ئويلىنىپ باقاي...

— بولىدۇ، ياخشى ئويلان، قېچىپ يۈرگۈدەك ھېچ ئىش يوق، ئاداش. شەھەر ئۆزىمىزنىڭ، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ياشايمىز! — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە، بۇ گېپىمىز مۇشۇنداق بولسۇن، ئاداش. بۇ قوتاندا كېچىچە مەرەپ چىقىدىغان بىر قارا قوي بار، ئەسلىدە ئۇ سېنىڭ كېلىدىغىنىڭنى بىلىپ مەرەپتىكەن، شۇ قويغا پەتە قىلىپ بەر، بايام ساڭا دېگەن ئاكا ئاغىنىلىرىمنى چاقىرىمەن، بىر ياشىمايلىما ! — دېدى ئالىم.

— سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئاداش، بولمىسا چىرايلىق قىزلاردىن تاپقان بولساڭ، بىر قويىنىڭ گۆشى بىلەن رەڭلىك ئولتۇرغان بولساق، ئويۇن شاما بولۇپ كېتەتتىكەن!— دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداق ئويۇننى شەھەرگە كىرگەندە قىلىمىز، ئاداش، بۇ يەردە ئۇنداق ئويۇن ئوينىساڭ، سەھەرلىقلاردىن كالتەك يەيسەن، دەسمايەڭنى تولغاپ كەينىڭگە قارىتىپ قويىدۇ، — دېدى ئالىم چاقچاق قىلىپ.

— راست دەيسەن، ئاداش. بۇ يەردە ھەر ئۇستىخىنى تەتۈر

گۈيلار بار، ھەقىچان!

— ئەمىسە، ئاداش، مەن مالچىلارغا ئورۇنلاشتۇراي. سەن چىقىپ پەتە قىلىپ بەر، ھە دېگەندە قوينى سويۇۋېتەيلى! — دېدى ئالىم.

— ئاشۇ قوينىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىۋالغان بولسام، ئاداش...

— ئالدىرىما، سېنىڭ تىلەيدىغان نەرسەڭ تېخى جىق، — دېدى ئالىم.

— ئۇلار ئۆيدىن چىقتى، ئالىم مالچىنى چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا قوي سويۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. مالچى قوتاندىن ئالىم دېگەن قارا قوينى تۇتۇپ چىقتى، قارا قوي كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئابۇشقا قاراپ مەرىدى، ئابۇش ئالىمغا قاراپ:

— ئاداش، بۇ قويۇڭ مېنى تونۇيدىغاندەك مەرەيدۇغۇ؟ — دېدى.

— ياخشى ئادەملەرنى قويلارمۇ تونۇيدۇ، ئاداش!

— ماڭا قاراپ ئالىيىپ مەرەۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ پەتە بەرسەڭ بولامدىكىن، — دېدى ئابۇش.

— سەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىڭ، ئۇ بالدۇرراق كەلسەڭ بولمامدۇ، ئىنسان، دەۋاتىدۇ!

— بۇرۇن گاچىنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ دەيتتۇق، ئەمدى قوينىڭ تىلىنى ئىگىسى بىلىدۇ دېسەك بولغۇدەك، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

مالچى بالا قوينى يىقىتىپ، پۇتلىرىنى باغلاپ تەييار قىلدى. ئۇ قولىغا بىر چوڭ پىچاقنى ئېلىپ قوينىڭ بېشىغا كەلدى، ئۇ تىزى بىلەن قوينى بېسىپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن قوينىڭ ئاغزىنى تۇتۇپ ئۆزى تەرەپكە قايرىپ، قوينىڭ بوينىنى پىچاققا تەييارلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالىمغا قارىدى.

— قېنى ئەمىسە ئاداش، پەتە بېرە، — دېدى ئالىم قولىنى كۆتۈرۈپ ئابۇشقا قاراپ.

— ئامىن! — دېدى ئابۇش، ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.
— ئاللاھۇ ئەكبەر! — ئابۇش دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مالچى بالا ئۆتكۈر پىچىقىنى «بىسمىللا...» دەپ قوينىڭ بوينىغا سۈردى. چاچراپ چىققان قان يېڭى كولانغان ئازگالنى بويىغۇەتتى...
— بىز بۇ يەردە قوي سويۇپ يەۋاتىمىز، ئاداش. يەنە بىر دۇنيادا قويلار بىزنى سويۇپ يەۋاتامدۇ تېخى، — دېدى ئابۇش قىپقىزىل قانغا قاراپ.
— شېئىردىن بىرنى يېزىۋەتتىڭمۇ - قانداق، ئاداش، — دېدى ئالىم كۈلۈپ.
— مەن كۆپ يېزىپ كەتتىم، ئاداش، ھېچ داڭقىم چىقمايدۇغۇ، شائىر بولالمايدىغان ئوخشايمەن...
— شائىر بولۇپ نېمە قىلىسەن ئاداش، ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلىپ؟ خەققە يارىمىساڭ، بىزگە يارساڭ بولىدىغۇ! ئەگەر ھەقىقىي شائىر بولۇپ كەتسەڭ، يوق نەرسىلەرنى يېزىپ بىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرسەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئالىم.
— ئۇنداق ئەمەس، ئاداش. سەن شائىرلارنى چۈشەنمەيسەن، شائىر دېگەن ھەقىقىي ئىنسان، شۇڭا ئۇ سەن چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى ساڭا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، — دېدى ئابۇش.
— ئەمىسە ئاداش، يوق ئىشلارغا «ئاھ - ئۇھ» دەپ بىر-نېمىلەرنى يېزىپ كېتىسىلەرغۇ!
— ئەسلىي سېنىڭ بىر ۋىنتاڭ كەم، ئاداش. شۇڭا سەن بۇنداق «ئاھ - ئۇھ» لارنى چۈشەنمەيسەن، بولمىسا سەن بۇ ۋاققىچە ئالللىقاچان خوتۇن ئېلىپ بولغان بولاتتىڭ! — دېدى ئابۇش.
— بەك ئالدىراپ كەتمە، ئاداش. خوتۇن ئېلىش ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن پىروتكىدىن خوتۇن ئېلىۋالغانلارنى تۇتامدۇ تېخى!

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، سەن بىرىپ دەپ قويىدىكەنسەندە!

— چاقچاق ئاداش.... ئوغلۇڭ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟

— چوڭ بولۇپ قالدى، ئوقۇشىمۇ ياخشى!

— خەنزۇچە مەكتەپكە بەردىڭمۇ ياكى ئۇيغۇرچە مەكتەپكىمۇ؟

— ئۇيغۇرچە مەكتەپتە قوش تىللىق سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ، ئاداش.

— نىمىشقا خەنزۇچە مەكتەپكە بەرمىدىڭ؟

— هازىر نۇرغۇن ئادەملەر باللىرىنى خەنزۇچە مەكتەپلەرگە بىرىۋاتىدۇغۇ!

— خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللارنى كۆردۇق، ئاداش. ئۇلارمۇ هەرهالدا ياخشى، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ تەڭ ئېلىپ ماڭمىساق بولمايدىكەن، هەممە گۈلنىڭ ئۆز پۇرىقى بار ئەمەسمۇ، ئاداش؟

— بۇ ئۆزۈڭنىڭ قارىشى، ئاداش. هازىر ئېقىۋاتقىنى خەنزۇ تىلى، شۇڭا خەنزۇچە مەكتەپكە بەرسەڭ ياخشى بولاتتى !

— هېلىمۇ قوش تىللىق سىنىپتا ياخشى ئۆگەنسە، ئىككى خىل تىل - يېزىقنى تەڭ ئېلىپ كېتەلەيدۇ ئەمەسمۇ، ئاداش؟ — دېدى ئابۇش.

— ئەسلىي ئوقۇيدىغان كەسىپ تىل ئىكەن، سەن بىلەن بىز نەدىكى كەسىپتە ئوقۇۋاپتىكەنمىز...

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئاداش. بىز ئوقۇغان مەكتەپنى سەن ياراتمىغىنىڭ بىلەن، مەن ئۇچۇن تاۋار بولدى، ئاداش. بىزنى كاننىڭ كۆمۈرى بېقىپ چوڭ قىلغان، ئەگەر مەن ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسام، هەرگىزمۇ بۈگۈنكى ئابۇش بولالمايتتىم ! — دېدى ئابۇش.

— سېنىڭ گېپىڭمۇ ئۆزۈڭگە راست، ئاداش. بىر قازاندا پىشقان تاماق بىرىگە زىيان قىلسا، بىرىگە پايدا قىلىدىكەن، — دېدى ئالىم.

— خەقنىڭ قازىنىدا ئۆزاق تاماق يەپ كەتسەڭ، مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، ئاداش! — دېدى ئابۇش.

ئالىم كۈلدى. مالچى قوينى سويۇپ تەييار قىلدى. قويىنىڭ گۆشى ناھايىتى چىرايلىق چىقتى. ئالىم ئاغىنىلىرىنى چاقىرغىلى ماڭدى. ئابۇش بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالىمنىڭ كەينىدىن چىقىپ، مەھەللە تەرەپكە قارىدى. تاغ باغرىدىكى بۇ مەھەللە شۇ قەدەر تىنچ، يېقىملىق ئىدى. ئۆي - ئۆيلەرنىڭ چوڭ - كىچىك مورىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئۇسسۇلچى ئىسلار تولغىنىپ، جاھانغا جانلىقلارنىڭ تىرىكچىلىكىدىن ئۇچۇر بېرىشكە باشلىدى.



# 11

ئالىم ئەتىسى ئابۇشنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇزاق باش قاتۇرۇپ كەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا، شەھەرگە كىرىپ ئابۇش بىلەن بىرلىشىپ ئوقەت قىلدى. ئۇلار تېز تەييارلىق قىلىپ، پىلانلىغان يەردە رېستوران ئېچىۋالدى. رېستوراننىڭ سودىسى كۈندىن كۈنگە ياخشى بولۇپ كەتتى. ئابۇش ئۆزى ئېيتقاندەك، ئالمۇتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىنىڭ رېستورانىغا ئەكىلىپ چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىنى ئالىمغا ساتقۇزۇپ، شەھەر بازىرىدىكى دۇكاننى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، بىرنى ئىككى قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئابۇشنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتاتتى. ئىدارە رەھبەرلىرى ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. باشقا خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابۇش ئالمۇتىنىڭ بەزى ئەرزان ماللىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرىغىمۇ سوۋغا قىلىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئاشۇ ئادەملەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە زاۋۇتتا ئىشلىگەندە ئەزىز ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ئەقىل ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ كۆرگەنلا ئادەمگە كۈلۈمسىرەپ ئەھۋال سوراپ، سېنىڭ راست دەپ قويۇپ، زاۋۇتتا ھېچقانداق بىر شوپۇر قىلالمىغان ئىشنى قىلالىدى، يېنىنى چىگدىۋالدى، تۇغقانلىرىنىمۇ رازى قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى، مەشرەپتىكى ئادەملەرمۇ ئۇنىڭدىن نەپ ئالدى، ئۆز ۋاقتىدا كۈلۈپ تۇرۇپ مەقسىتىگە يېتىش دېگەن بۇ ئەڭگۈشتەرنى ئەزىز ئۇنىڭ كاللىسىغا قۇيغاندا، ئابۇش بۇنى ئۇن تىيىن خەجلىمەي

ئۆگەنگىلى بولىدىغان ھۈنەر ئىكەن دەپ قوبۇل قىلىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئادەمگىمۇ، شەيتانغىمۇ، ھايۋانغىمۇ، كۆتەك ـ پۆتەككىمۇ كۈلۈپ يۈرۈپ، ھەممە مەقسىتىگە يېتىۋالغانىدى. ئۇ كاندا ئىشلەۋاتقاندا بۇنداق ئىشلارنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ قولىدىكى كان ئىشلىرىدا بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولغان ھوقۇقنى تايىنىپ، ئەتراپىغا خېلى جىق ئادەملەرنى يىغىۋالغانىدى. كان باشلىقلىرى، قۇدۇق مەسئۇللىرى، بايۋەچچىلىرى ئۇنىڭ گېپىنى يېرمايتتى. ئۇ زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، كۆزى ھەقىقىي ئېچىلدى، ئەزىز ئۇنى مۇشۇنداق يولغا باشلىغانىدى. ئۇ ساياھەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، كاندىكى، زاۋۇتتىكى بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرغانىدى ۋە ھەممە كىشىگە ياخشى كۆرۈنۈشكە تىرىشقانىدى، قىسقىسى، ئۇ ئۆزىدىن بەكمۇ ھوزۇرلىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

دۈشەنبە كۈنى ئىدى، ئابۇش سەھەر تۇرۇپ ساياھەت ئىدارىسى بىلەن ئۇزاق يىللىق توختام تۈزگەن «گۈلىستان» مېھمانخانىسىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ئالمۇتىغا يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ بولغان ساياھەتچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئاپتوبۇسقا بېسىپ يولغا چىقىپ، كەچ كىرىپ كۆز باغلىناي دېگەندە ئالمۇتىغا كەلدى. ئۇ ساياھەتچىلەرنى بەلگىلەنگەن مېھمانخانىغا چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاپتوبۇسنى مېھمانخانىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا قارىتىپ قويۇپ تاماققا ماڭدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ مېھمانخانا تەرىپىدىن مەخسۇس شوپۇرلارغا ئاجرىتىلغان ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، ئابۇش ئاپتوبۇسنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ، ماتور قىسمىدىكى بوشاپ قالغان بولتىلارنى چىڭىتتى. ئاندىن ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، تازىلىق قىلىشقا باشلىدى.

«بۇ شەھەرنىڭ ساياھەتچىلىرى كىچىك بالىدەك بىر-

نېمىلەرنى يەپلا يۇرىدىكەن. نېمىدېگەن قورساق بۇ خەقتىكى، چىرايىغا قارىساڭ قىرىق ياشتىن ئاشمىغان، قورسىقىغا قارىساڭ سەكسەن ياش. يەپ تويمايدىغان خەقكەن بۇ! ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە تاشلىمىغان نەرسە قالماپتۇ!» دېدى ئابۇش ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى تازىلىغاچ.

ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ كەينىنى تازىلاۋاتقاندا، ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا تۇرغان بىر قارا سومكىنى چىلىقتۇردى. ئۇ ئېگىمشىپ سومكىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن سومكىنى ئېچىپ ئىچىنى تەكشۈردى، سومكىنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر سومكا چىقتى، ئۇ كىچىك سومكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، سومكىنىڭ ئىچىدە بىر-نەچچە باغلام پۇل كۆرۈندى، ئۇ بىر باغلام پۇلنى قولىغا ئالدى، ئۇ پۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى قولىدىكى دوللار ئىدى، ئۇ ئەتىنىڭ ئەتراپىغا قارىدى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ چوڭ – چوڭ چامداپ ئاپتوبۇسنىڭ رولىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن بىر چوڭ سومكىنى قولىغا ئېلىپ، كەينىگە يېنىپ دوللار بار سومكىنى ئۆزىنىڭ سومكىسىغا سالدى، ئاندىن يەنە رولىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، سومكىنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى، ئۇ يەنە ئەتراپىغا بىرقۇر قارىۋېتىپ، داۋاملىق ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى تازىلىدى. ئۇ تازىلىق قىلىپ بولۇپ، بازارغا چىقماي ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ياتاققا كىرىپ ئولتۇرالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئاپتوبۇس ئىچىدىكى دوللارغا مەركەزلەشتى. ئۇ ياتىقىدىن چىقىپ، ئاپتوبۇسنىڭ قېشىغا كەلدى، ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، تىقىپ قويغان دوللارنى ئېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ قېتىم ئۇ غۇلجىدىن ئالمۇتىنىڭ ساياھەتچىلىرىنى بېسىپ كەلگەنىدى، بۇ يەردە بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى يەنە باشقا مېھمانلارنى بېسىپ غۇلجىغا قاراپ ماڭاتتى. دېمەك، پۇلنى يوقىتىپ قويغان ئادەم بۇ بىر كېچىدىن بىرى ئىزدەپ


كەلمىگەنىدى. ئابۇش ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېتىپ، سومكىدىكى دوللارنى ساناشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ يۈزى بىردەمدىلا قىزىرىپ كەتكەنىدى، دوللارنى سانىغانسېرى ئۇنىڭغا جىددىيلىك ياماشتى، دوللار توپتوغرا ئەللىك مىڭ چىقتى، ئۇ دەرھال دوللارنى سومكىغا سېلىپ، تەكىيىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئابۇش ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ سەل جىددىيلەشتى. بىر دوللار خەلق پۇلى بىلەن ھېسابلىغاندا سەككىز سومغا توغرا كېلەتتى، شۇ ۋاقىتتا ئەللىك مىڭ دوللار تۆت يۈز مىڭ سوم بولاتتى، بۇ ھەقىقەتەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى.

«ئەتىگەنلىككە يولغا چىققۇچە ساقلاپ باقىمەن، ئىگىسى ئىزدەپ كەلسە، دوللىرىنىڭ ئېنىق سانىنى دەپ بەرسە، سۆيۈنچە ئېلىپ، دوللىرىنى بېرىۋېتىمەن. ئەگەر كەلمىسە، پۇلنى ئېلىپ غۇلجىغا كېتىمەن. بۇمۇ ماڭا خۇدانىڭ بەرگىنى» دېدى ئابۇش ئىچىدە. ئۇ چۈشتىمۇ تاماققا چىقمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە كارىۋاتتا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ بۇ پۇللارنى ئۆزىنىڭ پۇللىرىغا قوشۇپ ھېسابلاپ كۆردى، كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كېلىپ كەتتى...

ئەتىسى ئۇنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ساياھەتچىلەرنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ، غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ دوللارنى چېگرىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، دوللارنى ئاپتوبۇسنىڭ زاپاس چاقىغا تىقىۋەتكەنىدى. ئۇ چېگرىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مېھمانلارنى ئۇدۇل ئۆزىنىڭ رېستورانىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئالىم بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئۈستۈن ئىدى.

— خۇدا بۇيرۇغان بولسا، ئىشلار ياخشى، ئاداش. ھە، رېستوران ياخشى مېڭىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئابۇش.

— ياخشى ئاداش، ئۈچ كۈن بولدى، تونۇر كاۋىپى



چىقىرىۋاتىمىز، بىر خوتەنلىك ئۇستام پەيدا بولۇپ قالدى دېمەمسەن، تونۇر كاۋىپى دېگەننى كارامەت ئوخشىتىۋېتىدىكەن ـ ھە ! ئۇستىخانلىرىنىمۇ چاپىناپ يېگۇدەك قىلىپ پىشۇرۇۋېتىدىكەن ئەمەسما ! كۇندە بەش ـ ئالتە قويىنىڭ گۆشى تۈگەۋاتىدۇ! — دېدى ئالىم.

— ياخشى، ئاداش. ئەڭ مۇھىمى ئۇ خوتەنلىكنىڭ ھۈنىرىنى ئوغرىلاڭلار، بىزگە ئەسقاتىدىغىنى شۇ، شەھەر ئاتلاپ يۈرگەن ھۈنەرۋەن تۆت ـ بەش تەڭگە تاپقاندىن كېيىن يۇرتىغا قاچىدۇ، شۇ ۋاقىتتا بىز تېپىنمەيلا ئىشنى ماڭدۇرۇۋېرىمىز! — دېدى ئابۇش.

— ياخشى گەپ قىلدىڭ، ئاداش. ئەمىسە، بىر ـ ئىككى بالىنى ئۇنىڭغا قېتىپ قويسام بولغۇدەك، — دېدى ئالىم.

— ئۇنىمۇ قىل، ئەڭ مۇھىمى ئۇستام ئىشلىگەندە ئۆزۈڭ دىققەت قىل، شاگىرت دېگەن بوگۇن بار، ئەتە يوق ! — دېدى ئابۇش.

— ماقۇل ئاداش، كاللاڭزە ئاپتوماتتەك ئىشلەيدۇ ـ دە سېنىڭ، — دېدى ئالىم.

— ئەمىسە ئاداش، تاماق يەپ بولغان مېھمانلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ مېلىنى ئېلىشقا باشلا، ئاپتوبۇسقا سەندىن باشقا ئادەم چىقمىسۇن، بولمىسا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ھە راست، ھېلىقى خوتەنلىك ئۇستامنىڭ ئېتى نېمىكەن؟ — دېدى ئابۇش.

— ئوسمان قارى دەيدۇغۇ!

— ئۆزى قارىيمىكەن ـ يا!

— بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيدىكەن، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا ! — دېدى ئالىم.

— سەن ئىشىڭغا مېڭىۋەر ئەمىسە، مەن ئۇ قارىينى بىردەم گەپكە سالاي، — دېدى ئابۇش.

ئالىم سايىھەتچىلەرنىڭ قېشىغا كەتتى. ئابۇش ئوسمان

قارىينى رېستورانىنىڭ كەينىدىكى هويلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تونۇرنىڭ قېشىدىن تاپتى. ئۇستام ئىككى تونۇرغا ئىككى قوينىڭ گۆشىنى سېلىۋېتىپ، قولىنى يۇيۇپ تۇراتتى، ئابۇش ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— خوش... سىلىنىڭ تەرىپلىرىنى ئالىم لوبەندىن ئاڭلاپتىم، - دېدى ئوسمان قارى كۈلۈپ. ئۇ ناھايىتى تېتىك كۆرۈنەتتى.

— ئۆزلىرى غۇلجىغا قاچان چىققان؟

— بىر يىل بولاي دەپ قالدى... بىرسىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ چىقىپ قاپتىمەن. «بىر رېستورانىم بار، كۈنىگە ئەللىك قوينىڭ گۆشى تۈگەيدۇ، تونۇر كاۋىپى چىقارسىڭىز پۇلنى سۈزۈپلا يىغىۋالىسىز» دېدى. شەھەر كۆرگەچ ئىككى - ئۈچ يىل تۇرۇپ كەلمەيما دەپ چىققان، لېكىن ئۇ ئاداشنىڭ رېستورانىدا ئىش ئەپلەشمىدى، خوتۇنى بىلەن نان تالىشىپ يەيدىغان بىر - نېمىكەن، ئۇ ئاداش...

— كېلىشەلمەپسىلەر دە! — دېدى ئابۇش ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— ماڭا راست گەپ قىلماپتۇ ئەمەسمۇ ئۇ يىتىم، رېستوران ئەمەس، كىچىك بىر ئاشپۇزۇلكەن ئۇ، ئىلىخونىڭ ئادەملىرىنى خېلى جىق دەپ ئاڭلىغان ئەينا...

— ئىلىخو دېگەن چوڭ شەھەر، بۇ يەردە ئالتەشەردىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار، بەش بارماق ئوخشاش بولمايدۇ...

— خوش، شۇنداق، بۇ ئىشنىمۇ چۈشەندىم، ماڭا شۇنداق بىرى ئۇچراپ قالغان گەپكەن... ئاڭلىسام، مۇشۇ ئالىم دېگەن غوجامنىڭ سودىسى ئوبدانكەن، «ئادەم ئىشلىتەمسىلەر» دەپ كەلسەم، بۇ غوجامغىمۇ موك ياقتى...

— ھە ئۇستام، گەپ قىلسىلا، بۇ يۇرتتىن زېرىكىپ قالمىغانلا؟

— زېرىكىپمۇ قالمىدىم، بىراق مەن ئاڭلىغاندەك شەھەر

ئەمەسكەن بۇ...

— ھە، ھە، قېنى ئاڭلايلى...

— مەن ئىلىخوننىڭ بىر ئېرىقىدا كۈمۈش، بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ئاقىدۇ دەپ ئاڭلىغان، كەلگىلى بىر يىل بولدى، بارمىغان يېرىم قالمىدى دېسەممۇ بولىدۇ، ئالتۇن - كۈمۈش ياغ ئاقىدىغان ئېرىقنى كۆرمىدىمغۇ، غوجام؟ — دېدى ئوسمان قارىي كۈلۈپ.

«پەيزى بار ئوغرىكەن بۇنىڭ» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— سىز كېچىكىپ قاپسىز ئەمەسمۇ، ئۇستام. سىز دېگەن ئاشۇ ئېرىقلارنىڭ ئۈستىدە ھېچ نەرسە قالمىدى. ئەمدى ئېرىقلارنىڭ ئاستىدا قالسا قالدىمىكىن! — دېدى ئابۇش.

— ئېرىقنىڭ ئاستىغا بىز كىرەلمەيمىز ئەينا ! — دېدى ئوسمان قارىي.

— سىز بۇ ھۈنەرنى كىمدىن ئۆگەنگەن، ئۇستام؟

— ئاتا كەسپىم، ئەينا ! ... ئەتىگەن تونۇرغا ئىككى قوينىڭ گۆشنى سالغان. چۈشكە قالماي تۈگىدى، يەنە ئىككى قوينىڭ گۆشنى تونۇرغا سېلىپ قويدۇم، يېرىم سائەت ئىچىدە پىشىدۇ، ئىغىز تېگىپ كېتەلا، — دېدى ئوسمان قارىي چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ.

— مەن بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايمەن، بىردەم تۇرۇپ ماڭمىسام بولمايدۇ، دەم ئالغان كۈنى كېلەي، پەيزىڭىز بىلەن پىشۇرۇپ بېرىڭ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ بىرەر جىڭ ئىچىشىپ قويىمىزمۇ تېخى ! — دېدى ئابۇش.

— مەن ئۇ ئىشتا يوق، ئەينا، — دېدى ئوسمان قارىي.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئۇستام، ئۇ ۋاقىتتا سىلىگە قىلىدىغان ئىش تېپىپ بېرىمەن ! — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ئابۇش رېستورانغا كىرىپ تاماقىقا ئولتۇردى. كۈتكۈچى ئامىنە ئۇنىڭغا:

— سامسا ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېگەنىدى، ئابۇش ئامىنەنىڭ كۆزىگە بىر قارىۋېتىپ:

— ماقۇل، — دېدى، ئامىنە ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا بىر تەخسە سامسا كەلتۈردى، سامسا بەك ئوخشىغانىدى. ئابۇش سامسىنى ھۇزۇرلىنىپ يەپ بولۇپ، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ رېستوراندىن چىقىپ ئاپتوبۇسنىڭ قېشىغا كەلدى، ئالىم ساياھەتچىلەرنىڭ مېلىنى ئاساسەن ئېلىپ بولغانىدى.

— ئەھۋال قانداقراق؟ — دېدى ئابۇش چىشىنى كولىغاچ.

— ياخشى، ئاداش. بەك ئېسىل بىر پەلتو بار ئىكەن، ئەرزان ئېلىۋالدىم، ئاز دېگەندە تەڭ پايدا قىلىدۇ، — دېدى ئالىم.

— شەھەردە ئىنىڭ باردۇ؟

— ھەئە، يەنە شۇ قەيسەر بار، ھەربىر قېتىم ئەكىرگەن ماللارنىڭ باھاسىنى ئېنىق توختىتىپ بېرىۋاتىمەن، ھېساب — كىتابىمىز ئېنىق بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىگىمۇ ئەسكەرتىپ قويدۇم: «ئاكا دېگەن ئاكا، ھېساب دېگەن ھېساب، بۇ ئىككى ئىش ئارىلىشىپ كەتسە بولمايدۇ» دېدىم. دۇكاننىڭ ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بول، ئاداش، — دېدى ئالىم.

— ياخشى، ئاداش. ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن بولغىنى ياخشى، ئەمىسە مەن ماڭاي. ماۋۇ ساياھەتچىلەرنىڭ باشلىقىنىڭ يانچۇقىغا تۆت - بەش تەڭگە سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماسسەن؟ ! — دېدى ئابۇش.

— ئۇنى بىر دېمە، ئاداش. قېشىغا بېرىپ سېلىپ قويسام ھجىيىپ كەتتى، مومايلاردەك كۈلىدىغان ئاداشكەن ئۇ...

— ياخشى، ئاداش. شۇنىڭدىمۇ ئېسىڭدە بولسۇن، ياخشىراق مال ئالغان كۈنۈڭ سومكىغا بىرنەچچە بوتۇلكا ھاراق، زاكۇسكا دېگەن نەرسىلەرنى سېلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوي، خۇش بولۇپ قالىدۇ. شەھەرگە كىرگەندە جۇپلىشىپ ئولتۇرغاندا ئىچىشىدۇ، بىزدىن تېخىمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ. بۇ خەقنىڭ گېلىغا ئۇرۇپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ، ئاداش. قىل بېرىپ پىل ئېلىش كېرەك...

— سېنىڭدەك كاللام بولغان بولسا، ئاداش، مەن ئاللىقاچان ئامېرىكىغا چىقىپ كەتكەن بولاتتىمغۇ! — دېدى ئالىم.

— ئۇنداق گەپ قىلما، ئاداش، سەن بىلەن بىز ۋەتەنسىز مۇساپىرلاردىن ئەمەس، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بار، دوللارنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ ئامېرىكىغا كەتسەڭ بولمايدۇ، ئۆزىمىزگە چاڭ بولساق، بىزمۇ باي بولىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى ئابۇش.

— راست دەيسەن، ئاداش...

ساياھەتچىلەر ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولغانىدى، ئابۇش ئاپتوبۇسقا چىقىپ ماتورنى ئوت ئالدۇرۇپ، شەھەرگە قاراپ ماڭدى ۋە يېرىم سائەتتىن كېيىن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئابۇش ساياھەتچىلەرنى مېھمانخانىغا چۈشۈرۈۋېتىپ، زاپاس چاقنىڭ ئىچىدىكى دوللارنى چىقىرىپ سومكىغا سېلىپ، ئالدىراش ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئاينۇر ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتاتتى. ئابۇش قولىدىكى سومكىسىنى ئۆينىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ، ئاشخانا ئۆيگە كىردى ـ دە، ئاينۇرنى قۇچاقلىۋالدى.

— سىزنى سېغىنىپ كەتتىم، ئاينۇر. سىزنى ئىككى كۈن كۆرمىسەم ئۇيقۇم كەلمەيدىغان بولدى. دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن سەپەرگە چىقسام سۆرتىڭىزنى ھەمىيانىمغا سېلىۋالمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە، مەن سىزگە چىرايلىق سۆرتىمدىن بىرنى بېرەي، — دېدى ئاينۇر.

تاماقتىن كېيىن ئابۇش ئالماسنى بىردەم ئەركىلىتىپ ئويناتتى، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئېلىپ ياتتى.

«دوللارنى قانداق قىلسام بولار، ئىگىسى ئاپتوبۇسۇڭدا پۇلۇم قاپتۇ دەپ ئىزدەپ كېلەرمۇ؟ ئەگەر ئىزدەپ كەلسە قانداق قىلىش كېرەك؟ بېرەمدىم ـ بەرمەمدىم، ئەگەر بەرسەم، ئۇ ئاداش قانچىلىك سۆيۈنچە بېرەر؟ ئەگەر كۆرمىدىم دەپ تۇرۇۋالسام قانداق بولار؟ بۇ ئىشنى بىرەرى كۆرمىگەندىكىن كۆرمىدىم دەپ تۇرۇۋالايمۇ ـ يا؟ نېمە قىلالايتتى، ئىسپات يوق، يا تۇتۇۋالالمىدى. توغرا، ئىگىسى ئىزدەپ كەلسە، كۆرمىدىم دەپ تۇرۇۋالاي. مېنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا بۇ پۇللار

مېنىڭ بولۇپ كېتىدۇ دېگەن گەپ. خىزمىتىمدىن بوشاپ بىرەر ئىش قىلارمەن. تاكسى ھەيدىسەممۇ بولىدۇ. ياق، ئەگەر ئىدارىدىن چىقىپ كەتسەم، ھەرگىزمۇ ماشىنا ھەيدىمەيمەن، ماشىنىغا تويدۇم. كاندا چوڭ ماشىنا ھەيدىدىم، زاۋۇتتا كىچىك ماشىنا ھەيدىدىم، مانا ئەمدى ساياھەت ئىدارىسىدە ئاپتوبۇس ھەيدەۋاتىمەن. ئەمدى بولدى، ئەگەر ئىدارىدىن چىقىپ كەتسەم، ئىككى - ئۈچ كىچىك ماشىنا ئېلىپ، باشقىلارغا ئىجارىگە بەرسەممۇ بولىدۇ. مۇشۇ كۈندە تاكسىچىلىقنىڭ بازىرى ئوبدان. ئىشقىلىپ قىلىدىغان ئىش جىق. ئەڭ بولمىغاندا ئالمىدەك مال باقساممۇ بولىدۇ. مەيلى قانداق ئىش قىلماي، ئالدى بىلەن پۇل تېپىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىسام بولمايدۇ. ھە دېگەندە ماشىنا ئالماسلىقىم كېرەك. بولمىسا باشقىلار: ‹بۇ ئاداش پۇلنى نەدىن تاپتى؟› دەپ گەپ تاپىدۇ، ئالدى بىلەن يىراق يەرگە كېتىپ ئوقەت قىلاي، بۇنىڭدا پۇل تېپىۋاتىدۇ دېگەن قالپاقنى كىيگىلى بولىدۇ، ئاندىن مۇشۇ قالپاق ئاستىدا نېمە قىلسام بولۇۋېرىدۇ... ئىدارىدىن چىقىپ كەتسەم چىقىپ كېتەي جۇما، ياش ۋاقتىمدا ئۆزۈمگە ئىشلىمەيمەنمۇ! بىراق ئاينۇر نېمە دەر؟ مەن ئۇنى قايىل قىلالايمەنمۇ؟ ئۇ ماڭا ئەمدى ئامال قىلىپ ماشىنىنى تاشلاڭ، مەمۇرىي ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىڭ، كەلگۈسى ئىستىقباللىڭىزنى ئويلاڭ دەيدۇ ھەرقاچان» دېگەن ئويلارغا پېتىپ قالدى.

ئەتىسى كەچتە ئابۇش ئاينۇر بىلەن رەسمىي پاراڭلاشتى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىن دوللار تېپىۋالغان ئىشنى دېمىدى. بۇنداق ئىشلاردا ئۇ ئاينۇردىن سىر ساقلايتتى. ئۇ: «خوتۇندىن سىر ساقلىيالمايدىغان ئەر ھەقىقىي ئەر بولمايدۇ» دېگەن گەپنى كاندا ئازاتتىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ زاۋۇتتا ئىشلىگەندە، خوتۇنغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېگەن ھېيلىلەرنى ئەزىزدىن ئۆگەنگەنىدى، ئەزىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەربىيە بېرەتتى: «دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە خوتۇن، خوتۇن

بولمىسا ئەرنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، لېكىن خوتۇن جاھاندىكى ئەڭ مۇرەككەپ ئىنسان، ئۇ بوگۇن سېنى سۆيگەن بولسا، ئەتىسىلا چىشلىۋالىدۇ، چىشلىگەندە ئۇنى تىللىغۇەتكۈڭ كېلىدۇ، تىللاي دېسەڭ، ئۇنىڭ سېنى تالاي قېتىم سۆيگەنلىكى ئېسىڭگە كېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن قىلىدىغان ئىشىڭنى، دەيدىغان گېپىڭنى تاپالماي قالىسەن، ئاخىرقى ھېسابتا سەن ئۇنىڭدىن زېرىكىسەن ـ دە، «خوتۇن خەق دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، ساراڭ...» دېگەندەك گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتىسەن. ئەلۋەتتە بۇ گەپلەرنى ئۆز ـ ئۆزۈڭگە دەيسەن، ئەمەلىيەتتە خوتۇن خەق ساراڭ ئەمەس، ئۇ مۇشۇنداق قىلىقلىرى ئارقىلىق سېنى ئۆزىنىڭ تورىغا يۆگىۋالغۇسى كېلىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى بىر مەقسەتتىن نېرى ئەمەس، بارلىق ئەرلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان كىچىك بالا، شۇڭا ئۇلار بىر ئۆمۈر ئۆزلىرىنى ھەممە ئىشنى بىلىدىغان ئادەم دەپ بىلىپ، ئەرلىرى بىلەن، بالىلىرى بىلەن توختىماي جېدەللىشىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ گېپىنى — مەيلى ئوڭ گەپ قىلسۇن ياكى تەتۈر گەپ قىلسۇن — ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى قوللىمىساڭ بېشىڭ ساقايمايدۇ. نېمە ئۈچۈن بىر خوتۇنغا ئەللىك دانە ئالتۇن زەنجىر ئېلىپ بەرسەڭمۇ تويمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر خوتۇن قولىدىكى تۆت ـ بەش ئۈزۈكىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ جاھاندىكى پارقىراپ تۇرغان بارلىق ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايدۇ، ئارزۇ قىلىدۇ ھەم شۇ يولدا تىرىشىدۇ. شۇڭا، بىر ئۆمۈر «مەن دەپ ياشايدۇ»، «ئۇنى ئېلىپ بەرمىدىڭىز، بۇنى ئېلىپ بەرمىدىڭىز، ئۇ يەرگە ئاپارمىدىڭىز، بۇ يەرگە ئاپارمىدىڭىز، بازاردا مەن بىلەن بىللە ماڭمىدىڭىز» دەپ سەن بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، سەن چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا ئۇنىڭغا سىر بەرسەڭ بولمايدۇ...»

ئابۇش مەكتەپتە ئۆگەنمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كاندا،

زاۋۇتتا، ساياھەت ئىدارىسىدە، بولۇپمۇ قازاقىستانغا قاتناۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزگىرىشنىڭ ئۆز ئۆزىگە ھەر كۈنى جاھاننىڭ بىر سىرلىق دەرۋازىسى ئېچىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلدى.

ئابۇش ئادىتى بويىچە كارىۋاتتا ياتاتتى، ئاينۇر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئىسسىق قولى ئاينۇرنىڭ قولىدا ئىدى. ئاينۇر ئۇنىڭ ئىدارىدىن چىقىپ كېتىمەن، ئۇرۇمچىگە بېرىپ رېستوران ئاچىمەن دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ گاڭگىرىدى. چۈنكى، ئىدارىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئۆزى خىزمەتنى تاشلىۋەتكەنلىك بولاتتى، ئاينۇر نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— گەپ قىلە، ئاينۇر.

— نېمە دەيمەن، ئابۇش. نۇرغۇن ئادەم خىزمەت تاپالماي يۈرسە، سىز خىزمەتتىن چېكىنىمەن دەۋاتىسىز، ئالىم بىلەن ئېچىۋالغان رېستورانىڭ سودىسىمۇ يامان ئەمەس، يەنە ئۇرۇمچىگە بېرىپ رېستوران ئاچىمەن دەۋاتىسىز. مەن سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم...

— ماڭا ئىشەن، خوتۇن.

— دادامغا دېدىڭىزمۇ؟

— ياق، دادامغا دېسەم قوشۇلمايدۇ. ئەمدى مەن ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلىمىسەم بولمايدۇ، ئاينۇر. مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئۈچ ئورۇندا ئىشلەپتىمەن، كاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم، ھازىر ئويلىسام، مەن چوڭ بولغان كان باشقا دۇنيا ئىكەن، ئەگەر كاندىكىلەر ئوقۇشقا ئەۋەتمىگەن بولسا، مەن ھازىرقىدەك شەھەرگە كېلىپ بۇ ئىدارىدە ئىشلىيەلمىگەن بولاتتىم، مەن كاندىكىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن... كېيىن زاۋۇتقا يۆتكىلىپ كىردىم، زاۋۇتمۇ يامان قىلمىدى، ئۇ يەردە يېڭىلىقنى چىڭدىۋالدىم، كېيىن ئوقەت قىلىمەن، پۇل تاپىمەن دەپ ساياھەت ئىدارىسىگە يۆتكەلدىم، بۇ يەردىمۇ كۈنۈم يامان ئەمەس، لېكىن مەن مەيلى قەيەردە ئىشلەي، مەيلى بىر تەڭگە تاپاي ياكى ئىككى



تەڭگە تاپاي، خەقنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتىمەن، ئەركىن بولالمايۋاتىمەن، باشتىن ـ ئاخىر ئۆزۈمگە ئىشلىيەلمەيۋاتىمەن، شۇڭا، مەن ئەمدى ئىداردىن چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ! — دېدى ئابۇش.

— سىزگە بىر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ، ئابۇش. بۇ ئىشقا ئالدىرىماڭ، يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس دېگەن گەپ بار، — دېدى ئاينۇر.

ئابۇشنىڭ بېشى قاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئەزىز بىلەن كۆرۈشتى.

— يىراق بولسىمۇ تاكسىغا چۈشۈپ بىزنىڭ رېستورانغا بارايلى، ئەزىزكا. ئالىم بىر خوتەنلىك ئۇستامنى تېپىۋاپتۇ، بىرەر جىڭ ئىچكەچ پاراڭلاشمايمىزمۇ! — دېدى ئابۇش.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ مانا، ئۇكا. سەندىكى ئەقىل مەن ـ مەن دېگەن ئادەمدە يوق جۇما ! ئەقىل دېگەن ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە يۈگۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىدىغان نەرسە، ئۇكا، ئۇ. تۇرمۇشتا ياشاشنى بىلىش كېرەك... سەن كېتىپ قالدىڭ، ئۇكا، مەن زاۋۇتتا يالغۇز قالدىم ئەمەسمۇ! شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدە ساڭا ئوخشاش ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، شەرەتنى بىلىدىغان ئادەمنى تاپالمىدىم ئەمەسمۇ! مېنىڭ قانىتىم سۇندى، ئۇكا !... — دېدى ئەزىز.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئاكا. قاچان دېسەڭ مەن بارغۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، ئۇكا، بىراق سەن قېشىمدا ئەمەستە ! سەن بولغان بولساڭ، ئىككىمىز يەنە نۇرغۇن دۇمباقلارنى يېرىۋېتەتتۇقتە ! — دېدى ئەزىز.

— ئاكا، ھېلىمۇ قىلىمىز دېگەن ئىشنى قىلالايمىز جۇمۇ!

— شۇنداق، ئۇكا ! — دېدى ئەزىز.

ئۇلار تاكسىغا چۈشۈپ، ئالىم ئېچىۋاتقان رېستورانغا كەلدى، ئالىم ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— ياخشى ئاداش، بۈگۈن ئەزىزكامنى ئاچىقىپسەن ئەمەسمۇ!

ئوغۇل بالا، — دېدى ئالىم خۇشال بولۇپ.
— قارىسام بۇگۈن دەم ئېلىشكەن، ئاداش. ئەزىزكامنى ئوسمان قارىينىڭ تونۇر كاۋىپىغا بىر ئېغىز تەگكۈزەي دەپ ئاچىقتىم! — دېدى ئابۇش.
— يارايسەن، ئاداش، جايىدا ئىش قىپسەن! تالادا ئولتۇرامسىلەر - ئۆيدىمۇ؟
— بىزگە ئاشۇ مايماق سۆگەتنىڭ قېشىغا بىر شىرە قويۇپ بەرسەڭ بولدى، ئاداش، — دېدى ئابۇش.
— چاتاق يوق، ئاداش...
ئالىم ئۇلارنى قۇچاق يەتمەيدىغان قېرى سۆگەتنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار ئوسمان قارىينىڭ كاۋىپىغا ھۇزۇرلىنىپ ئېغىز تەگدى، ئاندىن كۇلۇشۇپ ئولتۇرۇپ ئىچىشنى باشلىۋەتتى، ئابۇش ئىككىنچى رومكىنى ئىچىپ بولۇپ رومكىغا لىق ھاراق قۇيدى ۋە ئۇنى ئەزىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.
— خوش، ئەزىزكا، ئەمىسە، گېپىمنى دېگەچ ئولتۇراي، — دېدى ئابۇش ئەزىزنىڭ كۆزىگە قاراپ كۇلۇپ، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كۇلۇشنى ئەسلىي ئەزىز ئۆگەتكەنىدى.
— گەپ قىلغاچ ئولتۇر، ئۇكا!
— ئىداريدىن چىقىپ كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن، ئەزىزكا...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەزىز ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئابۇشنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئۇ بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئۇ مۇشۇنداق قاراشلىرى ئارقىلىق ئابۇشنىڭ مەقسىتىنى بىلگۈسى بار ئىدى.
— ئالە شەرىڭنى! مەست بولۇپ قالمىغانسەن؟ ھە، گەپ قىلە، ئۇكا.
— ئۆز ئالدىمغا خاتىرجەم ئوقەت قىلايمىكىن دەيمەن، مېنى ياخشى بىلىسەن، ئەزىزكا. مېنىڭ جىق پۇل تېپىپ، چوڭ باي بولغۇم بار. پۇللا بولسا جاھاندىكى ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ باققۇم بار!
— مۇنداق دە، ئۇكا، گەپ قىلىۋەر، — دېدى ئەزىز ئۇنىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە يەنە بىر قارىۋېتىپ.

— باشقا مەقسەت يوق، ئاكا. مەقسەت پۇل تېپىش، مۇشۇ ئىشتا سەن بىر يول كۆرسەتسەڭ، ئاكا ! — دېدى ئابۇش ئەزىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ئەزىز ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، هاراقنى ئىچىۋەتتى، ئۇ رومكىنى ئابۇشقا بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىر قارارغا كېلىپ بوپسەن - دە ! — دېدى ئەزىز.

— شۇنداق.

— ئاينۇر قوشۇلدىما؟ — دېدى ئەزىز كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ.

— مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن، ئەزىزكا. مەن خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كۆكلەيدىغان ئادەم ئەمەس. مۇشۇ كۈنگىچە يېنىمغا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى سېلىپ يۈرگەن بەندە ئەمەسمەن، كەچ قالسام خوتۇن ئىشىكنى ئېچىپ بولغۇچە ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ كىرىپ كېتىمەن، كاندا ئۆگەنگەن خۇي، ئاكا، ئامال يوق. ...

— ئۆزۈڭ ياغاچچى بولغاندىكىن ئەتىسى ياسىۋالىسەندە! — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

— گەپ قىلمامسەن، ئەزىزكا ! — دېدى ئابۇش ئەزىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— چۈجە خوراز بىلگىنىنى چىللايدۇ دېگەن گەپ بار، ئەھۋالدىن قارىغاندا، كاللاڭغا مۇشۇ ئىش كىرىۋاپتۇ، مەيلى بۇنىمۇ كۆرۈپ باق، بۇنداق ئىشلاردا ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەسلىھەت بەرمىسەم بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇ يولدا بىر ئوچۇقنى ئىككى قىلالىساڭ، ئىزدىنىپ باقساڭ بولىدۇ، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ئۇكا. سەن مەيلى قانداق ئىش قىل، چوقۇم شۇ ئىشتىن نان تېپىپ يېيەلەيسەن. بىرىنچىدىن، سەندە كاللا بار؛ ئىككىنچىدىن، سەن قېيناتاڭنىڭ دۇئاسىنى ئالغان...

— ئەگەر سەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا بەك ئالدىراپ كەتمە، ئۇكا. مۇشۇ كۇندىمۇ بىر پۇتۇلۇك تالادا، ئىدارىدە بىر قازىنىڭ بار، تالادا بىر قازىنىڭ بار، ئىككى قازىنىڭنىڭ مۇشۇنداق قايناپ تۇرغىنى ياخشى، ئەگەر ئىككى قازاننى بىر قىلىۋالساڭ، ئوتۇن يەتكۇزەلمەيسەن، دەپ مەسلىھەت بېرەتتىم. بىراق، ھازىر ساڭا، ئۇكا، ئۇنداق دېسەم بولمايدۇ. قارىغاندا، سەن قارار قىلىپ بوپسەن. ئەمدى كۆرىمەن دېگەن ئىشنى كۆرمىسەڭ كۆزۈڭنى ئاچالماي قالىسەن...

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئەزىزكا. مەن ھەرقانداق ئىشتا سېنىڭ ئاغزىڭغا قارايمەن !

— رەھمەت، ئۇكا. بوغداي نېنىڭ بولمىسا، بوغداي سۆزۈڭ يوقمىدى دېگەن گەپ بار، مېنى ئاكا ئورنىدا كۆرۈپ مەسلىھەت سالغىنىڭغا رەھمەت. ئەمىسە، ئۇكا، مۇنداق قىلايلى: سەن ئىدارەڭدىن چىقىپ كېتىمەن دېگەن ئىشنى قىلما، يەنىلا بىر پۇتۇڭ ئىدارىدە قالغىنى ياخشى. توغرا، ھازىر بازار ياخشى، سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ ياخشى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، سەن بىر ئىشنى ئۇنتۇما، ئۇكا، مىڭ ياخشى ئېشەك بولسىمۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ھاڭراۋەرمەيدۇ. مىڭ ياخشى قازانمۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قايناۋەرمەيدۇ. مىڭ ياخشى خوتۇن بولسىمۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كۈلۈۋەرمەيدۇ. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بار دېگەن گەپ بار، ئۇكا. شۇڭا، يەنىلا بىر پۇتۇڭ ئىدارىدە تۇرۇپ تۇرغىنى ياخشى. مۇنداق قىلايلى، مەن ساڭا بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقىدىغان بىر ئامالنى دەپ بېرەي: سەن ئاغرىپ قالدىم دەپ ئىدارەڭنى ئىشەندۇرۇپ دەم ئېلىشقا چىقىۋال، شۇنىڭدا داۋاملىق ئىدارىنىڭ ئادىمى بولۇپ تۇرۇۋېرىسەن. ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ پېنسىيە مائاشى ئېلىپ تۇرىسەن، بىرى ئاڭلىسىمۇ ياخشى، ھېرىپ - چارچاپتۇ دەيدۇ، ئاغرىقچان بولۇپ قاپتۇ بىچارە دەيدۇ - دە، ساڭا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئىش ئورنۇڭدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتسەڭ، گەپكە قالىسەن. سۆز - چۆچەك بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ تەرەپنى سەنمۇ ياخشى بىلىسەن، سېنىڭچە قانداق، ئۇكا؟! ئايالىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقامسەن ـ يا؟

ئابۇش بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ، قولىغا رومكىنى ئالدى، ئۇ هاراقنى ئىچىۋېتىپ، رومكىغا يەنە هاراق قۇيۇپ ئەزىزگە تەڭلىدى. ئەزىز ئۇنىڭ قولىدىن رومكىنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى، ئابۇش قولىغا بىر پارچە كاۋاپ ئالدى، ئۇ كاۋاپنى چىشلىگەچ ئەزىزگە قاراپ كۈلدى.

ــ مۇشۇ كاۋاپتەك تاتلىق گەپ قىلدىڭ، ئەزىزكا. مەن ساڭا بۇرۇنلا قول قويغان. سەندىكى كاللا ئادەتتىكى كاللا ئەمەس، بۇ ئىشنى سەن دېگەندەك قىلايلى، رەھمەت ئاكا! ــ دېدى ئابۇش.

ــ بۇ ئىشنى مۇشۇنداق هۇنەر بىلەن بىر تەرەپ قىلمىساق گەپ چىقىپ كېتىدۇ، ئۇكا. بەك پارقىراپ كەتسەڭ، ئورا كولايدىغانلار كۆپىيىپ قالىدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭدا دوختۇرغا كۆرسىتىدىغان كېسەل تاپماق ئاسان، دوختۇرخانىغا بارساڭ ئۆستەڭنىڭ ئالدىدىكى قاۋاقتا قاتار ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىۋاتقان جاهانكەزدىلەر بار، ئاشۇ ئاداشلارنىڭ ھەممىسى قان ساتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇنىنىڭ توقۇقۇزى يۇرەك كېسەل، بىرەرىنى چەتكە تارتىپ مۇنداق گەپ ئىدى دەپ قولىغا يۈز سوم تۇتقۇزۇپ قويساڭ، گەپ قىلماي كەينىڭدىن ماڭىدۇ، قالغان ئىشلار بىردەمدىلا پۈتىدۇ، ئىدارەڭنى ئۆزۈڭ توغرىلايسەن، ئۇنىڭ چارىسىنى مەن ئۆگەتمىسەممۇ بىلىسەن، ــ دېدى ئەزىز.

ــ رەھمەت، ئەزىزكا، ئەتە ئۆيۈڭگە بىر قوي ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدۇمدە! ــ دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ــ يالغۇز قوي يەم يېگىلى ئۇنىماي ئاۋارە قىلىدۇ، ئۇكا، ئىككى بولسا، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ تالىشىپ يەيدۇ، ــ دېدى ئەزىز.

ــ ئەمىسە، بىر ئەركەك، بىر چىشى قوي ئالسام بولغۇدەك، ــ دېدى ئابۇش.

ــ ئۆزۈڭ جۈپ نەرسىنىڭ قەدرىنى بەك بىلىدىغان بالا،

ئوكا !... — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە بىر جۈپ ئاپئاق قوي ئاپىرىپ بېرىمەن، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش.

— ماڭا ئاپئاق قوي ئېلىپ بەرسەڭ، ھەممە ئىشلار ئاق يوللۇق بولۇپ كېتىدۇ، ئوكا، — دېدى ئەزىز.

ئابۇش كۈلدى.

ئالىم بىر چىرايلىق چىنە تەخسىدە بەش كەپتەرنىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇ تەخسىنى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— سىلەرگە ئالاھىدە كەپتەر پىشۇرۇپ كەلدىم، ئەزىزكا، قېنى ئېغىز تېگىڭلار! — دېدى ئالىم.

ئابۇش ئالىمغا بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى. ئالىم ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، قولىغا بىر پارچە كاۋاپ ئالدى.

— ئەمىسە، كەپتەرنىڭ گۆشىدىن ئالايلى، ئەزىزكا، — دېدى ئالىم.

ئەزىز قولىغا بىر كەپتەرنىڭ گۆشىنى ئېلىپ، پارچىلاپ يېرىمىنى تەخسىگە قويۇپ، قالغىنىنى ئاغزىغا سالدى، ئابۇشمۇ قولىغا كەپتەر گۆشىنى ئالدى.

— ئالىم، بۇ تونۇش كەپتەردەك قىلىدۇغۇ؟ — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.

— قوشنىلارنىڭ كەپتىرى ئەمەسمۇ!

— بۇ شىبىرنىڭ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان جىمى كەپتەرلەرنى تونۇيدۇ، ئوكا ! — دېدى ئەزىز كۈلۈپ.

— تونۇر كاۋىپى ئوخشاپتۇمۇ، ئەزىزكا؟ — دېدى ئالىم.

— بەك ئوخشاپتۇ، ئوكا، ھەقىقەتەن ئۇستا ئادەمكەن، — دېدى ئەزىز.

— بولمىسا ئوسمان قارىينى چاقىرە، ئاداش، ئىككى رومكا ئىچۈرۈپ قويىمىز، — دېدى ئابۇش.

— توۋا دە ئاداش، بۇنداق ئىشتا يوق ئادەم ئۇ.

— چىرايىنىڭ بىر يەرلىرىگە قارىسام ئىچىدىغاندەك قىلىدۇ، تازا زورلىساق ئىچىپ قويامدىكىن دەيمەن، — دېدى ئابۇش.

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئىنسان ئەمەسمۇ! جاھان كېزىپ يۈرگەن ئادەمگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئەزىز.

— توختاڭلار، ئەمىسە، مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، — دېدى ئالىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوسمان قارىينى چاقىرغىلى ماڭدى.

— ئۇ ئاداشنى بەكرەك زورلىساق ئىچىپمۇ قويىدۇ جۇمۇ، ئەزىزكا، — دېدى ئابۇش.

— توختا، كەلگەندە بىرنېمە قىلىمىز، — دېدى ئەزىز.

ئالىم ئوسمان قارىينى باشلاپ كەلدى، ئۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئابۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئابۇش يەنە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، ئالدىغا بىر رومكا هاراق قويدى، ئوسمان قارىي هاراقنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن بۇ ئىشتا يوق، خوجايىن، خاپا بولماڭ، — دېدى ئوسمان قارىي.

— بۇ ھەممە ئىشنى قىلىپ باقىدىغان يۇرت، ئۇستام، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىدىغان گەپ. بۇ ئويۇننى ئويناپ بەرمىسىڭىز، كاۋاپىنىڭ تۇزىنى ياخشى تەڭشىيەلمەيسىز! — دېدى ئابۇش.

— خاپا بولماڭ خوجايىن، مەن بېرىپ ئىشىمنى قىلاي، مەن بۇ ئىشتا يوق، — دېدى ئوسمان قارىي.

ئابۇش ئەزىزگە قارىدى.

— ئۆزلىرى بۇرۇن ئىچىپ باققانمۇ؟ — دېدى ئەزىز ئوسمان ئۇستامغا قاراپ.

— خوش، مەن چوڭ بولۇپ بۇنداق نەرسىنى ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىغان، — دېدى ئوسمان قارىي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— ئەمىسە، هاراق ئىچمىسەڭلا قانداق كۆڭۈل ئاچىسىلە؟ — دېدى ئەزىز.

— بىزنىڭ ئۆيۈنىمىز جىق ئەينا، دۇتار چالىتمىز، ناخشا ئېيتىتمىز، هاراق ئىچمەيتمىز، چاي ئىچىتمىز ئەينا! — دېدى ئوسمان قارى.

— مەيلى ئەمىسە، بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ئۇستام، — دېدى ئەزىز.

ئوسمان قارى ئورنىدىن تۇرۇپ، رېستورانىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى، ئالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— راست ئىچمىگەنىكەن، ئۇكا، ھۈنەرۋەن بولغاندىكىن ئىچمىگىنى ياخشى! — دېدى ئەزىز.

— بىردەم گەپكە سالىدىغان گەپتى، — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە، ئۇكا، هارىقىڭ تۈگەي دەپ قاپتۇ، بىر رومكىدىن ئىچىۋېتىپ ماڭىمىزما؟ — دېدى ئەزىز.

— ئالدىرىدىڭىزغۇ، ئاكا؟

— كەتمەيمىزمۇ، باشقا ئويۇنۇڭمۇ باردۇ؟

— ئەمىسە، شەھەرگە كىرىپ ساياھەتچىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىككى رۇس قىز تاپايلى، رەڭلىك ئولتۇرىمىز، — دېدى ئابۇش.

— شۇنداق قىلايلى، ئۇكا. بىر كۈنى ئۆلۈپ تۈگەيمىز قارا، ئۆتكەنكى ھېلىقى رۇس قىزى نېمىدېگەن چىرايلىق، تېرىسى نېمىدېگەن سۈزۈك كاساپەتنىڭ! كۆزلىرىنى دەيمىنا، يائاللا، ئويناپ تۇرىدىكىنا! — دېدى ئەزىز.

ئابۇش ئالدىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى، بوتۇلكىدىكى هاراق تۈگىدى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىم بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە ماڭدى...

ئابۇش ئەتىسى يەنە مېھمانلارنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قازاقىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئالمۇتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇ يەردىكى ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى تۈگىتىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئاغرىپ قالدىم دەپ يېتىۋالدى. ئاندىن ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەزىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، دوختۇرخانىنىڭ «بۆرەك كېسىلى، ئېغىر

ئەمگەككە يارىمايدۇ» دېگەن دىئاگنوزىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىدارە مەسئۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى داۋاملىق ئۆيدە يېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىدارە رەھبەرلىكى ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىشىنى تەستىقلىدى، ئايدا توقسان پىرسەنت ئىش ھەققىنى بېرىش قارارى بىلەن ئۇنى پېنسىيىگە چىقىرىۋەتتى. ئابۇش بۇ ئىشتا ئەزىزدىن بەكمۇ رازى بولۇپ كەتتى.



## 12

ئابۇش ئالىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى، ئالىم ئابۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى، ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغاندى.

— مۇشۇنداق گەپ، ئاداش. جاھاندا ھاڭراۋېرىدىغان ئېشەك يوقكەن. ئەمدى رېستوراننىڭ ھېساب ـ كىتابىنى قىلىۋېتەيلى. ماڭا بېرىدىغاننى بەر، ساڭا قالىدىغىنى قالسۇن، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلاي، — دېدى ئابۇش.

— ئېلىشىپ قالمىغانسەن، ئاداش؟ بۇ رېستوران بىر ئوبدان مېڭىۋاتسا !

— بولمىسا ئۆزۈڭ ماڭدۇرۇۋېرەمسەن ـ يا؟

— سەنزە، ئاداش، يەنە بېرىپ كانىلىقلىقىڭنى قىلىدىغان بولدۇڭدە ! بىر ئوبدان مال بېقىۋاتسام رېستوران ئاچىمىز دېدىڭ، ماقۇل دېدىم، بۇنىڭغا يارىشا تۆت ـ بەش تەڭگىمۇ تاپتۇق، ئەمدى مەن شېرىك بولمايمەن، رېستوراننى ئۆز ئالدىڭغا ئاچ دەيسەن. سەن كەتسەڭ ساياھەتچىلەرنىڭ ئاپتوبۇسلىرى بۇ يەردە توختىمايدۇ دېگەن گەپ، ئۇ ۋاقىتتا بۇ رېستوراننىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئۇ ۋاقىتتا مەن بۇ يەرنىڭ كۆزەتچىسىگە ئايلىنىپ قالىمەندە !

— باشقا ئىش قىلساڭ بولىدۇغۇ، ئاداش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە شوپۇرلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىڭ، ئۇلارنىڭ كېلىشىغا ئورۇپ تۇرساڭ، ئاپتوبۇسلىرىنى داۋاملىق يەنە مۇشۇ رېستوراننىڭ ئالدىغا ئەكىلىدۇ ئەمەسمۇ! مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەندە !

— سەن ئۆزۈڭ نېمە قىلماقچى؟

— مېنىڭ كاللامدا ھېچ نەرسە يوق، ئاداش، تېخى. بىر

مەزگىل دەم ئالىمەن، بېشىم ساقايغاندىن كېيىن بىر يەرگە بېرىپ ئوينايمەن، قىلىدىغان ئىشىمنى كېيىن ئويلىشىمەن! — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە ئاداش، گېپىمىز گەپ، ماڭا ياردەم قىلىمىساڭ بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بول، ئاداش. قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا، سەندىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

ئاخىرقى ھېسابتا ئالىم ئابۇشنىڭ گېپىگە كۆندى، ئۇ ئايرىم - ئايرىم قىلىپ رېستوران بىلەن بازاردىكى دۇكاننىڭ ھېسابىنى سۇنۇۋىدى، ئابۇش ھېساب دەپتىرىنى قولىغا ئالمىدى.

— مەن سېنى ياخشى چۈشىنىمەن، ئاداش. بىز بىرنەچچە يىل بىر قازاندا تاماق يېگەن، مۇشۇنداق بولسۇن، ھېسابنىڭ ئىشلىرى سەن دېگەندەك بولسۇن، ئىشىنىدىغان - ئىشەنمەيدىغان ئىش يوق، ئاداش، پايدا ئاپتۇقمۇ، بىر پۇلمۇ ئىككى بولدى دېگەن گەپ، ئەگەر مەن ساڭا ئىشەنمىگەن بولسام، ئۆز ۋاقتىدا بازاردىكى دۇكانغا ئۆزۈمنىڭ ئادىمىنى قويغان بولاتتىم... شۇنداق بولسۇن، ئاداش. مەندىن خاپا بولما، ئەگەر يامان كېسەل بولۇپ قالمىغان بولسام، بۇ ئىشىمىز داۋاملىشىپ كېتىۋېرەتتى، — دېدى ئابۇش.

— كېسەل بولۇپ قالدىم دەيسەن، لېكىن قارىسام ساپساقتەكلا تۇرىسەن.

— ياش بىر يەرگە باردى ئاداش، ئەمدى كۆتۈنمىسەم بولمايدۇ.

ئابۇش ئالىم بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى، چۈنكى ئۇ ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئالىمغا ئىشىنەتتى، باشقا ساۋاقداشلارمۇ ئۇلارنىڭ تاماق بىلەتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ئىشىغا بەكمۇ قايىل ئىدى، ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگۈچە ھېچقانداق بىر ئىشتا سىنىڭ - مىنىڭ دەپ باقمىغانىدى... ئۇ ئالىم بەرگەن پۇلغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

ئابۇشنىڭ خىزمەت ئورنىدىن چىقىرۋېلىپ ئۆز ئالدىغا ئەركىن ئىش قىلىمەن دېگەن پىلانى ئاسانغا توختىمىغانىدى، دەسلەپتە بۇ پىلانغا ئاينۇر قوشۇلمىدى: «بالىلىرىمىز تېخى كىچىك، ئابۇش، ئۇياق - بۇياقتا قاتىرىماڭ، ھازىر ئاشۇ خىزمىتىڭىزنى ئىشلەپ تۇرۇڭ، ئاستا - ئاستا چىقىۋالارسىز» دېگەنىدى. بۇرۇن ئابۇش ھە دېگەندە ساياھەت ئىدارىسىگە كەلگەندە ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ئويمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىدارىدىكى بەزى باشلىقلارنى ئۆزى بىلەن يوشۇرۇن سېلىشتۇرۇپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىپ، ئەگەر مەن شۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇپ قالغان بولسام، ئۇنى بەك ياخشى ئىشلەيتتىم دەيتتى. لېكىن، ئاشۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئەللىك مىڭ دوللارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. مەن بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ بۇنچىلىك پۇلنى تاپالمايمەن، شۇڭا ئىدارىدىن چېكىنىپ، مۇشۇ پۇللارنى سىڭدۈرىدىغان ئىشنى قىلمىسام بولمايدۇ دەپ، ئاينۇرغا چۈشەندۈرمەيلا مۇشۇنداق بىر يولنى تېپىۋالغانىدى. ئاينۇر ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى ھەم ئۇنىڭ قورسىقىدا چوقۇم جىن بار دەپ گۇمان قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئابۇشتىكى سىرنى بىلمەيتتى، ئەزىزنىڭ تەلىمىنى ئالغان ئابۇشمۇ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئېيتمايتتى. نەتىجىدە ئاينۇرمۇ: «مەيلى، ئۆزىنىڭ تاللىشىغا يول قوياي، مېنىڭ كىتابخانامغا پۇتۇن كۈچى بىلەن ياردەم قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇ، قېنى بىر ئۇرۇنۇپ باقسۇن» دەپ ئۇنىڭغا يول بەرگەنىدى. شۇڭا ئابۇش ئىشلارنى تېزلىتىپ، ئۆزىنى ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئازاد قىلىۋالغانىدى.

ئابۇش بىر مەزگىل ئۆيدە بولۇپ قالدى، ئۇ كۈندە دېگۈدەك بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، زېرىكىپ قالسا ئالماسنى يېتىلەپ ئاينۇرنىڭ كىتابخانىسىغا بېرىپ، ئۇلارغا قارىشاتتى. بەزىدە ئۇ ئاينۇردىن ئاڭلىۋالغان

ياخشى كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ باقاتتى، لېكىن ئىككى ـ ئۈچ قۇر ئوقۇپلا قويۇپ قوياتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچقانداق مەزمۇن قونمايتتى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئازادە ئولتۇرۇپ ئاينۇر بىلەن پاراڭلاشتى.

— مەن بىلىمەن ئاينۇر، مەن سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، لېكىن مېنىڭ قەلبىم پاك، مېنى چۈشىنىڭ، ماڭا ئازراق ۋاقىت بېرىڭ، مەن بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن، قىسقىسى، مەن سىزگە كۆپ قېتىم ئېيتقان، مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلىگۈم بار. مەسىلەن، سىزنىڭ دادىڭىزدەك پۇل تېپىپ، يول تېپىپ ياشىغۇم بار. ماڭا بىر پۇرسەت بېرىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىم يولىدا ئىزدىنىپ باقاي، — دېدى ئابۇش سۈكۈتتە ئولتۇرغان ئايدەك ئايالىغا قاراپ.

— مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ئابۇش. نېمە ئۈچۈن سىزنى چۈشەنمەيدىكەنمەن، لېكىن سىز قورسىقىڭىزدىكىنى ماڭا دېمەيۋاتىسىز، مەسىلەن، سىز شۇنداق ياخشى ئىشلەۋاتقان ساياھەت ئىدارىسىدىن چىقىپ كەتتىڭىز، ئاغىنىڭىز بىلەن قىلىۋاتقان بىر ياخشى ئوقىتىڭىزنىمۇ توختىتىپ قويدىڭىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دېمەك، سىز ماڭا سىر بەرمەيۋاتىسىز، ئابۇش. ئەلۋەتتە، مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە كىرىۋالسام بولمايدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز سىرى ئىچىدە ياشايدۇ، لېكىن بىز ئەر ـ خوتۇن بولغاندىكىن، بالىمىزنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى يۈزىسىدىن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك...

— مەن بەزى ئىشلاردا سىزگە مەسلىھەت سالالمىدىم، ئاينۇر، لېكىن مەندە سىزنى ئەنسىرەتكۈدەك ئىش يوق، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزدىن جىق ئىشلارنى ئۆگەندىم، دۇنياغا بىرلا كېلىدىكەنمىز، شۇڭا مەن ئۆز ئالدىمغا بىر ئىش قىلىپ باققۇم بار، ئۆزۈمنى بىر سىناپ باققۇم بار، مەندىن خاتىرجەم

بولۇڭ، — دېدى ئابۇش.

— ئالماس چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئابۇش، بۇرۇن بىز ئىككى ئىدۇق، مانا ئەمدى ئۈچ بولدۇق، شۇڭا مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتتە بىزدە پىكىر بىرلىكى بولمىسا بولمايدۇ. مەيلى قانداق ئىش قىلماڭ، ئابۇش، كۆپ ئويلاڭ. ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، سىز نېمە ئىش قىلاي دەۋاتىسىز؟ — دېدى ئاينۇر ئابۇشقا قاراپ.

— يېقىندىن بېرى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم، باشقا يەرگە بېرىپ بىرەر ئىش - ئوقەت قىلىپ كېلەيمىكىن دەيمەن. مەن سىزگە خوتەندىكى مەتنىياز دېگەن ساۋاقداشىمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن، بىر يىلى مەن كاندا ئىشلەۋاتقاندا ئۇ غۇلجىغا گىلەم ساتقىلى كەپتىكەن، مەن ئۇنى كانغا ئاچىقىپ بىرنەچچە كۈن قوندۇرغانىدىم، ھازىر ئاڭلىسام، ئۇ خوتەندە تاشچىلىق قىلىۋېتىپتۇ، ئەھۋالى بەك ياخشى ئىكەن، جىق پۇل تېپىپ كەتتىم دەيدۇ، شۇ ساۋاقداشىمنى ئىزدەپ بېرىپ باقايمىكىن دەيمەن، ئاينۇر، — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر گەپ قىلمىدى، ئۇ ئابۇش بەرگەن ئۇچۇرنى ئانالىز قىلىۋاتاتتى. «خوتەن يېقىن يەر ئەمەس، ئۇ يەرگە بىر كېتىۋالسا كەلمەيمۇ قويارمۇ بۇ ئابۇش؟ !» دېگەن سوئال ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابۇشقا قارىدى.

— ئاشۇ مەتنىياز دېگەن ساۋاقداشىڭىز بىلەن بىر ئىش قىلاي دېگەن يەرگە كەلدىڭىزمۇ ئەمىسە؟ — دېدى ئاينۇر.

— ئالدى بىلەن بېرىپ، ئاشۇ ساۋاقداشىم بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقسام دەۋاتىمەن، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ دېگەن گەپ بار، ئەھۋال ئۇقۇپ باقاي دەۋاتىمەن، — دېدى ئابۇش.

— بارسىڭىز بېرىڭ، ئابۇش، دادىڭىزغا دېدىڭىزمۇ؟

— ياق تېخى، ئەمدى دەيمەن، سىڭلىمنى ياندۇرۇپ كىرەي دەۋاتىمەن، ئۆيدە بالىغا قارىغاچ سىزگە ھەمراھ بولسۇن،

قىيىنلىپ قالماڭ ! ـــ دېدى ئابۇش.

ـــ بۇ ئىشنى ياخشى ئويلاپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەتە ـ ئاخشاملىرى كىتابخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولمىسام بولمايدۇ، ـــ دېدى ئاينۇر.

ئابۇش گەپ قىلمىدى، ئۆي ئىچى بەكمۇ جىمىپ كەتتى، ئاينۇرنى غەم باستى. «ئابۇش كەتسە، ئۆي ئىشلىرى ماڭا قالىدۇ، مەكتەپكە بارمىسام يەنە بولمايدۇ، چىدىماي ئامال يوق ئەمدى، ئابۇشنىڭ سىڭلىسىغا تايىنىمەندە شۇ» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

ئابۇش خوتەنگە بارىمەن دېگەن گەپ چىققاندىن كېيىن، ئائىلە مۇھىتى بۇرۇنقىدەك ئازادە بولماي قالدى. ئابۇش كانغا چىقىپ، دادىسىغا خوتەنگە بارىدىغان ئىشنى دېدى. ساۋۇتئاخۇن بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، ئابۇشنىڭ ئاپىسى خەلچىخان: «ۋاي بالام، ئۇ ئون كۈنلۈك يەرگە بېرىپ نېمە قىلارسەن؟ ھەممە ئوقەت مۇشۇ غۇلجىدا تۇرسا، بىر ئوبدان خوتۇنۇڭ بار. بالاڭنى ئەركىلىتىپ، مۇشۇ يەردە تۇرساڭ بولمامدۇ؟» دېدى. ئابۇش ئاپىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئاخىر ساۋۇتئاخۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابۇشقا قارىدى: «قورسىقىڭدا نېمە باركىنتاڭ سېنىڭ، ھەممە ئادەم مۇشۇ غۇلجىغا كېلىۋاتسا، سەن خوتەنگە بارىمەن دەيسەن، ھەرھالدا ياخشى ئويلا، بالام» دېدى. ئابۇش: «مەندىن خاتىرجەم بول دادا، شەھەر كۆرگەچ بىر ئايلىنىپ كەلمەمدىم؟!» دېدى. «ئەمىسە، ئايالىڭ بىلەن بالاڭنىمۇ ئېلىۋال، ئۇلارمۇ سەن بىلەن يۇرت كۆرۈپ كەلسۇن» دېدى، ئابۇش گەپ قىلمىدى . ئۇ دادىسىنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلەتتى، ئۇ دادىسىغا: «ئاينۇر مەكتەپتە ئىشلەۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابخانىنىڭ ئىشلىرىمۇ بار. باشتا مەن بىر كۆرۈپ كېلەي، ئۇلارنى كېيىنرەك ئاپىرىمەن» دېدى.

ئابۇش يولغا چىقىش ئۈچۈن يوشۇرۇن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ تىقىپ قويغان ئاشۇ دوللارنى ئاز ـ ئازدىن قىلىپ

ئۇچ ـ تۆت كۈندە بىر قېتىم بازارغا ئاچىقىپ، خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇپ تۇردى، مۇشۇ ئىشقا بىر ئاي ۋاقىت كەتتى. ئۇ سىڭلىسىنى كاندىن بالدۇرلا ئەكىلىۋالغانىدى، ئۆيدە بالىغا قارايدىغان، تاماق ئېتىدىغان ئىشلارغا سېلىپ، ئاينۇرنى ئوبدانلا خاتىرجەم قىلدى. مۇشۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئابۇش ئاينۇرنى بازارغا ئاچىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماگىزىن ئايلاندى، يېقىندىن بېرى ئۇ ئوبدانلا ھۆنەر ئىشلىتىپ، ئاينۇرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاينۇرنى شەھەردىكى چوڭ بىر سودا سارىيىغا ئېلىپ كىردى. سارايدا ھەممە نەرسە بار ئىدى. ئابۇش ئاينۇرنى ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان ئورۇنغا ئەكىلىپ، ئۇنى ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان جابدۇقلارغا قىزىقتۇرماقچى بولدى.

— سىزگە بىر ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بېرەي، ئاينۇر، — دېدى ئابۇش ئەينەك پەشتاختا ئىچىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن بىلەزۈكلەرگە قاراپ.

— ياق ئابۇش، مەن بۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيمەن، ماڭا ياراشمايدۇ، ئۇنداق نەرسىلەرنى ئارتىس قىزلار سالسا بولىدۇ، — دېدى ئاينۇر.

— ئەمىسە، ئۈزۈك ئېلىپ بېرەي!

— ئۈزۈكۈم بار.

— ئەمىسە، نېمە ئېلىپ بېرىمەن؟ — دېدى ئابۇش كۈلۈپ، ئۇ تىرىشىپ ئاينۇرنىڭ مەيلىنى ئۆزگە تارتىۋاتاتتى.

— چەت ئەلنىڭ مىڭ نەچچە يۈز سۇملۇق قەلىمى بار، ئەمىسە، ماڭا شۇ قەلەمنى ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى ئاينۇر.

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇ قەلەمنى ئالايلى، مۇنۇ ئالتۇن بىلەزۈكتىنمۇ بىرنى ئېلىپ بېرەي، كېيىن ئەسلەپ قالسىز، «ئابۇش خوتەنگە مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئېلىپ بەرگەن دەيسىز» دەيمەنغۇ! — دېدى ئابۇش گەپ ئويىنىتىپ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، سىز خوتەنگە بېرىۋېلىپ كەلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟! — دېدى ئاينۇر ئابۇشقا قاراپ، ئۇنىڭ قوي

كۆزلىرى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، ئاينۇر. مەن مۇشۇ ئۆمرۈمدە سىزدىن ئايرىلسام، يېگىنىم چىرايىمغا چىقمايدۇ، سىزنى ماڭا خۇدايىم بەرگەن، مەن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچەلەيمەن، لېكىن سىزدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايمەن. مەن ھەرقانداق ئىشتا سىزگە جېنىم بىلەن جاۋاب بېرەلەيمەن، ئاينۇر...

— مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ئابۇش، يېقىندىن بېرى بىز جىق پاراڭلىشالمىدۇق، ئەگەر يولغا چىقىپ قالسىڭىز، مەن سىزگە قالغان گەپلەرنى تېلېفوندا دەيمەن، ئەر - خوتۇنلار داۋاملىق بىر - بىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇشى كېرەك، ئابۇش. شۇ ۋاقىتتا بىر - بىرىمىزنىڭ قېنى قېتىلىدۇ، مېنىڭ قولۇمغا بىر پارچە گۆش چىقىپ قالسا سىزنى ئەسلەيمەن، سىز ئاددىي بىر داستىخاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرسىڭىزمۇ مېنى ناشتا قىلدىمىكىن دەپ يۈرىكىڭىزدىن ئەسلەيسىز. شۇ ۋاقىتتا بىز بىر ئادەم بولۇپ كېتىمىز، ھەتتا سىزنىڭ كۆلەڭگىڭىزمۇ مەن ئۈچۈن مۇستەھكەم داچا، ئابۇش، — دېدى ئاينۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى ياشقا لىق تولدى...

«ھەي، مۇشۇنداق ئىشلاردا ئۇسۇلغا دىققەت قىلمىدىم، خۇدايىم بەرگەن بۇ ياخشى خوتۇننى رەنجىتىپ قويىدىغان بولدۇمدە!» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— شۇنداق، ئاينۇر، ھەرگىز رەنجىمەڭ، بەلكىم مەن بەزى ئىشلاردا كاندىكى مىجەزىم بويىچە ياشاپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن قەلبىمدە قىلچىلىك كىر يوق، — دېدى ئابۇش.

ئاينۇر باشقا يەرگە قاراپ تۇرۇپ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئابۇش ئىچىدە: «مەن ئۆزۈمنى ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭغا تولۇق چۈشەندۈرىمەن» دېدى.

— ئەمىسە، قەلەم ساتىدىغان يەرگە بارايلى، ئاينۇر، — دېدى ئابۇش.

ئۇلار مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان يەرگە كېلىپ، قەلەم ساتىدىغان ئورۇننى ئىزدەپ تاپتى. ئابۇش مال ساتقۇچى قىزغا:

— ئەڭ ياخشى قەلەمىڭىزدىن ئېلىڭ، سىڭلىم، بىز كۆرەيلى، — دېدى.

قىز چەت ئەلنىڭ «پېك» ماركىلىق قەلەمىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ ئەينەكنىڭ ئۈستىگە تىزدى، قەلەملەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق، پۇختا ئىدى، ئەڭ تۆۋەن باھادىكىلىرىمۇ بەش يۈز سومدىن ئاشاتتى. ئايىنۇر بىر مىڭ ئىككى يۈز سوملۇق قەلەمدىن بىرنى قولىغا ئالدى. ئۇ قەلەمنى قاپچۇقىدىن چىقىرىپ، قەلەمنىڭ ئۇچىنى كۆردى. قەلەم ئۇنىڭغا يارىغاندى. ئۇ قەلەمنى ئابۇشقا بەردى:

— سىز كۆرۈپ بېقىڭ، مۇشۇ قەلەم بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— ئۆزى كۆركەم، پۇختا قەلەمكەن ئايىنۇر، مۇشۇ قەلەمنى ئالسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى ئابۇش.

ئەسلىدە ئۇ قەلەم تونۇمايتتى، ئايىنۇرنىڭ ھېسسىياتىغا ماسلىشىپ قەلەمنى ماختاپ قويدى.

— ئەمسە، مۇشۇ قەلەمنى ئالايلى، ئابۇش. مەن ياخشى قەلەمنى ئالتۇندىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن، چۈنكى قەلەم مېنى ئادەم قىلغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەلەم روناق تاپقۇزىدۇ، — دېدى ئايىنۇر.

— شۇنداق، ئايىنۇر، سىز نېمىنى ياخشى كۆرسىڭىز، مەن شۇنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ئۇ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، مال ساتقۇچى بەرگەن تالوننى ئېلىپ، كاسسا ئالدىغا بېرىپ پۇل تۆلىدى، ئاندىن قىزىل تامغا بېسىلغان تالوننى پەشتاختىدىكى قىزغا ئەكىلىپ بەردى. ئايىنۇر چىرايلىق قۇتىغا سېلىنغان قەلەمنى ئالدى. ئۇلار سودا سارىيىدىن چىقىپ كەتتى.

«مەيلى، ئابۇش بېرىپ كەلسۇن، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلىۋالسۇن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر!» دېدى ئايىنۇر يولدا كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە.

# 13

ئابۇش ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئابۇش ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن ئويناپ قالدى. ئۇ ئۇلارغا ئوشۇقچە گەپ قىلمىدى، پەقەت «خوتەنگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلىمەن. دەم ئېلىشقا چىقىپ ئازادە بولۇپ قالدىم» دېدى. ساۋاقداشلار ئۇنىڭ بالدۇرلا دەم ئېلىشقا چىققۇلغان ئىشىدىن خۇشال بولدى. «ئاداش، بىز ئاز دېگەندە يەنە ئون نەچچە يىل ئىشلەيمىز، بىز بىر يىلى مۇنداق بىر يۇمۇر ئاڭلىغان: بىرى سىرتتىن كەلگەن بىر ئادەمدىن: ‹ئىلىخو دېگەن قانداق يەركەن؟› دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئاداش ‹ئۇنى بىر دېمەڭلار، ئىلىخودا يىغىۋېلىش دېگەن بىر يەر بار ئىكەن، يىغىۋالدى، كوركىرىتىپ ئۇماچ بېرىۋاتىدۇ، ئانىكامنى ئاچقىۋالايمىكىن› دەپتىكەن، دېمەك، ئىلىخو ھەقىقەتەن ئوبدان يەر ئىكەن، مانا سەن بالدۇرلا ئارام ئېلىشقا چىقىۋاپسەن، بىزمۇ غۇلجىدا بولغان بولساق، ساڭا ئوخشاش دەم ئېلىپ، ساياھەت قىلىپ يۈرەتتۇق» دېيىشتى. ساۋاقداشلار ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى، ئابۇش روھلۇق ھالدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئابۇش ئەينى يىللاردا ئۇرۇمچىدە ئوقۇغاندا مەتنىياز بىلەن ياخشى چىقىشاتتى. مەتنىياز كېلىشكەن، تېتىك يىگىت ئىدى. سىنىپتا بىرەر پائالىيەت بولۇپ قالسا، ئۇ ئابۇشقا يېقىندىن ماسلىشاتتى، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئۇ سۆزلەپ تۇرىدىغان، ئويناپ تۇرىدىغان، دەرستىمۇ كەينىدە قالمايدىغان ئابۇشقا ھەقىقەتەن قايىل ئىدى. ھەر قېتىم تەتىلدىن كېيىن

كەلگەندە، ئۇ ئەكەلگەن ئۈزۈم، ياڭاقلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئابۇش يەيتتى. مەتنىياز مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بىرىنچى قېتىم غۇلجىغا كەلگەندە، ئىران نۇسخىلىق قىلىپ بىر پارچە گىلەم توقۇپ ئابۇشقا ئالغاچ كەلگەنىدى. ئابۇش گىلەمدىكى گۈللەرگە قاراپ، خوتەن خەلقىنىڭ ھۈنىرىگە ھەقىقەتەن قايىل بولغانىدى. گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ساۋاقدىشىم ئابۇشقا تەقدىم» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەنىدى. ئابۇش بۇ گىلەمنى ئارزۇلاپ، كاندىكى ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغانىدى، ئابۇشنىڭ مەتنىياز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنچىل ياخشى ئىدى. ئۇ خوتەنگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە مەتنىيازغا تېلېفون بېرىۋەتكەنىدى.

خوتەندە مەتنىياز ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى.

ئابۇش خوتەنگە بېرىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، مەتنىياز خۇشال ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، مەتنىياز كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئۇنىڭ قاپقارا بۇرۇتلىرى چېھرىگە شۇنچە ياراشقانىدى، ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— قارشى ئالىمىز، ساۋاقداش، سىنىڭ كېلىدىغان خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى مەتنىياز.

— ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، مەتقاسىم؟ سېنى بەك سېغىندىم، ئاداش. شۇڭا، مانا ئىسىم - فامىلەڭنى تولۇق ئاتىۋەتتىمغۇ! — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ياخشى، ساۋاقدىشىم، ياخشى، ھەرنېمە بولسىمۇ بىر كەلدىڭ، ئاداش. سىلەر ئىلىخونىڭ ئادەملىرى ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ھېچ يەرگە بارماي ياشايدىكەنسىلەر، نەچچە يىلدىن بېرى تولا تەكلىپ قىلىپ ھېرىپ قالدىم. مانا ئەمدى ئۆزۈڭ كېلىپسەن، بەك ياخشى بولدى، ئاداش. ماڭە ئۆيگە بارىمىز، — دېدى مەتنىياز.

مەتنىياز يەردىكى سومكىنى چاقانلىق بىلەن قولىغا ئالدى، ئاندىن ئابۇشنى باشلاپ يولۇچىلار بېكىتىدىن چىقتى ۋە

ماشىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— نوچى ماشىنىدىن بىرنى ئېلىۋاپسەنده، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— خۇدانىڭ بەرگىنى، ئاداش، — دېدى مەتنىياز كۇلۇپ.

— مەن سەندىن بىر ئىشنى سورايمەن دەپلا ئۇنتۇپ قالىمەن، ئاداش. خوتەنگە تۇنجى قېتىم ماشىنا كەلگەندە، كىشىلەر بۇ تۆمۈر كالىنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالمىسۇن دەپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا بېده سېلىپ بەرگەن ئىش راستمۇ؟ — دېدى ئابۇش كۇلۇپ.

— سىلەر ئىلىخونىڭ ئادەملىرى بەك چاقچاق قىلىسىلەر، ھەما ! — دېدى مەتنىياز.

— ياخشى، ئاداش. پۇل تېپىپسەن، باي بوپسەن، نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى ئابۇش.

مەتنىياز ماشىنىنى قوزغىدى.

ئابۇشنىڭ كۆزلىرى تالادىكى مەنزىرىلەرده ئىدى، مەتنىياز ئۇنى بىردەمدىلا گۇلباغ مەھەللىسىدىكى ئۆيىگە ئەكەلدى. مەتنىياز ماشىنىنى يوغان قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ سىگنال بەردى. بىر ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. مەتنىياز ماشىنىنى ھويلىغا ھەيدەپ كىردى. ئۇ ماشىنىنى باراڭ ئاستىدا توختىتىپ، ماشىنىدىن چۈشتى، ئاندىن قېشىدىكى ئابۇشقا ئايالىنى تونۇشتۇردى.

— بۇ مېنىڭ ئايالىم پاتەمخان بولىدۇ، ئاداش، — دېدى ئۇ كۇلۇپ، ئاندىن ئابۇشنى ئايالىغا تونۇشتۇردى.

— مانا بۇ غۇلجىدىن كەلگەن ئابۇش دەيدىغان ساۋاقدىشىم، خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى سېنى غۇلجىغا ئاپىرىمەن، — دېدى مەتنىياز كۇلۇپ.

— قارشى ئالىمىز، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— نەچچە يىل بولدى، غۇلجىغا ئاپىرىمەن دەيسىز، پەقەت شۇ ئاپىرىپ بولالمىدىڭىز مېنى، — دېدى پاتەمخان كۇلۇپ.

— ئەمدى ئاپىرىمەن، خوتۇن. مانا ئەمدى ئابۇش كەلدى، ئەمدى بىزنىڭ يولىمىز ئېچىلىدىغان بولدى، — دېدى مەتنىياز.

مەتنىياز ئابۇشنى ئۆيگە باشلىدى، ئابۇش ئېگىز پەلەمپەيدىن چىقىپ، كاتتا بېزەلگەن سارايغا كىردى، ئۇ ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى.

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېدى مەتنىياز دۇئا قىلىپ.

— ھە، باللىرىڭ، ئاتا ـ ئانىلىرىڭ ياخشىمۇ ئاداش؟ — دېدى ئابۇش يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سوراپ.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاداش، باللار ياخشى، ئىككى ئوغلۇم بار، چوڭلارمۇ ياخشى، ھەرنېمە دېگەنبىلەن بىر كەلدىڭ، ئاداش! — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ.

— دەم ئېلىشقا چىقىۋالدىم، ئاداش. بىر كۈنى ئولتۇرۇپ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدىكى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن سېنى ئەسلىدىم. توختا، خوتەنگە بىر بېرىپ كېلەي دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپلا يولغا چىقتىم، — دېدى ئابۇش.

— بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، ئاداش. ساڭا مىڭ رەھمەت، ئايالىڭنى ئېلىپلا كەلگەن بولساڭ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى!

— ئايالىم مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، ئەتىل بولغۇچە بىر يەرگە بارالمايدۇ، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە كېيىن، ئەتىلدە ئەكىلەرسەن، ئاداش، — دېدى مەتنىياز.

پاتەمخان مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىش ئۇچۇن ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئابۇش ئۆزۈم يۇياي دەپ پاتەمخاننىڭ قولىدىن ئاپتۇۋىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، مەتنىياز ئۇنىماي، ئايالىنىڭ قولىدىن ئاپتۇۋىنى ئۆزى ئېلىپ، ئابۇشنىڭ قولىغا سۇ بەردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قولىنى يۇيۇپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى سىرتقا ئاچىقىپ قويۇپ، ئابۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۆيۈڭنى بەك كاتتا سېلىۋاپسەن جۇمۇ، ئاداش، — دېدى ئابۇش كۆركەم نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن تاملارغا قاراپ.

— خۇدانىڭ بەرگىنى، ئاداش، — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ.

— خۇدايىم بەرگەندىمۇ ساڭا ئوبدان بىرىپتۇ جۇمۇ، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— ھازىرقى كۈندە پۇل تاپمىساق بولمايدىكەن ئەينا، ئاداش، — دېدى مەتنىياز.

— راست دەيسەن ئاداش، قورۇيۇڭ بىر مودىن ئاشىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، بىر مودىن ئاشىدۇ. ئەسلىي كىچىك قورۇ ئىدى، قوشنام قورۇسىنى ساتىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۆزۈم ئېلىپلا قورۇيۇمغا قوشۇۋالدىم.

— ياخشى بوپتۇ، ئاداش.

پاتەمخان يوغان بىر لېگەن لوق گۆش كۆتۈرۈپ كىردى، ئاپئاق چامغۇر گۆشلەرنىڭ ئارىسىدا مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى ئابۇشنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. پاتەمخان گۆشنى ئابۇشنىڭ ئالدىغا قويدى. مەتنىياز مېھماننى تاماققا تەكلىپ قىلدى. پاتەمخان كەينىگە يېنىپ پەسكە چۈشۈپ، يەنە بىر چوڭ پەتنۇستا ئىككى ئاپقۇر ئۇگرە كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئاداش، ماۋۇ ئۇگرە بىلەن گۆش تازا سىڭىدۇ، چوڭ - چوڭ ئال، ئاداش، خوتۇنۇم گۆش پىشۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمايدۇ، قارا. شورپىسىغا ئۇگرە قىلىپ ئەكىرىدۇ، سەل خام چىقىپ قالدى بۇ خوتۇن، — دېدى مەتنىياز. پاتەمخان ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىتتىككلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، تاماقنى بىر ئوبدان ئېتىپتۇغۇ مانا، — دېدى ئابۇش.

— ھارامزادە بولۇۋالدى بۇ خوتۇن، ئۆيدە نان ياقمايدىغان بولۇۋالدى قارا! — دېدى مەتنىياز.

ئابۇش بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— بەك تاتلىق پىشىپتۇ، ئاداش. مۇشۇنداق مەززىلىك گۆش

پىشۇرىدىغان خوتۇننى ئەيىبلىسەڭ بولمايدۇ، ھەممە يەردە شۇ، بىزنىڭ شەھەردىمۇ شۇنداق، ھازىر شەھەرنىڭ خوتۇنلىرى قېشىمىز كۆيۈپ كېتىدۇ دەپ نان ياقمايدۇ، — دېدى ئابۇش.

— مۇنداقلا دەيمەنغۇ، ئاداش. شۇڭا مۇشۇ كۈندە بىر ئەرگە بىر خوتۇن يېتىشمەيدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى مەتنىياز.

— خوتۇننى ئىككى قىلىۋاپسەنده ! — دېدى ئابۇش مەتنىيازنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— تاماققا بەك ئۇستا ئاداش، بەك ئۇز، ئانارنىڭ گۈلىدەك ! كېيىن بىر كۈنى ئاپىرىمەن.

— پاتەمخان بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ.

— جېدەل قىلمامدۇ؟

— جېدەل؟ جېدەل قىلسا ھەيدىۋەتمەمتا ئۇنداق بىرنېمىنى ! خوتەنيا ماۋۇ، ئىلىخودەك مەزلۇم كىشىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان يەر ئەمەس بۇ !

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

— سېنىڭ مىجەزىڭ ئۆزگەرمەپتۇ، ئاداش.

— خوتەندە مىجەز ئۆزگەرمەيدۇ، ھاي. بىر ئوغۇل بالا يەتتە قىزغا توغرا كېلىدىغان يەر تۇرسا بۇ! — دېدى مەتنىياز.

ئابۇش قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— غۇلجىلىقلارنى خوتۇنىدىن قورقىدىغانغا چىقىرىۋەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ئاڭلىغان گەپ، ئاداش. قېنى، تاماققا باقە، يېيەلمەيسەنغۇ، ئوغۇل بالا دېگەن گۆش يەپ تۇرغۇلۇق، گۆش دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ دورىسى ئەمەسمۇ !

— ئېلىۋاتىمەن، ئاداش...

— ئەمدى، ئاداش، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ھاراق ئىچمىگەندىكىن ئۆيدە ئاشۇ نەرسە يوق، ئىچىدىغان ئىشنى ئەتە قىلىمىز، مەن ئەتە ئەل ـ ئاغىنىلىرىمنى چاقىرىمەن، ئويۇننى ئەتە

ئوينايمىز، — دېدى مەتنىياز.

— رەھمەت، ئاداش. سېنىڭ مۇشۇ هاراق ئىچمەيدىغان ئىشىڭ ياخشىدە، ئاداش. مانا مەن مۇشۇ كونگچە بۇ نەرسىنى تاشلىيالماي يۈرمەمدىم.

— ئەمدى سەن تاشلىيالمايسەن، ئاداش. ئەگەر خوتەندە بولغان بولساڭ تاشلىۋېتەتتىڭ، — دېدى مەتنىياز.

— راست، راست دەيسەن، ئاداش، — ئابۇش ئىككى پارچە گۆشنى يېگەندىن كېيىن ئۆگرىنى هۇزۇلىنىپ ئىچتى. ئۇ ئېشنى ئىچىپ بولۇپ، هە دەپ ئۆينىڭ ئۇستىدىكى نەقىشلەرگە قارىدى.

— سەن بەك ئاز تاماق يەيدىكەنسەن، يەنە بىر پارچە گۆش ئالە، ئاداش، — دېدى مەتنىياز.

— قورسىقىم تويۇپ قالدى، ئاداش، بولدى، رەھمەت، — دېدى ئابۇش.

— ئەمىسە، پاتەمخان بۇ گۆشلەرنى ئاچىقىپ كەتسۇن، بىر شىشە هاراق بولغان بولسا تۇگەپ كېتەتتى بۇ گۆشلەر!

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

مەتنىياز ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، دېرىزىدىكى قوڭغۇراقنى ئېلىپ ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ چالدى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، مەتنىياز؟ — دېدى ئابۇش هەيران بولۇپ.

— خوتۇننى چاقىرىدىغان قوڭغۇراق بۇ، توۋلىسام ئۇنۇم بەك سەت چىقىدىكەن، — دېدى مەتنىياز.

ئابۇش قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قىلمايدىغان ئىشىڭ يوق ـ هە، ئاداش سېنىڭ، ئېسىڭدە بارمۇ، ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقاندا بىر كۈنى قەشقەرلىك ياسىننىڭ يانچۇقىغا بىر پاقا سېلىپ قويۇپسەنكەن!

— هە، شۇ ۋاقىتتا مەن ياسىن بىلەن ئۆچەكشىپ قالغان، ئاداش، ئۇ يېتىم پەقەت ئېتىمنى چاقىرمايدۇ، «هەي خوتەنلىك،

خوتەنلىك» دەپلا ۋارقىرايدۇ، بىر كۈنى سىنىپقا كىتىۋاتسام، ئىرىق ئىچىدە ئويناۋاتقان بىر قومچاقنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇتۇپ سىنىپقا ئەكىرىپ، ياسىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدىم...

— خەقنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىسەندە، ئاداش، سەن ! — دېدى ئابۇش كۈلۈپ، — ھە، ئاڭلىسام ئىدارەڭدىن چىكىنىپ چىقىۋاپسەنغۇ؟ !

— شۇنداق بولدى، ئاداش. قارىسام ھەممە ئادەم پۇل تېپىش بىلەن بولۇپ كەتتى، نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئىدارەمدىن چىقىۋالدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، خوتەندە ئۈنچىلىك جىق كان يوق، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەنتەربىيە ئىدارىسىدە ئىشلىدىم، قىلىدىغان ئىش يوق ئىدارە ئىكەن ئۇ، ئايلاپ - ئايلاپ بىكار يۈرىمىز، يازدا بىرنەچچە مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى بولىدۇ، بىر توپنى ئون نەچچە ئادەمگە تاشلاپ بېرىمىز، ئۇنى كۆرىمىز دەپ بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىدۇ، ئاخىردا ئۇتقىنى خۇشال بولۇپ، ئۇتتۇرغىنى سولىشىپ مەيداندىن يوقىلىدۇ، ئاخىر كەلگۈلۈك بىچارە توپقا كېلىدۇ، ۋايجان، ۋايجان، دەپ بولۇڭدا ياتىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ ئىشلار مېنى زېرىكتۈردى. مەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئىدارىدىن چىقىپ كەتتىم. داداممۇ مېنى قوللىدى: «بوپتۇ بالام، رىزقىڭ بازاردا ئوخشايدۇ، مەن بىلەن ئوقەت قىل، ھۈنەر ئۆگىنىپ قالىسەن» دېدى. دادام خوتەندە خېلى داڭقى بار كاۋاپچى، تونۇر كاۋىپىنى بەك ياخشى پىشۇرىدۇ، خېرىدارىمۇ جىق، كۈنگە يىگىرمە نەچچە قوينىڭ گۆشى تۈگەيدۇ. بەزىلەر يىرىمدىن قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ ماڭىدۇ، مەن ھە دېگەندە ئىدارىدىن يېنىپ چىقىپ دادام بىلەن بىللە ئىشلىدىم، ھۈنەرنى ياخشى ئىگىلىدىم، لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم، ئوچۇقىنى ئېيتسام، قولۇم پۇل كۆرمىدى، شۇ دادامغا ئىشلەيمەن، كۈندە خەجلەيدىغان پۇلۇمنى بېرىدۇ، لېكىن قالغان پۇلغا ئىگە بولالمايمەن، ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلالمايمەن. بىر كۈنى

بىر ئىش باھانە بولدى، مەن بىرنەچچە چوڭ تونۇر سالايلى دېدىم، موزاينىڭ گۆشىدىنمۇ كاۋاپ چىقىرايلى دېدىم، لېكىن دادام قوشۇلمىدى، «تونۇر كاۋىپى دېگەننى قوينىڭ گۆشى بىلەن ئەتمەمدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئەمىسە، دادا، مەن باشقا ئىش قىلىمەن» دەپ دادامنىڭ قولىدىن بوشىدىم. بىرنەچچە ئاغىنەم گىلەم بازىرىدا گىلەمچىلىك قىلاتتى. مەن دادامدىن ئوبدانلا دەسمايە ئېلىپ، گىلەم بازىرىغا كىردىم. ھە دېگەندە ئاغىنىلىرىم ماڭا ياردەم قىلدى، مۇشۇ بازاردا بىرنەچچە يىل گىلەم سودىسى قىلدىم. بەزىدە قەشقەر، بەزىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ گىلەم سېتىپ كېلىمىز. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھېلىقى يىلى غۇلجىغىمۇ باردۇق. ئىشقىلىپ چوڭ - چوڭ شەھەرلەرگە ئىككى قېتىمدىن بېرىپ كەلدىم، نوچى گىلەملەر قەشقەردە سېتىلىدۇ، قەشقەرنىڭ ئادەملىرى مال تونۇيدۇ، ھەي، گىلەمنىڭ نوچىسىنى ئالىدۇ ئەمەسمۇ ئۇ خەق. ئەمما، ئاداش، سىلىنىڭ يۇرتىنىڭ ئادەملىرى مال تونۇمايدىكەن ماقىما، ناچار گىلەمنىمۇ بەك ئالىدىكەن ئەمەسمۇ، ئادەملىرىڭلار گىلەم توغرىسىدا ئاساسەن ساۋاتسىز ئىكەن، قانداق گىلەم ياخشى، قانداق گىلەم ناچار چۈشەنمەيدىكەن، ئەمدى ھازىر تەجرىبىلىك بولۇپ قالغاندۇ. شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە يىل گىلەم سودىسى قىلدىم، پۇلنىمۇ ئوبدان تاپتىم. كېيىن قارىسام، بازاردا قاشتېشى پۇل بولۇپ كەتتى، تاش كۆندىن - كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئىچكىرىدىن كېلىدىغان تاش سودىگەرلىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. خەنزۇلار ئىچىدە قاشتېشى توغرىسىدا مۇنداق گەپ بار: «ئالتۇننىڭ باھاسى بار، قاشتېشىنىڭ باھاسى يوق». شۇڭا، ئۇلار قاشتېشىنى ئېلىپ ساقلايدىكەن، بىرى، ھوزۇرلىنىدىكەن، يەنە بىرى، قىممىتى ئاشىدۇ دەپ ساقلايدىكەن. قارىسام، ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يۈرگەن ئادەتتىكى تازلار بىر - ئىككى ئاي ئىچىدىلا پۇل تېپىپ باي بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گىلەمچىلىكنى قايرىپ قويۇپ، مەنمۇ تاش بازىرىغا كىرىپ كەتتىم. راست دېگەندەك بىر يىل

ئىچىدە ئون نەچچە يىل گىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلنى تېپىپ بولدۇم. خەنزۇلار بەك ئالىدىكەن ئەمەسمۇ بۇ تاشنى، قولىمىزغا قاشتاش چۈشۈپ قالىدىغان بولسا دېگەن پۇلغا ساتىمىز ئەمەسمۇ! تاش كولايدىغان ئون نەچچە ئادەم بىلەن ئالاقە باغلىۋالدىم. تاش چىقسا ماڭا تېلېفون قىلىدۇ. بېرىپ سودىلىشىپ تېشىنى ئالىمەن، نېمىسىنى دەيسەن، ئاداش. تاش ئېلىپ ـ ساتىدىغان ئادەملەر كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، دېھقانلارمۇ يېرىنى تېرىماي تاش كولايدىغان بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن، هازىر گىلەم توقۇيدىغان هۈنەرۋەننى تاپقىلى بولمايدىغان بولدى، گىلەم توقۇيدىغان بالىلارنىڭ هەممىسى خوجايىنلارغا ياللىنىپ دەريا بويىدا تاش كولاۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈندە تاشقا ئوت كەتتى، ئاداش ! — دېدى مەتنىياز.

— مۇنداق دە، ئاداش. بېشىڭدىن جىق ئىش ئۆتۈپتۇ سېنىڭ، ياخشى قىپسەن، هەممىدىن مۇشۇ تاش بىلەن هەپىلەشكىنىڭ ياخشى بوپتۇ، مەنمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپ ئەهۋال ئوقۇپ باقاي، ئاداش، ئەگەر ئەپلىشىپ قالسا، ساڭا ياردەملىشەي، ئازراق پۇلۇم بار، ماڭىمۇ مۇشۇ تاشچىلىقنى ئۆگىتىپ قويامسەن ! — دېدى ئابۇش.

— ياخشى، ئوبدان گەپ قىلدىڭ، ئەگەر ئىككىمىز بىرلەشسەك، ئىشىمىزدىن گۈل چىقىپ كېتىدۇ. سەن خەنزۇچىنى ياخشى بىلىسەن، ياخشى تاشلاردىن ئېلىپ بىۋاستە شاڭخەيگە ئاپىرىپ ساتىدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا ئىشلار باشقىچە بولىدۇ، ئاداش، — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ.

— قېنى، خۇدا بۇيرۇسا شۇنداق قىلارمىز، — دېدى ئابۇش.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئاداش. خوش، ساڭا بىر ئۆي راسلاپ قويغان، بىردەم ئارام ئېلىۋال، قالغان گەپلەرنى ئاخشاملىققا قىلىشىمىز، ساڭا دەيدىغان جىق گەپلەر بار، خوتەن دېگەن ئېسىل يەر بۇ، ئاداش. بىراقلا خوتەنۇنۇڭنى ئېلىپ قايتىپ كېلەمسەن تېخى، — دېدى مەتنىياز چاقچاق قىلىپ.

— خوتۇنۇمنى سۆرەپ يۈرمەي، ئاداش. مۇشۇ يەردىنلا بىرنى ئالمايمەنمۇ! — دېدى ئابۇش چاقچاق قىلىپ.
— مانا ئەمدى غۇلجىلىقتەك گەپ قىلدىڭ، قولىقىڭغا قىسىۋالغۇدەك قىزلار بار، هاي! — دېدى مەتنىياز.
ئابۇش كۈلدى. مەتنىياز ئابۇشنى يەنە بىر ئۆيگە ئاچىقىپ قويدى، ئۇ ئابۇشقا:
«ئەمىسە، بىردەم ئارام ئال ئاداش، مەن سىرتقا چىقىپ كېلەي، ئازراق ئىشىم بار ئىدى، شاڭخەيدىن تاش ئالغىلى كەلگەن بىرى بار ئىدى، مەن شۇ يېتىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، هايال بولمايمەن، — دېدى مەتنىياز.
ئابۇش «ماقۇل» دەپ ئۆيدە ئۇخلاپ قالدى، مەتنىياز ماشىنىسىنى هەيدەپ تاش بازىرىغا كەتتى.
ئۇلار كەچتە ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى، ئابۇش ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدىكى بىر ساۋاقدىشىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. مەتنىياز ئۆزىنىڭ بازاردا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ بەردى، ئابۇش ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كاندىن شەهەرگە يۆتكىلىپ كىرگەن يىلدىن باشلاپ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا ئابۇش مۈگدەپ قالدى، مەتنىياز:
— ئەمىسە، دەم ئال، ئاداش، ئەتىگەنلىكتە ئويغاتمايمەن، ئورنۇڭدىن قاچان تۇرغۇڭ كەلسە شۇ ۋاقىتتا تۇر، ئەتە ياخشى دەم ئېلىۋال، كەچتە ئولتۇرۇش ئوينايمىز، مېنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىم بىلەن تونۇشۇۋال — دېدى. ئابۇش ماقۇل ئەمىسە دەپ ئوخلاپ قالدى.
ئابۇش سەهەر تۇرۇپ كەتتى، ناشتىدىن كېيىن مەتنىياز ئۇنى بازارغا ئېلىپ كەتتى، ئۇلار تاش بازىرىغا كېلىپ، مەتنىيازنىڭ دۇكىنىغا كىردى.
مەتنىيازنىڭ دۇكىنى بەش قەۋەتلىك تاش بازىرىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئىدى، يەنە كېلىپ ئىشىكتىن كىرىپ ئوڭ تەرەپتىكى دۇكانلارنىڭ كۆزى هېسابلىنىدىغان بىرىنچى دۇكان

ئىدى. دۇكاننىڭ ئىچى خېلى ئازادە ئىدى، ھەممە يەرگە تاش تىزىلغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇراھال تاشلار ئىدى، بىرىنچى دەرىجىلىك تاشلار مەتنىيازنىڭ قولىدىكى كىچىك تۆمۈر چامادانىدا ئىدى. ئۇلار ماگىزىنغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەتنىياز دۇكاندىكى تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئابۇشقا بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تاشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا مەتنىياز قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان تۆمۈر چامادانىنىڭ ئىچىدىن ئالىي دەرىجىلىك تاشلارنى چىقىرىپ، ئۇ تاشلارنى ئۇنىڭغا بىر – بىرلەپ كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ تاشلارنى ئادەتتىكى تاشلار بىلەن سېلىشتۇردى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك تاشنىڭ سۈزۈكلۈكى، ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— مانا، بۇ ئىككى خىل تاشنى سېلىشتۇرۇپ قارا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئالىي دەرىجىلىك تاش، ئىچىدىن سۈزۈك، ماۋۇ تاشتەك تۇتۇق ئەمەس، كۆرسەڭ كۆرگۈڭ كېلىپ تۇرىدۇ، ئادەتتىكى تاشلار بىلەن ئالىي دەرىجىلىك تاشلارنى مۇشۇنداق ئايرىيمىز، بۇنىڭدىن كېيىن سەن جىق كۆر، سېلىشتۇرۇپ كۆر، شۇنىڭدا تاشنى تېزدىن ئىگىلەپ قالىسەن، ئاداش... خاتىرجەم بول، خۇدا بۇيرۇسا، خوتەننىڭ ھەممە نەرسىسىگە قىزىقىپ قالىسەن تېخى، — دېدى مەتنىياز چاقچاق قىلىپ.

— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭە، ئاداش، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— بىز خوتەننىڭ ئادەملىرى ياۋاش ئەينا، سىلەرگە ئوخشاش قەدەمدە، كۈندە بىر كەلتۈرمەيمىز، — دېدى مەتنىياز.

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

دۇكانغا بىرنەچچە خېرىدار كىردى. مەتنىياز ئابۇشقا:

— ئۆزۈڭ بىردەم ئەركىن بازار ئايلان، ئاداش. سودا بولغان يەرگە بېرىپ قاراپ تۇر، شۇنىڭدا خېلى ئىشلارنى بىلىپ قالىسەن، — دېدى، ئاندىن كىرگەن خېرىدارلار بىلەن پاراڭغا

چۆشۈپ كەتتى.

ئابۇش دۇكاندا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى، ئۇ دۇكان ئارىلاپ بازار ئەھۋالىنى ئۆگەندى.

چۈشتە مەتنىياز ئابۇشنى داڭلىق گۆشگىردە ساتىدىغان بازارغا ئاپاردى.

گۆشگىردىخانىدا ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرمەي سىرتتا ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن، مۇلازىمەتچى يىگىت مەتنىيازنىڭ بۇيرۇشى بىلەن تۆت گۆشگىردە ئەكىردى. مەتنىياز ئابۇشنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئابۇش قولىغا بىر گۆشگىردىنى ئالدى، ئۇ گۆشگىردىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئاجرىتىپ، ئوڭ قولىدىكى ئۇل تەرىپىنى ئاغزىغا كەلتۈرۈپ سىلىپ بىر چىشلىدى.

— تەمى بەك ياخشى ئىكەن، مەتنىياز. ھەقىقىي گۆشگىردە دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن. ئېسىمدە بار، بىز ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقاندا سەن بىر قېتىم مېنى بىر يەرگە ئاپىرىپ مۇشۇنداق گۆشگىردە بىلەن مېھمان قىلغانىدىڭ. مانا بۇ گۆشگىردە ئاشۇ گۆشگىردىدىن ياخشى ئىكەن جۇمۇ! — دېدى ئابۇش.

— شۇنداق، ئاداش. خوتەن بويىچە ئەڭ نوچى گۆشگىردە مۇشۇ يەردە. پۇلۇڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە كېتىدۇ ئەينا! — دېدى مەتنىياز.

— راست دەيسەن، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

ئابۇش زورلاپ تۇرۇپ ئىككى گۆشگىردىنى ئاران يەپ بولدى. ئۇلار دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

كەچتە مەتنىيازنىڭ يوغان مېھمانخانا ئۆيىگە ئەللىكتىن ئارتۇق ئادەم گۇلدەك رەتلەندى. مەتنىيازنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەت قىلىۋاتقان يىگىتلەر يۇقىرىغا ھاراق ئىچىدىغان مېھمانلارنى، تۆۋەنگە ھاراق ئىچمەيدىغان مېھمانلارنى ئولتۇرغۇزدى، سازەندىلەرگە ئەڭ تۆۋەندىن ئايرىم ئورۇن

بېرىلدى. تۆردىن ئورۇن ئالغان ئابۇش بۇ ئىشقا دىققەت قىلىپ قالدى. «بۇ يۇرتنىڭ بەزى قائىدىلىرى بىزنىڭ يۇرتنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەندە، بىزنىڭ يۇرتتا سازەندىلەر تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ، بۇ يەردە پەگاھتىن ئورۇن بېرىلىدىكەن» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

خىزمەتچى باللار مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، تۈرلۈك مەززىلىك تائاملار كەينى - كەينىدىن شىرەگە كەلتۈرۈلدى. مەتنىياز ئابۇشنى ئاغىنىلىرىگە تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئابۇش خۇشخۇي ھالدا بىر مانتىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، ئۇ مانتىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى تاماققا زورلاۋاتقان مەتنىيازغا قارىدى.

— بەك جىق ئادەم چاقىرىۋېتىپسەنغۇ، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— مۇشۇ ئادەملەرنى جىق دەمسەن، بۇ مېنىڭ ئوڭ قول تەرىپىمدە تۇرىدىغان ئاغىنىلىرىم، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاغىنىلىرىمنى چاقىرمىدىم تېخى، — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ.

— تېخى مۇنداق دە...

— سەن دېگەن قانداق ساۋاقدىشىم مېنىڭ، مەن سېنى تۆت توك - توك بىلەن كۈتۈۋالسام بولامدۇ؟ غۇلجا دېگەن قانداق يەر ئۇ، غۇلجىدىن كەلگەن مېھمانلارنى مۇشۇنداق نوچى كۈتمىسەم بولمايدۇ ئەينا! — دېدى مەتنىياز.

— ئەمىسە، ھاراقنى ئاز ئىچەيلى !

— مېنىڭ ئاغىنىلىرىم ھاراقنى جىق ئىچىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى مەتنىياز.

— رەھمەت، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

مەتنىياز ئابۇشنى تاماققا زورلىدى.

كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى، مەتنىيازنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان قۇناخۇن ئىسىملىك ئاغىنىسى قولىدىكى زىخنى شىرە

گە قويۇپ قويۇپ مەتنىيازغا قارىدى.

— مەتنىياز، بىزنى ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغىچە بىر ۋاخ ئۇماچ ئىچىپ بولسىمۇ چاقىرمايسىلە، بۇ ئابۇش دېگەن ئاغىنەڭلىنى بېشىڭلىغا كىيدىڭلىغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ساۋاقدىشىم غۇلجىدىن كەلدىيا ئەينا! غۇلجا ئۇ! غۇلجا دەپ ئاڭلىغانما؟

— غۇلجىنى بىلمىتىمىز، ئاداش. ئەرلىرى ھۇنەر قىلماي چاقچاق قىلىشىپ ئوينايدىغان يۇرت ئەينا! — دېدى قۇناخۇن.

— قانداق ئادەم چاقچاق قىلالىيتا؟ ئىككى كالىلىسى بار ئادەم قىلالىيتۇ چاقچاق دېگەننى! — دېدى مەتنىياز.

— ئاڭلىمىغان گەپنى قىلىدىكەنسەن، ئاداش! — دېدى قۇناخۇن.

— ئوغۇل بالا دېگەن ئاڭلىمىغان گەپنى قىلغۇلۇق، — دېدى مەتنىياز.

— ئەمىسە، بىزنىمۇ بىر غۇلجىغا ئاپىرىڭلا، ئاداش. بىزمۇ ئاشۇ يۇرتنى بىر كۆرەيلى!

— خۇدا بۇيرۇسا دەڭلا، ئاداش. كېلەر يىلى بارىمىز، — دېدى مەتنىياز.

— خۇدا بۇيرۇسا، — دېدى قۇناخۇن.

مېھمانلار تاماقنى يەپ بولدى، مەتنىيازنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خىزمەتچى باللار ئاشقان تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچىقىۋېتىپ، لېگەن - لېگەندە تونۇر كاۋىپى كۆتۈرۈپ كىردى. ھاراق قۇيۇلۇش ئالدىدا مەتنىياز ئۆرە تۇرۇپ، ئۆيدە لىق ئولتۇرغان ئاغىنىلىرىنى ئابۇشقا ھۆرمەت بىلەن تونۇشتۇردى. ئاندىن ساقىيغا:

— ئەمدى باشلاڭلار، ئاداش، — دەپ بۇيرۇق بەردى. ساقىي ئىككى رومكا هاراقنى ئابۇش بىلەن قۇناخۇنغا بەردى، قۇناخۇن قەدەھ سۆزى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئابۇش ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خوتەننىڭ ئەزىز يىگىتلىرى. ئالدى بىلەن سىلەرگە گۈزەل يۇرتۇم غۇلجىدىكى ئوتتۇز ئوغۇلدىن سەمىمىي سالام! مەن تۇنۇگۇن ساۋاقدىشىم مەتنىيازنى يوقلاپ بۇ يۇرتقا كەلگەنىدىم. مانا بۈگۈن ساۋاقدىشىم مەتنىيازنىڭ زېمىنىدا سىلەر بىلەن تونۇشۇپ، بىر قازاندىن ئاش يېدىم، ئۆزۈم ناھايىتى خۇشالمەن، ئالدى بىلەن ساۋاقدىشىمغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئاندىن بۈگۈن گۈلدەك ئولتۇرغان ئاتەش قەلبلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئاللا ھەممىڭگە تىلىگىنىڭلارنى بەرگەي، ئامان بولايلى! — دېدى ئابۇش. ئابۇشنىڭ گېپىنى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. ئابۇش قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، رومكىنى ساقىيغا قايتۇرۇپ بەردى. ئويۇن رەسمىي باشلىنىپ كەتتى، قۇناخۇننىڭ تەكلىپى بويىچە يەنە بىر ساقىي كۆپەيتىلدى، ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، مەتنىيازنىڭ تەلىپى بويىچە بۇلۇڭدا يېتىم بالىدەك ئولتۇرغان سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر، راۋابلىرىنى تەڭشەپ ساز چېلىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىن، مۇڭلۇق ناخشا ساراي ئىچىدە ياڭرىدى.

ئاقمۇسەن ئاپئاقمۇسەن،
سۇتمۇسەن، قايماقمۇسەن؟
بىر كۆرۈپ كۆيدۇم ساڭا،
ئوتمۇسەن، چاقماقمۇسەن؟

تۇزەپ قويسام راۋابنى،
بوشاپ قاپتۇ تارىسى.
قاچانلىققا كۆرۈنەر،
سىز يارىمنىڭ قارىسى.

راۋابىمنىڭ ئۈنىنى،
ئاڭلىدىڭمۇ ئاخشامدا؟

ئىچىمدىكى گەپلەرنى،
ئېيتىۋالاي ناخشامدا.

ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. ئابۇش بۇ يېڭى ناخشىلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھۇزۇرلاندى. يېڭى مۇھىت، يېڭى ئاھاڭلار ئۇنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇ سازەندىلەر ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدى، ئۇلار پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىۋاتاتتى.

قارا كۆزۈڭ قايناشۇ،
ساچىڭ بەلگە چىرماشۇ.
قاپاق كۆيدۇرۇپ باللار،
نورۇز ئېيتىپ ئويناشۇ.

نايىنىنايىناڭ دېگۈدەك،
نانىنى چايناپ يېگۈدەك.
نانىنى چايناپ يېمىسە،
گالغا تۇرۇپ ئۆلگۈدەك.

گۈلنى چۆرگىلەپ كېتەلمەس،
ئالىچىپار كېپىنەك.
مېنى چۆرگىلەپ كېتەلمەس،
ئانار يۈزلۈك سىڭىلەك.

مەتنىيازنىڭ كەيپىياتىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئۇ پات ـ پات خىزمەتچىلەرنى قېشىغا چاقىرىپ، قۇلاقلىرىغا بىر ـ نېمىلەرنى پىچىرلايتتى.

ساز توختىدى. ئابۇش ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقىيدىن تەلەپ قىلىپ ئالغان ئىككى رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، سازەندىلەر ئولتۇرغان تەرەپكە نەزەر تاشلىدى.

— ھۆرمەتلىك ئەزىز مېھمانلار، ئولتۇرۇشىمىز ياخشى داۋاملىشىۋاتىدۇ. بايام بىزنىڭ سازەندە - ناخشىچىلىرىمىز ناھايىتى ياخشى نومۇرلارنى ئورۇنداپ بەردى. بىزگە خوتەن خەلقىنىڭ مۇھەببەتلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. مەن مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى ئاشۇ راۋابچى ئۇستامغا تۇتماقچىمەن، مۇشۇ ئاددىي كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغايسىلەر، — دېدى ئابۇش.

راۋابچى ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ خىزمەتچى بالا ئەكەلگەن ھاراقنى قولىغا ئالدى.

— ھەشقاللا، غۇلجىدىن كەلگەن مېھمان، رەھمەت، مەن ھاراق ئىچمەيتتىم، ماۋۇ دۇتارچى ئاغىنەم زاكىراخۇن ئىچىپ قويىدۇ، مۇشۇ ھاراقنى زاكىراخۇن ئىچىۋەتسە! — دېدى راۋابچى.

— ماۋۇ تاز نېمە دەيدىغاندۇ؟ — دېدى مەتنىياز ئورنىدىن تۇرۇپ، — نىياز راۋاب، سەن بۇرۇن ئىچمىگەن نەرسىما؟!

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇزاق بولدى، تاشلىدىم ئەينا؟

— نەگە تاشلىغىنا؟!

— يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تاشلىغان ئەينا!

— ھەرنېمە بولسا ياخشى يەرگە تاشلاپتىكەنسەن، باشقا يەرگە تاشلىغان بولساڭ، تاپقىلى بولمايتتى ئەينا، شۇ دەريا مۇشۇ كۇندىمۇ ئېقىپ تۇرىدۇ ئەينا، ئاۋۇ غۇلجىدىن كەلگەن مېھمان بەرگەن ھاراقيا، قورسىقىڭغا بارمايتۇ، چىشىڭنىڭ ئارىلىقىدا قاتۇ ئەينا. ئەگەر چىشىڭ چىققاندىن باشلاپ ئاشۇنداق بولغان بولسا، سەن دېگەندەك بولاتتى ئەينا! كۆتۈرۈۋەت! — دېدى مەتنىياز بۇيرۇق سوقۇپ.

— ئەمىسە، مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىرنى ئىچىپ قوياي، — دېدى نىياز، ئاندىن ئۇ قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

«سالاغا بوش ئادەمكەندە بۇ!» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— نىيازمۇ ھارامزادە بولۇپ قالدى، ساۋاقدىشىم بەرگەن ھاراقنى ئىچكۈسى يوق تېخى، — دېدى مەتنىياز قۇناخۇنغا قاراپ.

— مۇشۇ كۈندە قورسىقى توياپ قالدى ئۇ تازىنىڭ، — دېدى قۇناخۇن.

— ئىچمىگەن بولسا تىللايتتىم، ئۇ تازىنى، — دېدى مەتنىياز.

— ئىچىدۇ، بىزدىن قورقىدۇ ئۇ، بىز ئۇنىڭغا پۇل بەردۇقىيا ئەينا ! — دېدى قۇناخۇن.

— ئەمىسە، قۇناخۇن، ئۆزۈڭ بىر شىشە ھاراق ئېلىپ بېرىپ، ئاشۇ نىياز - پىيازلارنى ئوبدان بىر قىزىتىپ كېلە، ياخشى چېلىپ بەرسۇن. ماۋۇ ئابۇش ناخشىغا ئامراق ئوخشايدۇ، ياخشى - ياخشى ناخشىلاردىن ئېيتىپ بەرسۇن، — دېدى مەتنىياز.

— ماقۇل ئەمىسە، ئۆزۈم بېرىپ بىر قىزىتاي ئۇ نېمىلەرنى، — قۇناخۇن ئورنىدىن تۇردى.

— بىزنىڭ بۇ سازەندىلەر ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىدۇ، ئاداش، بۈگۈن ئۇلار ساڭا خوتەندە بار ناخشىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دېدى مەتنىياز.

— رەھمەت، ئاداش، سېنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇڭلۇق مۇزىكا يەنە كۆتۈرۈلدى، كەيپىيات يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

تاغدا بۇلۇت ئەگىپتۇ،
يامغۇر يېغىپ قالارمۇ؟
غېرىب بولغان كۆڭلۈمنى
يارىم كېلىپ ئالارمۇ؟

بۇلبۇل سايراپ كەتتىغۇ،
كاككۇك سايراپ كەتتىغۇ.

يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ؟

كۆيۈكنى خۇدا سالغاي
غېرىب بىلەن سەنەمگە.
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز
ماڭا كەلگەن ئەلەمگە.

ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى، ئاخىر ئاسماندىكى مارامچى يولتۇزلار ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى، ئابۇش ئۆزى دەم ئېلىۋاتقان ئۆيگە كىرىپ يېتىپ قالدى.
ئابۇشنىڭ خوتەندىكى كۈنلىرى ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇ كۈندە مەتنىياز بىلەن بازارغا چىقىپ، مەتنىيازنىڭ سودىسى ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزىنى چېنىقتۇراتتى. مەتنىياز ئېيتقاندەك تاش سودىسى بەك ياخشى بولۇۋاتاتتى. ئىچكىرى ئۆلكىدىن كېلىپ تاش ئالىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە يەككە تىجارەتچىلەرمۇ، شىركەت مەسئۇللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك تاشلارغا بەكمۇ قىزىقاتتى.
بىر كۈنى كەچتە ئابۇش مەتنىياز بىلەن پاراڭلاشتى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن شېرىك بولۇش ئويىنى ئېيتتى. مەتنىياز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.
— شۇنداق قىلايلى، ئاداش. بارىنى تەڭ كۆرىمىز، يېنىڭدا قانچىلىك دەسمايەڭ بار؟ — دېدى مەتنىياز.
— بىر مىليون بار، — دېدى ئابۇش.
— ياخشى، ئاداش، تەييارلىقىڭ يامان ئەمەسكەن، ئىككىمىز بىر گەۋدە بولۇپ بىر تىرىشايلى. «پۇل پۇلنى تاپىدۇ» دېگەن گەپ بار. پۇللا بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەمىسە، ئەتىدىن باشلاپ ئىككىمىز ياخشى تاشلارنى يىغايلى، بىراقلا شاڭخەيگە ئاپىرىپ ساتايلى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كاللامدا شۇنداق ئوي

بار ئىدى. شاھخەينىڭ تاش بازىرىنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى. مانا سەن كېلىپ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خەنزۇچە گەپنى ئوبدان بىلىسەن، بىز مۇشۇ ئىشتا چوقۇم نەتىجە قازىنالايمىز، — دېدى مەتنىياز.

— ئەمىسە، مەن ئەتە بانكىدىن پۇلنى ئاچىقاي، — دېدى ئابۇش.

— شۇنداق قىل، ئاداش. بىز ئاشۇ شاھخەي بازىرىنىڭ سىرىنى ئاچايلى. مېنىڭچە، بىز ھازىر ئۇلارغا تاشنى ئەرزان باھادا بېرىۋېتىمىز، ئۇلار ئازراقلا ھۈنەر ئىشلىتىپ، بىزدىن ئالغان تاشنىڭ بىر قىسمىنى ئومۇمىي باھادىن بىرنەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا ساتىدىكەن ئەمەسمۇ! ئاڭلىغان گەپ ئەمدى، بۇ قېتىم بىز بېرىپ كۆرۈپ كەلمىسەك بولمايدۇ. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپ بار، شۇ ۋاقىتتا بىز قولىمىزغا چۈشكەن تاشنى ھەقىقىي تۇتۇپ تۇرالايمىز.

— ھازىر بىز ئازراق پۇلنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، قولىمىزدىكى تاشلارنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز. تاش دەريادا بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، قولىمىزدىكى ماللارنى قەدىرلىمىسەك بولمايدۇ. ئىككىمىز دەريا بويىغا بېرىپ ئىككى ھەپتە ياتساق، تاش كولاۋاتقانلاردىن خېلى ياخشى تاشلارنى سېتىۋالالايمىز، شۇنداق قىلىمىزما، ئاداش ئەمىسە؟ — دېدى مەتنىياز.

— شۇنداق قىلايلى، ئاداش. مەن ھەممە ئىشتا سېنىڭ ئاغزىڭغا قارايمەن، سەن مېنىڭ ئۇستازىم، ماڭا ھۈنەر ئۆگىتىپ قوي، ئاداش. مەنمۇ مۇشۇ تاشنىڭ نېنىنى يەپ قالاي، — دېدى ئابۇش.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ئاداش. ساۋاقداش دېگەن ئۇرۇق - تۇغقان بىلەن ئوخشاشلا نەرسە ئەمەسمۇ ئۇ! مەن ساڭا ياردەم قىلمىسام كىمگە ياردەم قىلىمەن، مەندىن خاتىرجەم بول، خۇدا بۇيرۇسا، بىر يىل ئىچىدە ئاشۇ بىر مىليون پۇلۇڭنى نەچچە قاتلاپ كېتىسەن...

— رەھمەت، ئاداش، رەھمەت...

— ئەمدى يەنە بىر ئىش بار، ئاداش. مەن گەپ قىلماي بېشىمنى ئىچىمگە تىقىۋالسام بولمايدۇ، زېرىكىپ قالدىغۇ دەيمەن، ۋاقىتلىق بىر خوتۇن ئېلىپ بېرەيما؟ — دېدى مەتنىياز ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— توۋا دە، ئاداش، ئايالىم بىلىپ قالسا بوينۇمنى ئۈزۈۋېتىدۇ!

— ئايالىڭغا بىلدۈرمەي قىلىمىز، ئاداش، بۇنداق ئىشلارنى! — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ.

— مېنى جىم ياشىغىلى قوي، ئاداش. بۈگۈن بىر قىز بالىغا كۆز سېلىپ قويسام، ئەتىسىلا ئايالىم چۈشۈمگە كىرىپ بولىدۇ. ...

— سېنىڭ ئىشىڭ چاتاقكەن، ئاداش. ئەر كىشى دېگەن مەزلۇم كىشى بىلەن بەك يېقىن بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. كۆلكىنى جىقراق بېرىپ، سىرنى ئازراق بەرگۈلۈك...

ئابۇش كۈلۈپ كەتتى.

— سەنزە ئاداش، بىلمەيدىغان ئىشىڭ يوقتە، — دېدى ئابۇش.

ئۇلار ئەتىسىدىن باشلاپ جىددىي تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى. مەتنىياز بازاردىكى دۇكىنىغا ئىنىسى دولقۇنجاننى قارىتىپ قويدى، دۇكاندىكى تاشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى دەپ بەردى. ئاندىن ئۇ ئابۇشنى ئەگەشتۈرۈپ، تاشچىلار ھە دەپ تاش قېزىۋاتقان دەريا بويىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى تونۇشلىرىنىڭ قويىنىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار يېرىم ئاي پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئالغان تاشلىرىنى بىردىن - ئىككىدىن تۆمۈر چامادانغا سېلىپ، بىسمىللا دەپ شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئابۇش كەچتە يولغا چىقىش ئالدىدا ئايالى ئاينۇرغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئۆز ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئېيتتى: «ئەمىسە، ماڭا تېلېفون بېرىپ تۇرۇڭ، بىز شاڭخەيگە بارغاندىن كېيىن سىزگە تېلېفون قىلىمەن» دېدى.

## 14

ئابۇش خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئاينۇر ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ كىتابخانىسىغا بىرىپ، كۈندىلىك سودا ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ تۇراتتى. ئابۇش خوتەنگە كېتىپ بىر ھەپتە بولغاندا، ئاينۇرنىڭ ئاپىسى گۈلنىسا قىزىنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئابۇشتىن تېلېفون كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى گۈلنىساخان ئۇنىڭ قېشىدىلا ئولتۇرۇپ.

— كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئاينۇر.

— ياخشى، سىزمۇ تېلېفون بېرىپ، ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇڭ، «بالا ياخشى، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ ئابۇشنى خاتىرجەم قىلىڭ، ئۆزىڭىزمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، تۆت - بەش ئايدا كېلىدۇ، تۆت - بەش ئايدا كەلمىسە بىرەر يىلدا كېلىدۇ، ئۇقەت قىلىمەن دېگەن بولسا ئۇرۇنۇپ باقامدۇ، — دېدى.

— مەيلى قاچان كەلسۇن، ئاپا، بىر ئوبدان خىزمىتىنى قىلماي بالدۇرلا دەم ئېلىشقا چىقىۋالغىنىغا مەن ھەيران، تىرىشىپ ئىشلىگەن بولسا، ئۆسۈپ بىرەر ئىدارىگە بىر - نېمە بولۇپ قالاتتى ئەمەسمۇ! — دېدى ئاينۇر.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، قىزىم، ئەر خەق دېگەننىڭ ئاساسي جەھەتتىن مىجەزى ئوخشاش، خىيال ئىچىدە ياشايدۇ، مانى مۇنداق قىلسام ئۇنداق بولسا دەپ، ئاق قەغەزنى قارا قىلىدۇ، شۇڭا سىز ئابۇشنىڭ ئىشىغا بەك ئارىلىشىپ كەتمەڭ، كاننىڭ باللىرى شۇنداق ئەركىن ياشايدۇ...

— كانىنىڭ باللىرى دەپ كەتتىڭىزغۇ، ئاپا، — دېدى ئاينۇر ئاپىسىغا قاراپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، كانىنىڭ باللىرى ئاشۇنداق بېشى قايغان يەردە يۈرىدۇ ئەمەسمۇ! بۇ ئابۇشىڭىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىكەن تېخى! ئۆزى ئېسىل بولغاچقا، خوتەنگە بارىمەن دەپ سىزگە دەپ قويۇپ مېڭىپتۇ، گەپ قىلماي كەتكەن بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ كانلىقلارنىڭ تەگدىن تولىسى ئاشۇنداق بېشى قايغان يەردە يۈرىدۇ ئەمەسمۇ! ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتەشەدىن قاڭقىپ كەلگەن نەرسىلەر، مۇساپىر مىجەز، — دېدى گۈلنىسا قىزىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئاپا، ئۇلارمۇ ئادەم !

— ھەممىمىز ئادەم، قىزىم. گەپكە گەپ كەلگەندە مۇشۇنداق دەۋالماي بولمايدۇ. مەن ئابۇشتىن خاتىرجەم، سىزدىنمۇ خاتىرجەم، شۇنداق بولسىمۇ، سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇم بار، مەن ئانا. دېمىسەم بولمايدۇ، خۇدا بۇيرۇغان بولسا ياخشى ئوقۇۋالدىڭىز، خىزمىتىڭىز ياخشى، بالام. مانا تۇرمۇشىڭىزمۇ ياخشى كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى سىز ھازىر ئۆيدە يالغۇز، ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئۇياق ـ بۇياقلارغا بارماڭ، بارسىڭىزمۇ كەچ قالماڭ، دوست بار، دۈشمەن بار. خەقلەر گەپ تاپىدۇ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ، ئەمدى سىز ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم نەرسە خىزمەت بىلەن ئائىلە. بىر بالىڭىز بار، ھەر قايسى جەھەتتىن دىققەت قىلىڭ. شۇنىڭدا تۇرمۇشىڭىز بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ئۆتىدۇ. قىزلار: «ئۇ يەرگە بارىمىز، پالانى چاقىرىپتۇ، پۇستانى باشلىقنىڭ بىرنېمىسى كېلىپ قاپتۇ، ئولتۇرۇپ بەرسۇن دەيدۇ» دەپ كەلسە، «خاپا بولماڭلار، مەن بالامنى باقمىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابخانامنىڭ ئىشى بار» دەپ ئۇلارنى چىرايلىق يولغا سالسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى ئۇنتۇماڭ، قىزىم.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئاپا.

— مەن سىزدىن خاتىرجەم، قىزىم، شۇنداق بولسىمۇ،

كاللامغا كەلگەن گەپلەرنى دەپ قويمسام بولمايدۇ، — دېدى گۇلنسا.

ئاينۇر ئاپىسى بىلەن ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن پاراڭلاشتى، ئاندىن ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ ئۆيگە كەتتى.

ئاينۇر ئاشۇ كىتابخانىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەندى، مەكتەپتە قوشۇمچە زورەم مۇدىرغا ياردەملىشىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى تۇتاتتى. مۇدىر بەزىدە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىمۇ ئاينۇرغا ئورۇنلاشتۇراتتى، بەزىدە ئۇ مائارىپ ئىدارىسىگە يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇراتتى. شۇنىڭدىمۇ ئاينۇر ۋاقىت چىقىرىپ، كىتابخانىغا ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىپ سودا قىلىۋاتقان قىزلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كىتابخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن ئاينۇر يەنە كىتابخانىغا كېلىپ سودا قىلىۋاتقان قىزلار بىلەن كۆرۈشتى.

— گۇلباغ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى تاشمۇھەممەت دېگەن ئادەم كەپتىكەن، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، «مەكتەپكە بىر يېڭى كۇتۇپخانا سالغان، كىتاب ئالاتتۇق، ئاينۇر ماڭا تېلېفون قىلسا» دەيدۇ، تېلېفون نومۇرىنى قويۇپ قويدى، — دېدى كىتابخانىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەريەم. ئۇ تېلېفون نومۇرى يېزىلغان باغاقچىنى ئاينۇرغا بەردى.

ئاينۇر گەپ قىلماي باغاقچىنى يېنىغا سېلىپ قويدى.

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى، تاشمۇھەممەت ئاينۇرنى ئۇنىڭ كىتابخانىسىدىن تاپتى. ئۇ ئاينۇرغا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن كىتاب ئالماقچى بولغان پىلانىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىرمۇنچە كىتاب تۈرلىرى بىلەن مۇندەرىجىسىنى بەردى، ئاينۇر قولىدىكى كىتاب تۈرلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ:

— بولىدۇ، تاشمۇھەممەت مۇدىر. مەن مۇشۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇمچىدىن بىر ئاي ئىچىدە ئەكەلدۈرۈپ بېرەي، —

دېدى.
تاشمۇھەممەت كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدىن كۆرگەن ئادەم ئۇنى بىر ئورۇننىڭ باشلىقى، يا بولمىسا مۇھىم ئورۇندا ئىشلەيدىغان زىيالىي دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ئوبرازى روشەن، پاكىز، جەلپكار ئىدى. ئۇ ئاينۇردىن يەتتە - سەككىز ياش چوڭ ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، گۈلباغ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ھەرقايسى تەرەپتىن نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاشۇ مەكتەپتە مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، كېيىنچە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەنىدى، ئۇنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئوبدانلا ئابرۇيى بار ئىدى.
ئاينۇر تاشمۇھەممەت مۇدىرنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىتابخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، زورەم مۇدىردىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ زورەم مۇدىرغا جاۋاب بېرىپ: «مەن كىتابخانىدا» دېدى. زورەم مۇدىر: «ئەمىسە، شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئالدىڭىزغا باراي» دېدى. مۇشۇ ئارىدا ئاينۇر مەريەمگە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى.
— ئەمىسە، شۇ تىزىملىك بويىچە ئۇرۇمچىدىكى شىركەتلەرگە تېلېفون بېرىڭ، بىزگە مۇشۇ كىتابلارنى تېزدىن سېلىۋەتسۇن. ئەگەر بەزى كىتابلار تېپىلمىسا، ئۈرۈمچىدىكى بىرنەچچە كىتابخانىغا تېلېفون بېرىڭ، ئامال قىلىپ مۇشۇ تىزىملىك بويىچە كىتابلارنى تېزدىن كىرگۈزەيلى، — دېدى.
— ماقۇل، ئاينۇر ھەدە. مەن ھازىرلا تېلېفون بېرىشنى باشلاي، — دېدى مەريەم.
زورەم مۇدىر ناھايىتى چىرايلىق چوكان ئىدى، قاش - كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر نازىنىن ئىدى. بۇ ئۇز خېنىمنىڭ كەينىدە خېلى گەپ - سۆزلەرمۇ بار ئىدى، بەزى ئىشلار خېلى

ئاشكارا ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تاھىر بىلەن مۇناسىۋىتى بەك ياخشى دەيتتى. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار زورەم قاتناشمايدىغان چايدا ئولتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە خېلى ئوبدانلا توختىلىپ قالاتتى. بۇنداق گەپلەر ئەتىسىلا مۇدىرلارنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى. زورەم ئۆزى توغرىسىدا بەك سۆزلەپ كەتكەن بىر ــ ئىككى ئوقۇتقۇچىنى ئايرىم ــ ئايرىم چاقىرىپ، ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاشكارا ھالدا: «سىلەر مەن بىلەن تاھىرنىڭ بىرەر نالايىق ئىش قىلىشقىنىمىزنى كۆرگەنتىڭلارمۇ ياكى بىرەرىمىزگە كۇزەتچىلىك قىلىپ بەرگەنتىڭلارمۇ؟» دەپ ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتەتتى. «سىلەر چۈشۈڭلاردىكى ئىشلار بىلەن قازان قاينىتىپ يۈرمەي، ئەتە ــ ئاخشاملىرى مېنىڭ كەينىمگە ئادەم سېلىپ قويۇڭلار، مېنى نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىپ، شەھەر بويىچە رەسۋا قىلمامسىلەر؟! بولمىسا مەن سىلەر بىلەن ئېيتىشىمەن، ماڭا قارا چاپلىدى دەپ سوتقا ئەرز قىلىمەن، سىلەرنىڭمۇ كەينىڭلاردىن گەپ تاپىمەن، چۈنكى ھەممىڭلارنىڭ پوقى يەتكۈچە بار. يوشۇرۇپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن» دېدى. نەتىجىدە ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ ئاغزى بىراقلا بېسىقتى، لېكىن شۇنىڭدىمۇ مۇشۇنداق سۆزلەر ئۇ يەر ــ بۇ يەردە بولۇپ تۇراتتى. زورەم ئادەتتە بۇنداق گەپلەرگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلمايتتى.

ئاينۇر مەريەم بىلەن گېپىنى تۈگىتىپ، كىتابخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشىغا، زورەم بىر قارا پىكاپ بىلەن كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ خۇشخۇي ھالدا زورەمنىڭ قېشىغا كەلدى.

ـــ مەن مۇھىم بىر مېھمان بىلەن كېلىپ قالدىم، ئاينۇر. تاھىر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقىنى باشلاپ كەپتۇ، مەردان دېگەن ئادەم ئىكەن، ئۆزى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن. بىزنىڭ قىشلىق تەنتەربىيە

زالى سىپلىش توغرىسىدىكى سىز ئۆتكەندە يېزىپ يوللىغان ھېلىقى دوكلاتىمىزنى كۆرۈپتۇ. مۇشۇ ئىش بىلەن مەكتەپكە كەپتىكەن، مەن ئەھۋال تونۇشتۇردۇم. تاھىر بىللە زال سالىدىغان ئورۇننىمۇ ھەمراھ بولۇپ كۆردى. كەچتە تاماقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم، ئاداش، بىللە بېرىپ ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتەيلى، ــ دېدى زورەم جىددىيلىشىپ.

ــ ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاداش، مېنىڭ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشۇم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالماس ئۆيدە يالغۇز، سەلىمەنى ئاپارمامسەن ئاداش، ئۇ قىز مۇشۇنداق ئىشلارغا ئۇستا، ــ دېدى ئاينۇر زورەمنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ئەسلىدە بايام تاھىر زورەمگە تېلېفون بەرگەندە ئۇنىڭ ئېسىگە سەلىمەمۇ كەلگەنىدى، بىراق تاھىر: «ئاينۇرنى ئېلىۋېلىڭ، مەردان ئاينۇرنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن چېغى، بەك چىرايلىق قىز ئىكەن، مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرمەپتىكەنمەن دەپ كەتكەن» دەپ، ئۇنى ئاينۇرنى ئەكىلىشكە ئەۋەتكەنىدى.

ــ سەن سەلىمەنىڭ مىجەزىنى بىلىسەنغۇ، ئاداش. ئەتىسىلا مەكتەپكە بېرىپ: «ئۇنداق ئولتۇردۇق، بۇنداق ئولتۇردۇق» دەپ يېيىۋېتىدۇ، باشقا ئادەم يوق، تۆتىمىزلا، ياخشى مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويساق، ئىشىمىزنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ! قىشلىق تەنتەربىيە زالى پۈتۈپ قالسا، ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمۇ، ئاداش؟ ! ــ دېدى زورەم مۇدىر.

ــ مۇشۇ ئىشنى يامان قىلدىڭ، ئاداش...

ــ نېمە بولىدۇ، بۇمۇ خىزمەت ئەمەسمۇ، زال سېلىش ئۈچۈن پۇل بەرسە، ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمۇ ! ماشىنىغا چىق ئاداش، بولمىسا بۈگۈن ساراڭ بولۇپ قالىمەن ! ــ دېدى زورەم مۇدىر.

ئاينۇر مەجبۇرىي ھالدا زورەمگە ئەگىشىپ ماڭدى ـ دە، ماشىنىغا چىقتى. ئۇلار كاتتا بىر مېھمانخانىنىڭ ئۈچىنچى

قەۋەتنىگە چىقىپ، بىر ئايرىمخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئاندىن تاھىرغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى دەپ بەردى.

— بۇنداق ئولتۇرساڭ بولمايدۇ، ئاداش. چىرايىڭنى ئېچىپ ئولتۇر. بۈگۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، بۇ بەك مۇھىم مېھمان، چىرايلىق يولغا سالمىساق بولمايدۇ، — دېدى زورەم.

— خاتىرجەم بول، مەن سېنى چۈشىنىمەن!

زورەم كۈتكۈچى قىزلارنى چاقىرىپ كىرىپ، تائاملارنى بۇيرۇتتى:

كالا گۆشى، قوي گۆشى، توخۇ، بېلىق دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋېرىڭ، سىڭلىم، بۆرەك كاۋىپىنىمۇ كەلتۈرۈڭ، — دېدى. كۈتكۈچى قىز تائاملارنى يېزىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى. زورەم:

— بىر بوتۇلكا ھاراقمۇ يېزىپ قويۇڭ، — دېدى. كۈتكۈچى قىز ماقۇل دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— بۇ قېتىم بىزدە ئۈمىد بار. تاھىرنىڭ ئېيتىشىچە، بىزدىن باشقا يەنە تۆت مەكتەپمۇ قىشلىق تەنتەربىيە زالى سېلىشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاھىرنىڭ كۈچىشى بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز ئېقىپ قالغاندەك قىلىدۇ، تاھىر بىزنىڭ مەكتەپكە بەك غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئاداش. بىردەم تۇرۇپ ئۇلار كەلگەندە ئازادە ئولتۇرايلى، مۇنداق قىلىپ يالغاندىن كۈلۈپ قويىمىز، بىزدىن نېمە كېتەتتى. بىر - ئىككى سائەت دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، چىرايلىق ئولتۇرۇپ بەرسەك، ئۇ ئىككىسى خۇشال بولۇپ قالىدۇ، ئىشىمىزنى پۈتتۈرۈپ بەرسە، ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ! — دېدى زورەم.

— ماقۇل، ئاداش. سەن مېنىڭ باشلىقىم، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمىسام قانداق بولىدۇ؟ مەندىن خاتىرجەم بول، — دېدى ئاينۇر.

ئاينۇر رېستورانغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا قاپىقىنى ئاچماي كەلگەندى. ئۇ زورەمنىڭ بىرنەچچە قېتىم قىلغان

سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇ دەقىقىدە ئۆزگىرىپ قالدى: «بۇ بىچارىگىمۇ ئاسان ئەمەس، ئۇمۇ مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىنى ئويلايدۇ. بىرەر قېتىم ئۇنىڭغا ماسلىشاي، ھېجىيىپ بېرىپ، سېنىڭ راست دەپ يولغا سالمايمىزمۇ، مېنىڭ نېمەم خورايتتى؟» دېدى ئىچىدە. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

زورەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىق ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاينۇرغا قاراپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇنىڭغا تاھىردىن تېلېفون كەلگەنىدى. تاھىر «بىز رېستورانغا كېلىپ بولدۇق» دەپ تېلېفون بەردى. زورەم ئىشىكنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، تاھىر بىلەن مەردان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

— كىرىڭلار، كىرىڭلار، يۇقىرى ئۆتۈڭلار، مەن تېخى ئالدىڭلارغا چىقاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى زورەم كۈلۈپ. ئۇ خۇشخۇي ھالدا مېھمانلارنى يۇقىرىغا باشلىدى. ئاينۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، زورەمگە ماسلىشىپ مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇ دەقىقىدە ھېجىيىپ تۇرغان مەردان ئاينۇرنىڭ گۆھەردەك كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋالدى. ئۇ ئىچىدە: «ئاللا دېدىم، نېمىدېگەن چىرايلىق كۆز بۇ؟ مۇشۇ شەھەردىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق چوكانلار بولىدىكىنا؟ !» دېدى.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈتكۈچى قىز كىرىپ چاي قۇيدى. زورەم مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئاينۇرنى مەرداننىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

«شۇ تاپتا بىرى بىزنى كۆرۈپ قالسا، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇدە ئەمدى» دېدى ئاينۇر ئىچىدە. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مەرداننى چايغا تەكلىپ قىلدى.

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇق ـ ھە، زورەم، — دېدى تاھىر كۈلۈپ.

— مەن سەۋەبچى بولۇپ قالدىم، مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق، — دېدى مەردان، — زورەم مۇدىرنى تونۇيمەن، ماۋۇ قىزنى كۆرگەن، ئىسمىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، مەردانكا، بۇ مېنىڭ دوستۇم، ئىسمى ئاينۇر، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، — دېدى زورەم.

— ئاينۇر بەك جانلىق قىز، بازاردا بىر كىتابخانىسى بار، سودىسى بەك ياخشى، — دېدى تاھىر.

— بىراق، شۇ تاپقان پۇلىغا كىتاب ئالىدۇ بۇ دوستۇم، — دېدى زورەم كۈلۈپ.

— سىز كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىكەنسىزدە، مەنمۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى مەردان گەپكە ئارىلىشىپ.

— شۇنداق، مەردانكا، مەن كىتابتىن ئايرىلالمايمەن، كىتاب تۇرمۇشۇمنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى، — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

— سىز قانداق كىتابلارنى ئوقۇغان؟ — دېدى مەردان.

— سىزگە قانداق جاۋاب بەرسەم بولار، مەردانكا، مەن بەك جىق كىتاب ئوقۇغان. تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە، شېئىر، ماقالە... ئىشقىلىپ ئوقۇغان كىتابلىرىم بەك كۆپ.

— سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان بىر كىتاب ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى مەردان.

— سۆزلەپ بەر، ئاداش. تاماق چىققۇچە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى! — دېدى زورەم ئاينۇرغا قاراپ.

— ئاينۇر مائارىپ ساھەمىزدىكى ئەڭ بىلىملىك ئوقۇتقۇچىمىز، ھەرقانداق بىر مەكتەپنى بەرسە باشقۇرۇپ كېتىدۇ، — دېدى تاھىر مەردانغا قاراپ.

«مېنى دەسستىپ كەتكىنىنى ماۋۇ سۆيۈقنىڭ» دېدى ئاينۇر

ئىچىدە.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن رەھبەرلەرگە، ئاكىلارغا ئۆزۈمگە ئەڭ تەسىر قىلغان بىر كىتاب ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. ماڭا ئامېرىكىلىق يازغۇچى نىتۇ خانىمنىڭ «تام تاغىنىڭ كەپىسى» دېگەن رومانى ئەڭ تەسىر قىلغان. بۇ رومانىنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئوقۇغان. روماندا تام ئىسىملىك بىر قۇل بوۋاينىڭ ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ، بوۋاي بىر ئۆمۈر خوجايىنغا ئىشلەيدۇ، خوجايىنىنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ دۇنياسىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، تام بوۋاينى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى بوۋاي خالىمايدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، بوۋاي رەت قىلىدۇ، خوجايىن ئۇنى داۋاملىق مەجبۇر قىلىپ: «سەن مېنىڭ قۇلۇم، مەن سېنى نېمىگە بۇيرۇسام شۇنى قىلىسەن، سېنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ، جېنىڭ — ھەممە نەرسەڭ مېنىڭ» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا تام بوۋاي: «ئۇنداق ئەمەس بېگىم، خاتالاشتىڭىز. توغرا، مەن سىزگە قۇل، مېنىڭ كۈچۈم سىزگە تەۋە، لېكىن مېنىڭ يۈرىكىم سىزنىڭ ئەمەس، ئۇ تەڭرىنىڭ، تەڭرى ئالدىدا ھەممىمىز باراۋەر» دەيدۇ. شۇ رومانىدىكى ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان. مەن شۇ كۈنگىچە شۇ گەپنى ئۇنتۇمايمەن ھەم ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ ماڭا نۇرغۇن ئەقىل ئۆگەتكەن. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ دۇنيا ئەسلىدە ئۇنچىلىك مۇرەككەپ ئەمەس. تۇرمۇشمۇ ئۇنچىۋالا زىددىيەتكە تولۇپ كەتكەن ئەمەس. بىزمۇ بۇ ئالەمگە بىر مېھمان، بىزنى بىر خىل كۈچ بىلەن بىر خىل روھ يېتەكلەيدۇ، شۇڭا بۇ ئالەم تاتلىق، چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى، نەگىچە بارالايدىغانلىقىمىزنى بىلمىسەك، بۇ بىز ئۈچۈن بەك ئۇلۇغ ئەمەلىيەت. شۇنداق، نىشانىمىز، مەنىۋىيىتىمىزنى ئالەمدىن ئۆتكەن ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىز تەلەيلىك ئادەملەر. چۈنكى، بىز ھەربىر كۈنىمىزنى ئۆز سىرىمىزغا ۋە يۈرىكىمىزگە ئىگە بولغان ھالدا ئۆتكۈزمەكتىمىز...



ئاينۇرنىڭ گېپى مەردانغا ھەقىقىي تەسىر قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن چاۋاك چالدى، ئاندىن زورەم بىلەن تاھىرمۇ ئەگىشىپ چاۋاك چالدى.

— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ئاينۇر. سىز بىر رومانىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ بەردىڭىز. بارىكاللا، سىز قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟ — دەپ سورىدى مەردان.

— مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇغان.

— توغرا، ياخشى كەسپتە ئوقۇپتىكەنسىز. تاھىر، سىلەر مۇشۇنداق ئىختىساسلىق ئادەملەرنى ئىشلەتمەپسىلەر ئەمەسمۇ! — دېدى مەردان.

— ئاينۇرنى بىز بۇرۇنلا بايقىغان، زورەم ئۆزۈم ئىشلىتىمەن دەپ بىزگە بەرمىدى ئەمەسمۇ! — دېدى تاھىر.

«كاسسىغا ئۇرۇپلا تاپتىمدە بۇ گەپنى!» دېدى زورەم ئىچىدە.

— بىز ئاينۇرنى مائارىپ ئىدارىسىگە زاپاس كادىرلار قاتارىدا يوللىغان، — دېدى زورەم ھىجىيىپ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تائاملار كەلتۈرۈلدى. زورەم مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. «تاماقنى تازا ۋاقتىدا ئەكەلدا» دېدى ئۇ ئىچىدە.

مېھمانلار خۇشخۇي ھالدا تاماققا تۇتۇش قىلدى. تاماقتىن كېيىن قورۇملار كەينى - كەينىدىن كەلتۈرۈلدى. كەيپىيات بەكمۇ ياخشى ئىدى. زورەم خىزمەتچى قىز ئەكىرگەن بىر بوتۇلكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ تاھىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— ئازراق ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار، تاھىر، — دېدى زورەم.

— بولىدۇ ئەمىسە، ھاراقنى مەن قۇيۇپ بېرەي، بىزنىڭ مۇشۇ زورەمزە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپىدىغان قىزدە، — دېدى تاھىر كۈلۈپ.

— بىزنىڭ زورەم دەپكەتتىڭغۇ، ئاداش، — دېدى مەردان قىزىقچىلىق قىلىپ.

— مەن زورەمنى مۇشۇنداق دەپ كۆنۈپ قاپتىمەن، — دېدى تاھىر.
— بىزنىڭ باشلىقنىڭ ئاغزى يۇمشاق، مەردانكا. چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ! — دېدى زورەم.
— ياق، تاھىر ئۇنداق ئەمەس، تاھىر بەك ياۋاش بالا، — دېدى مەردان.
— ۋىلايەتنىڭ ئادەملىرى قانداقكىن ئەمدى، مەردانكا، بىز مۇشۇ شەھەرنىڭ ياۋاشلىرىدىن بەك قورقىمىز، — دېدى زورەم كۈلۈپ.
ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.
تاھىر ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ، بىرىنى مەرداننىڭ ئالدىغا قويدى.
— سىلەرمۇ قىزىل ھاراقتىن ئىچىپ قويۇڭلار ئەمدى، — دېدى تاھىر زورەمگە قاراپ.
— بىز چاي ئىچەيلى، تاھىركا، — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ. ئۇ زورەمنىڭ ئالدىنى توراپ قويدى، چۈنكى ئۇ زورەمنىڭ قىزىل ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى بىلەتتى. «گەپ قىلماي ئولتۇرسام، ئىچەمسەن دەپ قىزىل ھاراق بۇيرۇتىدۇ بۇ خېنىم» دېدى ئىچىدە.
— قىزىل ھاراقتىن ئازراق ئىچىپ قويامدۇق - يا، ئاداش، — دېدى زورەم ئاينۇرغا قاراپ.
— ياق ئاداش، ئىچمەيمەن، بۈگۈن سەنمۇ ئىچمە ! — دېدى ئاينۇر.
— مەيلى ئەمىسە، سىلەر چاي ئىچىپ ئولتۇرۇڭلار! — دېدى تاھىر.
— ئەمىسە، مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، مەرداننىڭ بىزنىڭ مائارىپ ئىدارىسىگە كېلىپ خىزمەت تەكشۈرگىنىگە رەھمەت ئېيتىمىز، بولۇپمۇ بىۋاستە گۈلباغ مەكتىپىگە كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىگىنىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت

ئىيتىمىز، ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىزنى قوللاپ كېلىۋاتىدۇ، بىزگە يول كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەمىسە، سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى تاھىر.

— رەھمەت، تاھىرغا رەھمەت، قىزلارغىمۇ رەھمەت، مەن دائىم تۆۋەنگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇشنى خالايمەن، ھەر قېتىم كەلسەم سىلەرنى مۇشۇنداق ئاۋارە قىلىمەن، سىلەردەك بەش مىڭ ئوقۇغۇچىسى بار بىر چوڭ مەكتەپكە ھەرقايسى جەھەتتىن ياردەم بەرمىسەك بولمايدۇ، بۇ يىل سىلەرنىڭ قىشلىق تەنتەربىيە زالىڭلارنى پۈتتۈرۈپ بەرمىسەك بولمايدۇ... خوش ئەمىسە، ئىچىۋېتەيلى! — دېدى مەردان.

زورەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ قولىغا پىيالىدىكى چاينى ئېلىپ، مەردانىنىڭ رومكىسى بىلەن سوقۇشتۇردى.

— سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، مەردانكا، — دېدى زورەم.

ئاينۇر جىم ئولتۇرغانىدى، زورەمنىڭ قىلىقى ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويدى. ئۇمۇ قولىغا چېينى ئېلىپ مەردانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— ياخشىلىق يولدا قالمايدۇ، مەردانكا، سالامەت بولۇڭ، — دېدى.

مەردان بىلەن تاھىر قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى، زورەم بىلەن ئاينۇرمۇ پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلاپ قويدى.

كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى، تاھىر مەردانىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، تېخى يېقىندىن ئاڭلىۋالغان بىرنەچچە يۇمۇرنى سۆزلەپ بەردى، راست دېگەندەك، مەردان يۇمۇرلارنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى.

— قانداق ئادەملەر توقۇيدىكىن مۇشۇنداق يۇمۇرلارنى، — دېدى مەردان تاھىرغا قاراپ.

— مۇشۇ شەھەرلىك شائىرلار ئىدارىسىدە ھەسەن تاڭتاڭ دەپ

بىر ئادەم بار، شۇ ئادەم توقۇغانمىكىن دەيمەن بۇنداق قىزىق يۇمۇرلارنى، نۇرغۇن گەپلەر شۇ ئادەمدىن تارقىلىدۇ، — دېدى تاھىر.

— تاڭتاڭ دېگەن ئۇنىڭ لەقىمىغۇ! — دېدى مەردان، — شائىرلار ئىدارىسى دەيدىغان سۆز يوقتۇ؟

— ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تاپقان گېپى بولمامدۇ، بەك قىزىق ئادەم، ئەسلى يازغۇچىلار جەمئىيىتى دەيدۇ، بىرەرى قەيەردە ئىشلەيسىز دېسە، قىزىقچىلىق قىلىپ «شائىرلار ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم زادى. بۇ لەقەمنى ئۇنىڭغا بىنادىكى قوشنىسى قويۇپ قويۇپتىكەن، كۈندە يېرىم كېچىدە قوپۇۋېلىپ، يازغان شېئىرلىرىنى ۋەزنىكە چۈشۈرىمەن دەپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، «تاڭتاڭ - تاڭ - تاڭ» دەپ ۋارقىرايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن قوشنىلىرى ئۇنىڭغا ھەسەن تاڭتاڭ دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىكەن.

— قىزىق ئادەم ئىكەن - ھە!

— ئەمما ئۆزى ناھايىتى بىلىملىك ئادەم، شېئىرنى بەك ياخشى يازىدۇ، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بەك سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، خەنزۇچىغىمۇ بەك ئۇستا، — دېدى تاھىر.

— خەققە خەنزۇچە ئەرز يېزىپ بەرسە، بەزى خەتلىرىنى سوتنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ئوقمايدۇ، ھەسەنكامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورايدۇ! — دېدى ئاينۇر گەپكە ئارىلىشىپ.

— سىز ئۇ كىشىنى ياخشى بىلىدىكەنسىزدە - ھە، ئاينۇر، — دېدى مەردان ئاينۇرغا قاراپ. ئۇ مۇشۇنداق گەپ قىلغاچ ئاينۇرنىڭ باھاردەك ئىللىق كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم قارىۋالدى.

— مەن ھەسەنكامنىڭ ئەھۋالىغا تولىمۇ قىزىقىمەن، ئۇ ئادەم خەنزۇچىنى ئۆزى ئۆگىنىۋالغان، بولۇپمۇ ئۇ قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىنى ياخشى بىلىدۇ، خەقلەرگە بىرنېمە يېزىپ

بەرسىمۇ قەدىمكى خەتلەرنى جىق ئىشلىتىدۇ، مەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆگىنىش روھىغا ھەقىقەتەن قايىل ! — دېدى ئاينۇر.

— بىزنىڭ ئاينۇرمۇ خەنزۇچىغا بەك ئۇستا، مەكتەپنىڭ يۇقىرىغا يوللايدىغان خەنزۇچە ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاينۇر يازىدۇ، بۇ قىز مېنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ياخشى ياردەمچىم.

— خەنزۇچە ئۆگىنىش توغرىسىدا گەپ چىقىپ قالدى، ئەسلىدە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئاشۇ ھەسەنكامنى خەنزۇچە ئۆگىنىشتە ئۈلگە قىلىپ تىكلىسە بولىدۇ، مەن مۇشۇ ئىشنى زورەمگە بىرنەچچە قېتىم دېگەن، لېكىن بىزنىڭ بۇ ئالدىراش مۇدىرىمىز مېنىڭ بۇ تەكلىپىمگە قۇلاق سالمىدى، ئەسلىدە بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ قوش تىل ئوقۇتۇشنى تەجرىبە قىلىپ ماڭساق بولاتتى، مەن مۇشۇ تەكلىپىمنىمۇ بىزنىڭ ئالدىراش مۇدىرغا نەچچە قېتىم دېگەن، بۇ، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. مۇشۇ ئىش ھەل بولمىسا، بىز كەلگۈسىدە بەك جىق بەدەل تۆلەپ كېتىمىز. چۈنكى، بىز زېرىكىپ ياكى كۆڭۈل خۇشى قىلىپ تىل ئۆگەنمەيمىز، بىز مۇشۇ ئالەمدە ياشاش ئۈچۈن، باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىل ئۆگىنىمىز، كەلگۈسىدە خەنزۇ تىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىنگلىز تىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، مانا بۇنى بۈگۈنكى ناھايىتى تېز شەكىللىنىۋاتقان سودا جەمئىيىتى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بىز بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىشىمىز كېرەك. تىل ھەرقانداق زاماندا ئەڭ كۈچلۈك قورال. ئەگەر بىز مۇشۇ مەسىلىنى جىددىي ئويلىمىساق، سىناق ئېلىپ بارمىساق، باشقا تىللارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى باشقا نورغۇنلىغان مىللەتلەرگە تونۇشتۇرمىساق، مەدەنىيەت جەھەتتە كۆمۈلۈپ قالىمىز. ھەرقانداق بىر مىللەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ سانىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتكە لازىم بولىدىغان، ئاشۇ خەلقنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان

نەرسىسى بولىدۇ، مۇشۇ نەرسىلەرنى نېمە بىلەن تونۇتىمىز؟ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئىستېمال ئەمەلىيىتىگە ئىگە بولغان تىل ئارقىلىقلا تونۇتىمىز، شۇ ۋاقىتتا بىز دۇنيا بازىرىنىڭ مەركىزىگە كىرەلەيمىز. ئەگەر بىز مەدەنىيەتتە ئىلغارلىقنى ساقلىمىساق، بۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ، بۇ بەكمۇ ئاددىي مەسىلە. بۈگۈن شەرەپلىك هالدا سىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قالدۇق، مەن سىلەرگە هەم سىلەر ئارقىلىق هۆكۈمەتكە يەنە شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، بىز ناهايىتى تېز پۇرسەتتە مەخسۇس قوش تىللىق تەجرىبە مەكتەپلەرنى يولغا قويمىساق بولمايدۇ، بۇ ناهايىتى چوڭ ئىش، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى پۇرسەت، بىز هەممىمىز مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك، بۈگۈنكى دۇنيادا مائارىپ ئۈچۈن ئەڭ مۇهىم نەرسە نېمە؟ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇهىم ئىش نېمە؟ ئەلۋەتتە بىلىم ئىگىلەش....

«شەرەپلىك هالدا سىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالدىم دېگىنىنى ماۋۇ چىرايلىقنىڭ!» دېدى زورەم ئىچىدە.

— شۇنداق، مەردانكا، ئاينۇر بەك جىق ئىشلارنى ئويلايدۇ، ئۇ ماڭا قوش تىللىق ئوقۇتۇش بويىچە تەجرىبە قىلىش ئىشلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان، لېكىن مەن بۇ ئىشنى يۇقىرىغا دېمىدىم، چۈنكى ئۇ ناهايىتى چوڭ ئىش، جىق مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇنداق ئاسان ئەمەس، — دېدى زورەم.

— شۇنداق، — دېدى ئاينۇر، — بۇ بىر مەكتەپ ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس. ئەگەر مائارىپ ئىدارىسى شەهەرلىك هۆكۈمەتنى قايىل قىلسا، بۇ هېچقانچە مەسىلە ئەمەس، هۆكۈمەتلا بولىدىكەن، ئۇ هەرقانداق دەۋردە مۇقەددەس كۈچ. ئۇنىڭدا كۆرگىلى بولمايدىغان سان ـ ساناقسىز قوللار بار، شۇ قوللار بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى گۈل كەلتۈرىدۇ...

«ئاللا دېدىم مۇنۇ قىزنى، ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىدىغان قىز ئىكەن» دېدى مەردان ئىچىدە.

— ئاينۇر، سىز جىق ئىشلارنى ئويلايدىكەنسىز! مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز سىزنى بايقىماپتۇق جۇمۇ! — دېدى تاھىر.

— ئۇنداق ئەمەس، تاھىركا. مەن ئاشۇ ئوي ئويلايدىغان كەسپتە ئوقۇغان ئەمەسمۇ!

— ئاينۇر پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇغان، — دېدى زورەم.

— مۇنداق ئىكەندە، ياخشى ئوقۇپسىزكەن، ئاينۇر. بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ھازىر ۋىلايەتتىكى بەزى زىيالىيلارمۇ مۇشۇنداق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ، لېكىن سىز بۇ ئىشنى بەك چوڭقۇر ئويلاپسىز، — دېدى مەردان.

— ئاينۇرغا بىر مەكتەپنى بەرسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، تاھىر، — دېدى مەردان تاھىرغا قاراپ.

— مەنمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئاينۇر بىر ياخشى مۇدىر بولۇپ يېتىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى تاھىر.

«ماۋۇ چىرايلىقنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتىدىغان بولدىدە» دېدى زورەم ئىچىدە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھەسەت قۇرتلىرى لۆمۈلدەپ كەتتى.

— بەك ياخشى گەپ بولدى بۇ، مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى زورەم چاندۇرماي.

ئاينۇر كۈلۈپ تۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

ئەسلىدە تاھىر قىزىقارلىق سېرىق يۇمۇرلار بىلەن ئاينۇر بىلەن زورەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆندۈرۈپ، كەيپىياتىنى باشقا يەرگە قارىتىشنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدى، ئاينۇر توساتتىنلا قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ گېپىنى چىقارغاندىن كېيىن، بۇ ئىش بىردىنلا سورۇندىكى پاراڭنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاينۇر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كاللىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بولۇپمۇ مەردان ئۇنىڭغا بەكمۇ قايىل بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىچىدە: «بۇ ئىش بەك ياخشى بولدى، بۇ قىزنى ئامال قىلىپ تاھىرنىڭ قولى بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ ئۆزۈمگە

قارىتىۋالمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدى.

— بۇگۇن بەك ئەھمىيەتلىك كۈن بولدى، بەك ياخشى گەپلەرنى قىلىشتۇق، ئەڭ ياخشى بولغان ئىش بىز ئاينۇرنى بايقىدۇق... ھاراقمۇ تۈگىدى، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئەمدى دەم ئالمايمىزمۇ؟ — دېدى تاھىر مەردانغا قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى.

— يەنە بىردەم ئولتۇرمامسىلەر، بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكەلسۇن، — دېدى زورەم كۈلۈپ.

— يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكەلسە، ئورنىمىزدىن تۇرالماي قالىمىز، — دېدى تاھىر كۈلۈپ.

— تۇرالمىسىڭىز كۆتۈرۈپ ئەكەتمەمدىم، — دېدى زورەم چاقچاق قىلىپ.

— زامان ئاخىر بولغاندا ئاياللار ئەرلەرنى كۆتۈرۈپ ئوينايدۇ دەۋاتاتتى بىرى، — دېدى تاھىر كۈلۈپ.

— ئەمىسە، يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ ئىچىڭلار، بۇگۇن كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرۈۋالامسىز، — دېدى زورەم چاقچاق قىلىپ.

ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى، زورەم تاھىرنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئىككى ئاچقۇچنى تۇتقۇزدى.

— بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ياتاقنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئاينۇرنى ئايلاندۇراي... سىز ئونىنچى ياتاقتا كىرىڭ، سەككىزىنچى ياتاقنىڭ ئاچقۇچىنى مەردانغا بېرىڭ، — دېدى ئۇنىڭغا پىچىرلاپ.

— ماقۇل.

زورەم مەردانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار مەردانكا، بىز ھېساباتنى قىلىۋېتىپ چىقىمىز، — دېدى زورەم.

— ھېساباتنى تاھىر قىلمامدۇ؟

— ئوخشاش، ئىككىمىز بىر ئادەم! — دېدى زورەم.
ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

زورەم بىلەن ئاينۇر ئۇلاردىن ئايرىلىپ كاسسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھېساب - كىتابنى تۈگەتتى، يەنى زورەم ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇتۇۋالغان مەخسۇس نېسى دەپتەرگە قول قويۇپ بەردى.

— سېنىڭ ئىشىڭ پۈتۈپ كېتىدىغان بولدى، ئاداش، — دېدى زورەم كۈلۈپ.

— بۇنداق ئىشلارنى پۈتكەندە كۆرىمىزدە، ئاداش، — دېدى ئاينۇر.

— پۈتىدۇ، ئاداش. ئىككى باشلىقنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىش تۇرسا بۇ! — دېدى زورەم، — مۇنداق گەپ، ئاينۇر، چۈشتە تاھىر تېلېفون بېرىپ، ئىككى ئېغىز ياتاق ئېلىپ قويساڭلار، مەردان بۇگۈن ئۆيگە كەتمەيدىكەن دېگەنىدى، بەشىنچى قەۋەتتىن ئىككى ئېغىز ياتاق ئېلىپ قويغانىدىم، بايام تاھىرنى چەتكە تارتىپ ئاچقۇچنى بېرىۋەتتىم، ئىككىمىز ئۈستىگە چىقىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭايلى ئەمدى...

— ياق، ئاداش. مەن ئۇلارنىڭ ياتىقىغا كىرمەيمەن! — دېدى ئاينۇر، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— سەت ئەمەسمۇ! خوش ئەمىسە دەپ قويۇپلا ماڭىمىز! — دېدى زورەم.

— ياق، ئۆزۈڭ چىق، ئاداش، مەن چىقمايمەن!
— ئۇنداق قىلساڭ ئىشنى بۇزۇۋالىسەن، ئاداش!

— مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن، مېنى مەجبۇرلىما، ئاداش، ئەمىسە مەن ماڭدىم، — دېدى ئاينۇر. ئۇ سول قولىدىكى سومكىسىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.
— ئاينۇر!...

ئاينۇر كەينىگىمۇ قارىماي رېستوراندىن چىقىپ كەتتى.

«ساراڭ، مۇشۇ مىجەزى بىلەن ئۆسكۈسى باركەن تېخى!» دېدى زورەم ئىچىدە.

زورەم تۇرغان يېرىدە بىردەم تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى، مەردان ئۇنىڭ ئۇچۇن بەكمۇ مۇھىم ئىدى، ئۇ ئاستا مېڭىپ بەشىنچى قەۋەتكە چىقتى، مەردان سەككىزىنچى ياتاقتا ئىدى، سەككىزىنچى ياتاقنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىقلىق ئىدى، ئۇ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاينۇر زورەمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ كىرىپ كەلدى. زورەم ئىشخانىدا يالغۇز ئىدى، ئۇ كەل ئاداش دەپ ئاينۇرنى قىزغىن قوبۇل قىلدى، ئاينۇر كەينىگە يېنىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېتىپ زورەمنىڭ ئۇستىلى ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— بىر ئىش بىلەن كىرگەنىمدىڭ، ئاداش؟ — دېدى زورەم ھىجىيىپ.

— ساڭا بىر گەپنى دەپ قوياي دەپ كىرگەن، ئاداش. بىرى كىرىپ قالمىسۇن دەپ ئىشىكنى يېپىپ قويدۇم. مۇنداق گەپتى: ھېلىقى كۈنى سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن تاھىر ۋە مەردانكاملار بىلەن بىللە رېستوراندا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەسلىدە مەن ساڭا مۇشۇ گەپنى دېمەي دېگەن، لېكىن دېمىسەم كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇ كۈنى ساڭا يۇز كېلەلمەي ئاشۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم، ئاداش. مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن، ماڭا بۇنداق ئىشلار توغرا كەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاشۇنداق سورۇنلارغا باشلىما. ئەمەلىيەتتە مەكتەپتە سەن بىلەن ئاشۇنداق سورۇنلارغا بارالماي يۈرگەن قىز - چوكانلار ئاز ئەمەس. ئاشۇلارنى رازى قىلساڭ بولىدۇ، ئاداش. ھەممە ئادەم ئۆز مىجەزى بىلەن ياشايدۇ، ساڭا ياققان ئىش ماڭا توغرا كەلمەيدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق بىر قائىدىدە ياشايمەن، مەن بىر ئوقۇتقۇچى، مەن مۇشۇ كەسىپنىڭ تەلىپى بويىچە ياشىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئېرى بار ئايال، بۇ بەكمۇ شەرەپلىك ھەم شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىش. ئەگەر دەسسىمەيدىغان يەرگە

دەسسەپ قالسام، ئۆزۈمنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى بۇلغاپ قويىمەن، ئۆزۈم يەيدىغان ناننى دەسسەپ قويىمەن، شۇنىڭ بىلەن قارا ساناشنى، خىيانەت قىلىشنى ئۆگىنىپ قالىمەن ـ دە، بىر ئۆمۈر ئازاب ئىچىدە ئۆتىمەن. شۇڭا مېنى ئايا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئېرىقىدا ئاقاي، بەلكىم بۇ ئېرىق شۇ قەدەر كۆزۈمسىز ھەم ئاددىي، لېكىن ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئېرىقى، بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە ئۆزۈمنىڭ نەرسىسى، ئاداش...

زورەم تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۆلكە ئاللىبۇرۇن يوقالغانىدى، ئۇ بىر ئۆڭۈپ ـ بىر تاتىرىپ ئاينۇرغا قارىدى.

— گېپىڭنى چۈشىنىمەن، ئاداش. بىر ئىش بولدىما؟ — دېدى زورەم ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ.

— ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىسەن، ئاداش. ئەمىسە خوش، — دېدى ئاينۇر. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

«ئۆزىچە ئىشكنى ئېتىپ كەتكىنىنى قاراڭ ساراڭنىڭ، ئۆسەرمىش تېخى» دېدى زورەم غودۇڭشىپ.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئاينۇر بۇ ئىشلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتتى، ئۇ كۈندە ئۆزىنىڭ مەكتەپتىكى ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ، ئاندىن كىتابخانىسىغا بېرىپ، قىزلاردىن ئەھۋال ئىگىلەيتتى.

ئاينۇر بىر ئاي ئىچىدە قىزلارنى ئىشقا سېلىپ، بەزى مۇھىم نەشرىياتلارنىڭ توپ تارقىتىش شىركەتلىرىگە ئۆزى بىۋاستە تېلېفون بېرىپ، تاشمۇھەممەت مۇدىر تەلەپ قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى. ئاينۇر مۇشۇ ئىشتا ئوبدانلا پۇل تېپىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ كىتابخانىنى ئاچقاندىن بېرى ئەڭ جىق پۇل تېپىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تاشمۇھەممەت مۇدىر كىتابخانىغا كېلىپ، ئاينۇر بىلەن كۆرۈشتى.

— بىرنەچچە قېتىم كېلىپ، سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم

ئاينۇر، ــــ دېدى ئۇ كۈلۈپ.

ــــ بەزىدە ئالدىراش بولۇپ قالىمەن تاشمۇھەممەت.

ــــ كەچتە ۋاقتىڭىز بولسا، بىللە تاماق يەپ كېلەيلى دېگەنىدىم، ــــ دېدى تاشمۇھەممەت كۈلۈپ.

ــــ بىرەر ئىش بارمىدى ـ يا؟

ــــ ياق، بىر ئاغىنەم رېستوران ئېچىۋالغانىدى، بەك چاقىرىپ كېتىۋاتىدۇ، بىللە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېلەيلى دېگەن.

ــــ ئەمىسە، مەن بارماي، تاشمۇھەممەت، ئابۇش مېنى «ھەر ـ قانداق ئادەم بىلەن ھەرقانداق يەرگە بارماڭ» دېگەنىدى، گەپ ئاڭلىمىسام بولمايدۇ. ئەگەر ئىككىمىزنىڭ تاماق يەپ ئولتۇرغىنىمىز ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالسا، ئۇ ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. تاشمۇھەممەت، بىز يەنە بىر ئەرنى ئايايلى! ــــ دېدى ئاينۇر.

تاشمۇھەممەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

ــــ ئەمىسە، كېيىن بىر پۇرسەت چىقىپ قالار، ئاينۇر، ــــ دېدى.

ــــ بولمىسا، مەن ئەتىگەنچە ئابۇشقا تېلېفون بېرىپ سوراپ باقاي، ــــ دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

ــــ خوش ئەمىسە، ئاينۇر، ــــ دېدى تاشمۇھەممەت. ئۇ كىتابخانىدىن قاچقاندەك چىقىپ كەتتى.

«ئاجايىپ جايلىدىما بۇ ساراڭنى!» دېدى ئاينۇر ئىچىدە كۈلۈپ.



# 15

يازلىق تەتىل يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاينۇر خېلى ئارام ئې-
لىپ قالدى. ئۇ چۈشكىچە ئۆيدە دەم ئالسا، چۈشتىن كېيىن كى-
تابخانىغا بېرىپ قىزلارغا ياردەملىشەتتى، چۈشتىن كېيىن يال-
غۇز قايتىپ كېلىپ، كۆڭلى تارتقان تاماقنى يەپ، ئوغلىنى ئەر-
كىلىتىپ ئارام ئالاتتى.

مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىردىنلا خوتەنگە بېرىپ
ئابۇش بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ ئابۇشنى
سېغىنغانىدى. ئۇ چوڭ ئۆيگە بېرىپ، بۇ ئويىنى ئاپىسىغا دېدى.
ئۇنىڭ بۇ ئويى ئاپىسىغا خۇشياقمىدى.

— خىيالىڭىزغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىمەن دەيسىزكەن،
قىزىم. ئۆزىڭىزدىن چوڭ بىرنەرسىنى تېپىۋالدىڭىز، ھە بوپتۇ
دېدىم، مانا ئەمدى ئۇ بىرنېمىڭىز خوتەنگە بېرىۋالدى. تاشچىلىق
قىلىۋاتىدۇ دەيسىز. ئەمدى ئاشۇ جاھىل خوتەنلىكلەر تاش ئېلىپ-
سېتىشامدىكەن؟ ئاللا دېدىم، قىلمايدىغان ئىشى يوقكىنا بۇ
خەقنىڭ! تاش ئېلىپ - ساتامدۇ، تېزەك ئېلىپ - ساتامدۇ،
سىزگە نېمە بار ئۇ يەردە؟ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. توي قىلىپ،
ئانام، دادام بارمىغان كانغا چىقىپ تۇرۇپ كەلدىڭىز، مانا ئەمدى
خوتەنگە بارىمەن دەۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنى بەك ئۇرۇپ كەتمەڭ ئۇ
ئابۇشقا، قىز بالا دېگەن ئەر قوغلاپ يۈرەمدۇ؟ ئەر دېگەن ئايالىنىڭ
كەينىدىن چىقمىغاندا ئاندىن ئۇنىڭ يېگەن نېنى چىرايىغا
چىقىدۇ. ئۇنى مۇشۇنداق قوغلاپ يۈرسىڭىز، چېچىڭىز تۆت كۈندە
ئاقىرىپ كېتىدۇ. مەن سىزگە دەپ قوياي، بۇ ئىشنى قىلماڭ،

تېلېفون ئۈزۈك. «قايتىپ كېلىڭ، مۈشۈ غۈلجىدىمۇ ئوقەت بار، مۈشۈ يەردە تىرىكچىلىك قىلىڭ» دەڭ ! ــ دېدى گۈلنىساخان چىرايىنى ئاچماي.

ــ ئۆزىڭىز تېلېفون بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئاپا، ــ دېدى ئاينۇر.

ــ تېلېفوننىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرمامدۇ... تويدا بىرى ئۇنى بېقىۋالغان بالا ئىكەنغۇ دەۋاتاتتى، ئانىسىنى ئىزدەپ يۈرەمدۇ بۇ ئابۇش خوتەندە ! ــ دېدى گۈلنىساخان كىنايە قىلىپ.

ــ ئۇنداق دېمە، ئاپا.

ــ ياق، قىزىم، ئەمدى مۈشۈمۇ تۇرمۇش بولىدىمۇ؟ پۈتۈن ئوقەت مۈشۈ غۈلجىدا تۇرسا، ئۇنىڭغا خوتەندە نېمە بار ئىكەن ئەمدى؟ بۇ يەردە بىر گەپ بار.

ئاينۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى، ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە كەتتى. ئۇ ئىچىدە «شۇنداق، ئابۇشتا بىر ئىش بار، بولمىسا خوتەنگە بېرىۋالامدۇ؟» دېدى.

ئەتىسى ئاينۇر دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، دادىسىغا «خوتەنگە بېرىپ كېلەي دەۋاتىمەن» دېدى.

ــ ياخشى ئويلاپسىز، قىزىم، بالىڭىزنى ئالغاچ بېرىپ دادىسىغا كۆرسىتىپ كېلىڭ، ــ دېدى يالقۇن.

ــ ئاپام ئۇنىمايۋاتىدۇ، ــ دېدى ئاينۇر ئاپىسىغا قاراپ.

ــ ئاپىڭىز ماڭا دېگەن، مەن ئاپىڭىزنى قايىل قىلىپ قويدۇم، ئابۇش خوتەنگە ئوينىغىلى كەتمىدى، ئوقەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇمۇ ئۆيۈم بار، بالام بار دەپ تىرىشىۋاتىدۇ، ساۋاقدىشى بىلەن شېرىك بولۇۋاپتۇغۇ، ياخشى ئەمەسمۇ! پۇل بولمىسا نېمە ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟ ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ ئەمەسمۇ! يىلدا بىر كەلمىسە، ئىككى يىلدا بىر كېلىدۇ! ــ دېدى يالقۇن.

ــ رەھمەت دادا، ئەمىسە، مەن ئالماسنى ئېلىپ بېرىپ

كېلەي، — دېدى ئاينۇر.

— بېرىپ كېلىڭ، قىزىم، لېكىن ئۇنى ئالدىراتماڭ، بىللە كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالماڭ، ئىش - ئوقىتىنى قىلىۋالسۇن، مەن خوتەندىكى تاش بازىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغان، ئۇ تاشلارمۇ بىر كۈنى تۈگەيدۇ، بۇ سودىنى مۇشۇ قىزىقىدا قىلىۋالغىنى قىلىۋالغان...

— ئەمىسە، ئاشۇ تاشلىرىنىمۇ پۇلغا ئالىدىغان ئەزىز يۇرتقا يۆتكىلىپ كەتسىڭىز بولغۇدەك، قىزىم، — دېدى ئەتىگەندىن بېرى چىرايىنى ئاچماي ئولتۇرغان گۈلنىساخان.

— چىدىماي قالارسەنمىكىن ! — دېدى يالقۇن كۈلۈپ.

— كانلىقتا تېگىمەن دەپ تۇرۇۋالغاندىمۇ چىدىدىم، ئەمدى چىدىيالمىسام، مەنمۇ شۇ باھانىدە قىزىمنى كۆرىمەن دەپ بېرىپ خوتەنلەرنى كۆرۈپ كەلمەمدىم، — دېدى گۈلنىساخان.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ مانا، يۇرت كۆرۈش كېرەك، — دېدى يالقۇن.

— مەندىن ئەنسىرىمەڭ، ئاپا، بېرىپ تۆت - بەش كۈن تۇرۇپلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئاينۇر.

— بالا دېگەننى دادىسى باشقۇرىدۇ، مېنىڭ پىكرىم يوق، بېرىپ كېلىڭ. يولدا زېرىكىپ قالىمەن دېسىڭىز، كانغا چىقىپ قېينانىڭىزنىمۇ ئېلىۋېلىڭ، — دېدى گۈلنىساخان.

يالقۇن كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە، بۇ يىل سىنى، كېلەر يىلى قېينانامنى ئاپىرىمەن ! — دېدى ئاينۇر قىزىقچىلىق قىلىپ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ئابۇش خوتەندە بەش - ئون يىل تۇرۇپ قالىدىكەندە، — دېدى گۈلنىساخان.

— جىق تۇرسام بىر يىل تۇرىمەن، دېگەن، ئاپا !

— يول بولسۇن، قىزىم، بېرىپ كېلىڭ، بولمىسا كانىنىڭ توپىسىدىن بىر سىقىم ئالغاچ بارارسىز، — دېدى گۈلنىساخان.

ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

ئاينۇر ئۆينى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بالىسىنى ئېلىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئابۇش ئۇنىڭغا: «ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئايروپىلاندا كېلىڭ، بالا قىيىنلىپ قالمىسۇن» دېگەنىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن بازارغا چىقىپ سوۋغاتلىق ئالدى: ئابۇشقا كۆڭلەك بىلەن ئىشتان ئالدى، مەتنىيازنىڭ ئايالىغىمۇ ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن بىرنەچچە خىل رەخت سېتىۋالدى، ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا ئابۇشقا تېلېفون قىلىۋەتتى. ئايروپىلان بىر يېرىم سائەت ئۇچۇپ، خوتەن ئايرودرومىغا ساق ـ سالامەت قوندى، ئابۇش مەتنىياز، پەتەمخانلار بىلەن ئايرودرومغا كېلىپ بولغانىدى. ئاينۇر يىراقتىن ئابۇشنى كۆردى. ئۇ بالىسىغا «ئالماس، ئەنە دادىڭ، يۈگۈر بالام» دېدى، ئالماس دادىسىنى كۆرۈپ يۈگۈردى. ئۇ دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاندىن ئاينۇر يېتىپ كەلدى. ئابۇش ئاينۇر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىسىنى ئېلىپ، ئايدەك جامالىغا قارىدى.

ـــ يولدا جاپا تارتمىغانسىلەر؟ ـــ دېدى.

ـــ جاپا تارتمىدۇق، ئايروپىلاندا بەك ئازادە كەلدۇق، ـــ دېدى ئاينۇر.

ئابۇش ئاينۇرغا قېشىدا كۈلۈپ تۇرغان ساۋاقدىشى مەتنىياز بىلەن ئۇنىڭ ئايالى پاتەمخاننى تونۇشتۇردى، ئۇلار ئاينۇرنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ـــ بالىنى ئەكىلىپ ياخشى قىپسىز، ئاينۇر خانىم. ئابۇش پات ـ پات بالامنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى دەيدىغان بولۇپ قالغان، ـــ دېدى مەتنىياز.

ـــ بەك ئۆز بالىكەن بۇ، ـــ دېدى پاتەمخان.

ئۇلار ئايرودرومنىڭ زالىدىن چىقىپ، مەتنىيازنىڭ



ماشىنىسىغا چىقتى، مەتنىياز مېھمانلارنى ئۆيگە ئەكەلدى. ئۆيدە تاماقىقا تەييارلىق قىلىۋاتقان تۇغقانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئابۇش ئاينۇرنى ئىچكىرى پەلەمپەيدىن باشلاپ چىقىپ، ئۇنى چىرايلىق بېزەلگەن سارايغا ئەكىردى، ئاينۇر ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، پاتەمخان مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئاينۇر قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئابۇش پاتەمخاننىڭ قولىدىكى ئاپتۇۋىنى ئېلىپ ئالماسنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى.

— ھە، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، بالا بىلەن قىينالمىغانسىز؟ — دېدى ئابۇش.

— ياق، ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمىدىم، — دېدى ئاينۇر.

مەتنىياز ئۆيگە كىردى.

— تاماق تەييار بوپتۇ، ساۋاقدىشىم، ئەكىرسۇنمۇ؟ — دېدى مەتنىياز ئابۇشقا.

— ئەكىرسۇن، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

بىردەمدىن كېيىن پاتەمخان يوغان بىر لېگەندە گۆش كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ تاماقنى ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى، مەتنىياز مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— بىزنىڭ مۇشۇ پاتەمخان گۆش پىشۇرۇشقا بەك ئۇستا كۆرسىلە، ئاينۇر خانىم، قازىنىمۇ بەك نوچى ئەمەس بولمىسا، قېنى ئالسىلا. ئەمدى ساۋاقداش، ئۆزۈڭ گۆشنىڭ ئوبدان يېرىنى بىلىسەن ئەينا، بالىغا ئېلىپ بەر، — دېدى مەتنىياز.

— رەھمەت ئاداش، رەھمەت، — دېدى ئابۇش.

مېھمانلار تاماق يەۋاتقاندا، پاتەمخان تۆت چىنە ئۇگرە ئەكىردى، مەتنىياز تاماقنى بىر – بىرلەپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەمىسە، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئىچەيلى مېھمانلار، — دېدى مەتنىياز. ئاندىن ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئالماسقا قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ، — ئەمىسە، ئۆزۈڭلىنىڭ ئىشىنىمۇ

ئەكىرىڭلا خوتۇن، مېيەگە !

— ماقۇل، — دېدى پاتەمخان، ئۇ ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، يۇگۇرگەن پېتى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.

— پاتەمخان گۆش پىشۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىكەن جۇما، ئاداش، — دېدى ئابۇش.

— ھەي، مەن ئۆگەتتىم، ئاداش، ئۇنىڭغا، ماڭا تەگكەندە پايپىقىنىمۇ ئوڭشاپ كىيەلمەيتتى، — دېدى مەتنىياز.

ئاينۇر كۈلۈپ كەتتى.

پاتەمخان بىر چىنە ئۇگرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى.

— ئاينۇر خانىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇڭلا، — دېدى مەتنىياز.

— ماقۇل، — دېدى پاتەمخان.

«بەك ياۋاش خوتۇنكەن بۇ!» دېدى ئاينۇر ئىچىدە.

— دادا، ماڭا بىر ئوشۇق چىقتى، ساقلاپ قويىمەن، غۇلجىغا ئەكىتىمەن، — دېدى ئالماس.

— شۇنداق قىل، بالام، — دېدى ئابۇش.

— غۇلجىغا سۆڭەك ئەكەتمەيسىز، بالام، مەن سىزگە چىرايلىق قاشتېشىدىن بىرنى بېرىتمەنيا ! — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ.

ئۇلار ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ئۇگرە بەك ئوخشىغانىدى، ئاينۇرغا بەك تېتىپ كەتتى.

— گۆش بەك تاتلىق پىشىپتۇ، — دېدى ئاينۇر پاتەمخانغا قاراپ.

— مەتنىياز بازاردىن بەك ياخشى گۆش ئەكىلىدۇ ئەينا ! — دېدى پاتەمخان كۈلۈپ.

— خوتەننىڭ گۆشى ئەسلىدە تاتلىق، يېرى شورلۇق ئەمەسما، ئوت - چۆپىنىڭ كۈچى بار، — دېدى مەتنىياز.

— شۇنداق، — دېدى ئابۇش.

تاماقتىن كېيىن پاتەمخان داستىخاننى يىغىشتۇردى،

مەتنىياز ئايالىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ خوتەندە ئۆينى چىرايلىق سالىدىكەن ئەمەسمۇ، ئابۇش؟ ! — دېدى نەقىش بىلەن تولغان ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە قاراپ.

— تاپقان پۇلىغا ئۆي سالىدىكەن بۇ خەق، — دېدى ئابۇش، — تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى سالامەتما؟

— ھەممىسى ياخشى، سالام ئېيتتى.

— سالامەت بولسىلا بولدى، ئالماس، مېنى كۆرگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دېدى ئابۇش ئالماسقا قاراپ.

— كۆرگۈم كەلدى، دادا، — دېدى ئالماس قولىدىكى ئوشۇقنى ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— بۇ يىل توققۇزىنچى ئايدا ئالماس ئوقۇش يېشىغا تولىدۇ، ئەمدى بۇرۇنقى گەپ بويىچە ئۇنى قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپقا بېرىۋېتىمەن، — دېدى ئاينۇر.

— شۇنداق قىلىڭ، ئۇيغۇرچىنى ئۆيدە ئوقۇتايلى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىز دېگەندەك قوش تىللىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟

— ياخشى، ئىش ـ ئوقىتىمىز يامان ئەمەس. مەن كەلگەندىن بېرى بىز ئاساسەن شاڭخەيدە بولدۇق. ئۇ شەھەر بىزگە قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالدى. بىز جىق ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمىز جۇمۇ، ئاينۇر. نۇرغۇن باللار تاشلارنى مۇشۇ خوتەندىلا بەك ئەرزان باھادا سېتىۋېتىدىكەن! بىز بىرىنچى قېتىم شاڭخەيگە بارغاندا ئون نەچچە كۇن بازار كۆردۇق، خوجايىنلار «سىلەردە تاش بارمۇ؟» دەپ كەينىمىزگە كىرىۋالدى، بىز: «تاش يوق، بىزمۇ تاش ئالغىلى كەلدۇق» دەپ ئۇلارغا سىر بەرمىدۇق، شۇنداق قىلىپ بىز ئۇ يەردىكى ھەقىقىي بازارنى بىلىۋالدۇق، ئاندىن ئەكەلگەن تاشلىرىمىزنى ئالدىرىماي بىر ـ بىرلەپ

چىقىرىپ، ناھايىتى ياخشى باھادا ساتتۇق. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بۇنچىلىك پايدا ئالىمىز دەپ ئويلىمىغان، ھە دېگەندىلا سودىمىز ئوڭغا تارتتى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ قورقماي تاش ئالدىغان بولدۇق. بەزىدە ئايروپىلان بىلەن تۆت كۈندە بىر شاڭخەيگە بېرىپ ـ كېلىمىز. خۇدا بۇيرۇغان بولسا بەك يول تېپىپ كەتتۇق، — دېدى ئابۇش.

— ھەرھالدا ئىشىڭىز ياخشى ئىكەن، — دېدى ئاينۇر.

— مەتنىيازنىڭ بىر بىنا ئۆيى بار ئىكەن، شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئابۇش.

— ھە...، تېلېفوندا ئۇ گەپنى دېمىدىڭىز.

— مەتنىيازنىڭ ئېلىپ قويغان ئۆيى جىققەن.

— ياخشى بوپتۇ.

— بىردەمدىن كېيىن شۇ ئۆيگە كېتىمىز.

— ئۈرۈمچىدىن پاتەمخانغا بىرنەچچە كۆڭلەكلىك رەخت ئېلىۋالغان، ئەمىسە، ئۇنى مۇشۇ يەردىلا قويۇپ قوياي، — دېدى ئاينۇر.

— شۇنداق قىلىڭ، ئۇ كىرگەندە قويۇڭ، بەك ياۋاش خوتۇنكەن ئۇ! — دېدى ئابۇش.

— ھەئە.

— دادا، مەنمۇ ياۋاش، — دېدى ئالماس كۈلۈپ.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پاتەمخان چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئارقىدىن مەتنىيازمۇ ئۆيدە پەيدا بولدى. پاتەمخان چاي قۇيۇۋاتقاندا، ئاينۇر سومكىسىدىن رەختلەرنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— ئالدىراپلا يولغا چىقىپ قالدىم، پاتەمخان. ئۈرۈمچىدىن سىزگە بىرنەچچە كۆڭلەككلىك رەخت ئالغاچ كەلگەن، كۆڭلەك تىكتۈرۈپ كىيەرسىز، — دېدى ئاينۇر.

— مانا، ئاينۇر خانىم سىلىگە بەك ئۆز رەخت ئېلىپ كەپتۇ، ياشىرىپ كېتىدىغان بولدۇڭلادە، خوتۇن، — دېدى مەتنىياز.

— رەھمەت، سىلەرنى ئاۋارە قىپتىمەن، خانىم، — دېدى پەتەمخان كۈلۈپ.

— ئەمىسە، ئاداش، مەن بۇلارنى ئاۋۇ ئۆيگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەيما، — دېدى ئابۇش مەتنىيازغا قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى، ئاداش، مەن ماشىنىدا ئاپىراي، — دېدى مەتنىياز.

— سېنى ئاۋارە قىلماي، ئاداش، مۇنداق بازار ئايلاندۇرۇپ ئاپىرىمەن، — دېدى ئابۇش.

— مەيلى ئەمىسە.

ئابۇش ئاينۇرنى ۋە بالىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى. دەرۋازىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئابۇش ئايالىنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئابۇش.

— خوش، كەچتە كۆرۈشەرمىز، ئاداش، — دېدى مەتنىياز.

مېھمانلار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، پاتەمخان ئېرىگە قاراپ:

— مەتنىياز، ئۆي جىق بولغاندىكىن مۇشۇ يەردە تۇرسا بولمامتى؟ — دېدى.

— گاچىما سىلە، خوتۇنى كەلدىيا ئەينا؟ — دېدى مەتنىياز.

ئابۇش ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى. ئۇ ئايالى بىلەن بالىسىنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئاينۇر ھەممە ئۆيگە بىر قۇر كىرىپ چىقىپ، ئابۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ياخشى ئۆي ئىكەن، ئابۇش.

— مەتنىيازنىڭ ئېپى بار ئىكەن، ئاينۇر، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئەرزان ئۆي چىقىپ قالسا سېتىۋالىدىكەن، باھاسىغا چىقسا سېتىۋېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەر ئېلىپ - ساتىدىكەن،

ئىشقىلىپ جىم تۇرمايدىكەن. مۇنداق ئۇقۇپ باقسام، ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ جىق پۇل تاپقىنى مۇشۇ ئىكەن! — دېدى ئابۇش.

— تىرىشچان ئىكەندە! — دېدى ئاينۇر.

— شۇنداق، ئىشقىلىپ پول تېپىپ كېتىپتۇ، سېتىۋالغان ئۆينى قارىمامسەن!

— دېرىزىنى ئېچىۋېتەي، ئۆيگە ئازراق ھاۋا كىرسۇن، — دېدى ئاينۇر. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ قېشىغا باردى.

— مەن ئاچاي، ئاينۇر، سىزنىڭ بويىڭىز يەتمەيدۇ، — دېدى ئابۇش ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ. ئۇ ئاينۇرنىڭ قولىنى تۇتتى، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى...

ئەتىسى ئابۇش ئاينۇر بىلەن ئالماسنى ئەگەشتۈرۈپ تاش بازىرىغا كەلدى. ئۇلار مەتنىيازنىڭ دۇكىنىغا كىردى. مەتنىياز ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئابۇش ئايالىغا دۇكاندىكى تاشلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا تاش توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. ئاندىن ئۇنى باشقا دۇكانلارغا ئەكىرىپ خىلمۇخىل تاشلارنى كۆرسىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭغا ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قىممىتىنى تونۇشتۇردى.

— بۇ تاشلارنى چەت ئەللىكلەرمۇ ئالامدىكەن، ئابۇش؟ — دېدى ئاينۇر.

— ياق، ياۋروپالىقلار ئالمايدىكەن، ياپونىيە، مالايسىيا، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر ئالىدىكەن، قالغانلىرى قاشتېشىنى ۋاي دەپ كەتمەيدىكەن...

— ھە، مۇنداق گەپكەندە! قىزىق ئىشكەن بۇ، خوتەندىن باشقا يەردە بۇنداق قاشتېشى يوقكەندە.

— يوق، شۇڭا پۇل بولۇۋاتقان گەپ، بەك ئاز ئەمەسمۇ، پۈتۈن جۇڭگودىمۇ ئاران تۆت يەردىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابۇش.

ئۇلار تاش بازىرىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەتنىيازنىڭ دۇكىنىغا قايتىپ كىردى. مەتنىياز لىق ياڭاق قاچىلانغان بىر سومكىنى ئالماسقا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ياڭاق چېقىپ يە، بالام، — دېدى مەتنىياز.

— رەھمەت، — دېدى ئالماس خۇشال بولۇپ.

— مەن بالىلىرىمنى بازار ئايلاندۇراي، ئاداش، كەچتە كۆرۈشمىسەك، ئەتە كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئابۇش.

— ھەي، ئۆيدە چۈشلۈك تاماق ئېتىۋاتىدۇ ئەينا....

— ئۆيىنىڭ تامىقىنى ئەتە يەيلى، ئاداش. ئاينۇر بازار كۆرۈۋالسۇن، ۋاقتى قىسقەن، جىقراق ئايلاندۇراي، — دېدى ئابۇش.

— ھە، مەيلى ئەمىسە، مۇشۇ يەردىلا دېيىشىۋالايلى، ئەتە چۈشتە بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيلى، ئاينۇر قانداق تاماقتا ئامراق؟ — دېدى مەتنىياز.

— ئەمىسە، قىيمىسىغا ئوبدان تېتىتىپ مۇچ بىلەن شوخلا ئارىلاشتۇرۇپ گۆشنان ئەتسۇن، — دېدى ئابۇش.

— ھە ماقۇل، ئاداش، ئەمىسە! — دېدى مەتنىياز.

— ئاينۇر يەردە ياڭاق چېقىۋاتقان ئالماسنىڭ قولىنى تۇتتى. ئالماس ياڭاقنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئاينۇر يەردىكى ياڭاق قاچىلانغان سومكىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن ئابۇشنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— داداشقا خوش دە، بالام، — دېدى ئاينۇر بالىسىغا.

— خوش، دادا، — دېدى ئالماس كۈلۈپ.

— خوش، بالام، — دېدى مەتنىياز.

ئابۇش ئاينۇرنى ئەتلەس بازىرىغا باشلاپ كىردى. ئاينۇر ھەر خىل ئەتلەسلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— رەڭگى بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن، ئابۇش، — دېدى ئاينۇر.

— ھۆنەرگە كەلگەندە خوتەن خەلقى بىلەن تەڭ بولماق تەس، ئاينۇر. مانا، قول بىلەن ئىشلەنگەن ئەتلەسلەر مۇشۇ، ماۋۇ نۇسخىلىرىغا قاراڭ، مىڭ يىلدىن كېيىن قارىسىڭىزمۇ زامانىنىڭ كەينىدە قالمايدۇ، نېمىدېگەن ھۆنەر بۇ...

— راست.

— باشتا رەڭگىنى، تاللاڭ، ئەڭ نوچىسىنى ئالىمىز.

— بېغىر رەڭدىكىسىنى ئالايلىمىكىن.

— ئۇمۇ بولىدۇ، ماۋۇ رەڭگەردىنىمۇ بىرنەچچە كۆڭلەكلىك ئېلىپ قويۇڭ، غۇلجىغا ئاپىرىپ تۇغقانلارغا بەرسىڭىز خۇش بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— راست، ماۋۇ رەڭدىكىسىمۇ بەك ئاچىدىكەن - ھە!

— ياشلارغىمۇ، چوڭلارغىمۇ بولىدىغان رەڭ بۇ!

— ئەمىسە، ھەممە رەڭدىن بىر - ئىككى كىيىملىكتىن ئالاي، ئابۇش، ئاپاملارغا قايسى رەڭنى ياقتۇرسا شۇ رەڭدىن كىيىم تىكتۈرۈپ بېرەي، — دېدى ئاينۇر.

ئاينۇر رەڭنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئابۇش دۇكان ئىگىسىگە: «ئەمىسە، مۇشۇ رەڭلەر بويىچە بىرنىچى دەرىجىلىك ئەتلەسلەردىن ئالايلى» دېدى. دۇكان ئىگىسى مالنى ئەكەلگەندىن كېيىن، باھادا كېلىشتى، ئاندىن پۇلنى تۆلەپ مالنى ئېلىپ ماڭدى.

— ئاز ئېلىپ قالمىغاندىمىز؟ — دېدى ئابۇش.

— ياق، جىق ئالدىم، توغقانلاردىن ئېشىپ، مەكتەپتىكى دوستلىرىمغىمۇ يېتىدۇ تېخى، — دېدى ئاينۇر.

— ياخشى، ئەمدى تاماققا بارايلى، ئاينۇر، كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ؟

— نېمە يېسەم بولۇۋېرىدۇ، ئابۇش، ئۆزىڭىز دەڭ، — دېدى ئاينۇر.

— خوتەننىڭ تاماق تۈرلىرى بەك جىقكەن. بىرنەچچە

كۆنگچە سىزنى ھەممە تاماقلارغا ئېغىز تەگكۈزەي، بۇگۈن تونۇر كاۋىپى يەيلى، — دېدى ئابۇش.

— ماقۇل، — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

ئۇلار ئەڭ داڭلىق تونۇر كاۋىپى ساتىدىغان بىر ئاشخانىغا كىردى، ئادەم بەك جىق ئىدى. ئۇلار بەكمۇ كۆركەم بېزەلگەن ئاشخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تورۇشىغا، كۈتكۈچىلەر ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، دېرىزە قېشىدىكى ئۈچ كىشىلىك شىرەگە باشلىدى، ئاندىن: «سىلەرگە قانچىلىك كاۋاپ ئەكىلىمىز؟» دەپ سورىدى.

ئابۇش:

— ئىككى كىلوگرام ئەكىلىڭلار، — دېدى.

— ئىككى كىلو جىق ئەمەسمۇ، ئابۇش، — دېدى ئاينۇر.

— بۇلار كاۋاپنى بەك ياخشى پىشۇرىدۇ، ئاتا كەسىپ ئىكەن ئەمەسمۇ، يەتمەي قالارمىكىن تېخى ! — دېدى ئابۇش.

— ئىككى كىلو دېگىنىمىز تۆت جىڭ دېگەن گەپتۇ، ئاكا؟ — دېدى كۈتكۈچى بالا.

— شۇنداق، تۆت جىڭ، — دېدى ئابۇش.

— بۇلار جىڭ دەپ قوللىنىدىكەندە ! — دېدى ئاينۇر.

— بۇلار جىڭ دەپ كۆنۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئابۇش، — ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىمۇ بار، ئۆگرە دېمەيتۇققۇ؟

— ئالماسقا بىر چىنە ئېلىپ بېرەيلى ئەمىسە، — دېدى ئاينۇر.

— مەيلى، — دېدى ئابۇش، ئۇ خىزمەتچى بالىنى يەنە چاقىرىپ، بىر چىنە ئۆگرە بۇيرۇتتى.

— بۇلار ئۆگرىنى ئاپئاق قىلىپ ئېتىدىكەن، ئابۇش.

— غۇلجىنىڭ ئۆگرىسىگە ئوخشىمايدۇ، بىز ئۆگرىنىڭ سۈيىنى قىپقىزىل قىلىۋەتمىسەك كۆڭلىمىز ئۇنىمايدىكەن.

كۈتكۈچى بالا بىردەمدىلا بىر لېگەن تونۇر كاۋىپىنى شىرە

ئۈستىگە قويدى. كاۋاپ بەك ئوخشىغانىدى، ئاينۇر كاۋاپنىڭ پارقىراپ تۇرغان رەڭگىگە قاراپ ئىچىلىپ كەتتى.

— كاۋاپنى بەك چىرايلىق پىشۇرىدىكەن، ئابۇش، قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق پىشۇرىدىكىنا، — دېدى ئاينۇر.

— ئېلىڭ ئەمىسە، — دېدى ئابۇش، ئۇ كىچىك بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ ئالماسنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — يە ساقام، خوتەننىڭ تونۇر كاۋىپى دېگەن مۇشۇ!

— دادا، ماڭا يوغانراقىنى ئېلىپ بەرمەمسەن! — دېدى ئالماس لېگەنگە قاراپ.

— مۇشۇ كاۋاپنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، بالام، ئاۋۋال قولۇڭدىكىنى يەپ بول، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ئالماس، كىچىك بالا دېگەن كىچىكرەكىنى يەيدۇ، گەپ ئاڭلا ـ ھە، ساقام، — دېدى ئاينۇر.

— ماقۇل، ئاپا!

ئاينۇر قولىغا بىر پارچە كاۋاپنى ئالدى. ئۇ كاۋاپنى يەپ بولۇپ، ئاپئاق قەغەزگە قولىنى سۈرتكەچ ئابۇشقا قارىدى.

— كاۋاپ بەك ئوخشاپتۇ، ئابۇش. بۇلارغا قول قويسا بولغۇدەك، — دېدى ئاينۇر.

— مۇشۇ ئابابەكرى خوجايىن ئونىنچى ئەۋلاد كاۋاپچى ئىكەن ئەمەسمۇ! تەجرىبە ئاز ئەمەستە ئۇلاردا! — دېدى ئابۇش.

— بۇلار غۇلجىغا بېرىپ مۇشۇنداق كاۋاپخانىدىن بىرنى ئاچسا بوپتىكەن، — دېدى ئاينۇر.

— بىزگە كاۋاپنىڭ ياخشى يېرىنى بېرىپتۇ جۇمۇ، ئاينۇر، مەڭ، مانى يەڭ، قوۋۇرغىسى بەك تاتلىق بولىدۇ، — دېدى ئابۇش بىر پارچە گۆشنى ئاينۇرغا تۇتقۇزۇپ، — بايام «بۇلار غۇلجىغا بېرىپ كاۋاپخانا ئاچقان بولسا بوپتىكەن» دېدىڭىزما، ئاقماسىمكىن دەيمەن، غۇلجىنىڭ ئادەملىرى كاۋاپقا ئانچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئادەتتە ئاش ـ تاماقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ

يەردە بىر ئوغۇل بالا ئۇلتۇرغان يېرىدە بىر كىلوگرام كاۋاپنى يەپ كېتەلمەيدۇ ئەمەسمۇ!

— راست، بىر يۇرتنىڭ كۆڭگەن خۇيى يەنە بىر يۇرتقا ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ئاينۇر.

ئالماس قولىدىكى گۆشنى يەپ بولغانىدى، ئابۇش ئۇنىڭغا يەنە بىر پارچە گۆش ئېلىپ بەردى.

— مانا، ساقام، ساڭا چوڭ گۆشتىن بىرنى بەردىم، يە !

— رەھمەت، دادا، — دېدى ئالماس.

ئاينۇر ئالماسنىڭ مايلىشىپ كەتكەن ئاغزىنى سۈرتۈپ قويدى.

— ئاستا يە، ساقام.

— ماقۇل، ئاپا.

— چوڭ بولغاندا ئاغزى يۇمشاق بالا بولىدىغان ئوخشايدۇ بۇ.

— دادىسىنى دورىسا، شۇنداق بولىدۇ.

— مېنىڭ ئاغزىم يۇمشاقما؟ مەن ئۆزۈمنى بەك قوپال ھېسابلايمەن، — دېدى ئابۇش.

— ئۇنداق ئەمەس، سىز مەن ئۇچۇن بەك مۇھىم، ئىككى كۈندىن بېرى سىزنى كۆرۈپ شۇ قەدەر ئازادە بولۇپ كەتتىم، — دېدى ئاينۇر.

— بىلىمەن، ئاينۇر، سىز جاپا تارتىپ قالدىڭىز، بۇ قېتىم مەن سىز بىلەن بىللە كېتىمەن، — دېدى ئابۇش.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاينۇرنىڭ ئېسىگە دادىسىنىڭ گېپى كېلىپ قالدى، ئۇ ئابۇشقا قارىدى.

— پىلانلىغان ئىشلىرىمىز قىشتا تۈگەيدۇ دېگەنتىڭىزغۇ؟

— ئەمدى مەن قايتاي، ئاينۇر، قالغان ئىشلارنى مەتنىياز ئۆزى قىلىۋالار، ئۇ ھازىر شاڭخەينىڭ ئىشلىرىنىمۇ بىلىپ كەتتى، — دېدى ئابۇش.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئابۇش، مەن سىزنى ئەكىتەي دەپ

كەلمىدىم، سىزگە مەدەت بېرەي دەپ كەلدىم، بىر يىل قىلىشقا پىلانلىغان ئىشىڭىزنى ئاخىرىغا ئاچىقىۋېتىڭ. قىلغان ئىشىڭىزدىن تولۇق نەتىجە چىقسۇن، دەسسىگەن يېرىڭىزدىن ئىز قالمىسا بولمايدۇ. ئاخىرقى نەتىجە ھەممىدىن مۇھىم. بىرلىشىپ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى تاشلاپ ماڭسىڭىز، مەتنىيازمۇ خاپا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ساۋاقدىشىڭىز سىزگە جىق ياخشىلىق قىپتۇ. مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە، ئالدى بىلەن سىز مەتنىيازنىڭ ئاغزىغا قارىمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، ئاينۇر. بىراق سىز بالا بىلەن يالغۇز قالدىڭىز.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئابۇش، بىزدە ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېلى ئۇبدان يول تېپىپسىز، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقىپ كەتسۇن، شۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ، — دېدى ئاينۇر.

«ئۇبدانلا ئىشلەيدىغان كاللىسى بار بۇ خوتۇننىڭ» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ئاينۇر. بىز قىشقىچە شاڭخەيگە يەنە بىرنەچچە قېتىم تاش ئاپىرىۋالساق، ئىشلىرىمىز گۈل بولۇپ كېتىدۇ. ئەمىسە، مەن سىز دېگەندەك قىلاي. مېنىڭ ئىشىمنى ئاپام ـ داداملارغا ئۇبدان چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

— سىز ئۇ تەرەپتىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئۇلارنى قايىل قىلىمەن. مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم، ئابۇش، سىز پۇل تاپىمەن دەپ چىققاندىكىن، مۇشۇ ئىشىڭىزنى ئاخىرىغا چىقىرىۋېتىڭ، شۇنىڭدا يۈزىڭىز يورۇق، كۆڭلىڭىز توق بولىدۇ. غۇلجىغا بارغاندا ئۇنداق ئىش قىلىمەن، بۇنداق ئىش قىلىمەن دەۋاتىسىز، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتىسنىڭ دونكىخوت ناملىق رومانى بار. بۇ رومان ئۆتكەن ئەسىردىكى ئەڭ داڭلىق يۈز كىتابنى باھالاشتا بىرىنچى بولغان، بۇ ئەسەردە «بۇ دۇنيانىڭ يىلتىزى پۇل» دېگەن،

مېنىڭچە، بۇ سۆز يەنە بۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىرگىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتمايدۇ. بىر ئەر ۋىجدان، غۇرۇر، ئەقىل جەھەتتە ئالدى بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ ئازادلىققا چىقىرىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ تولۇق ئازاد بولۇشى كېرەك.

«خۇدا بەرگەن خوتۇندە بۇ!» دېدى ئابۇش ئىچىدە.

— رەھمەت ئاينۇر، مەن سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن، — دېدى ئابۇش.

كۇتكۇچى بالا بىر چىنە ئۇگرە ئەكىلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— سىلەرنىڭ بىر ئۇگرىڭىز، ئاكا ـ ھە، — دېدى خىزمەتچى بالا.

— شۇنداق، ئۇكا، بىر چىنە ! — دېدى ئابۇش، — بىزگە پىيالىدىن ئىككىنى ئەكىلىپ بەر.

خىزمەتچى بالا ئۇلارغا ئىككى پىيالە ئەكىلىپ بەردى.

ئۇگرىمۇ بەك ئوخشىغانىدى، ئۇچەيلەن ئۇگرىنى پىيالىگە بۆلۈپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ بولۇپ كاۋاپخانىدىن چىقتى. ئابۇش ئۇلارنى يەنە بازارغا ئاچىقىپ، جام، ياغاچ قوشۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردى.

ئاينۇرنىڭ مۇشۇ قېتىمقى سەپىرى ناھايىتى ياخشى بولغانىدى، ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ خوتەندىكى چىمەنگۈل، ئابلەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرىنى يوقلىدى. ئۇلار ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى. ئۇنى ئەڭ ياخشى ساياھەت ئورنىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاينۇر ئىككى ساۋاقدىشىغا «مەن يىراق يېزىغا بېرىپ بىر قونۇپ، يېزا تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كەلسەم بولاتتى» دەپ تەلەپ قىلدى. ئابلەت بۇ ئىشنى مەن ئورۇنلاشتۇراي، ئەمما ئەتىلا يولغا چىقايلى، دېدى. ئابۇش شەھەردە قالدى. ئاينۇر ئالماسنى

ئېلىپ چىمەنگۈل ۋە ئابلەتنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىككى سائەت مېڭىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر يېزىغا كەلدى، يېزىدا ئاينۇرغا بىرىنچى قېتىم تەسىر قىلغان نەرسە ياپيېشىل ئورمانلىق ئىدى، لېكىن ھەممە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى پۇتۇنلەي توپا - چاڭ ئىدى. يېزا يوللىرىنىڭ ھەممە يېرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ ھال ئاينۇرنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئاندىن قالسا، يولدا ئۇچرىغان ئادەملەر، مەيلى چوڭ ياكى كىچىكلەر بولسۇن، ئورنىدا تۇرۇشۇپ ئۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتەتتى. ئاينۇر ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق يەردە كۆرمىگەن سەمىمىيلىك بىلەن تەبىئىي ھېسسىياتنى كۆردى. ھە دېگەندە مۇشۇ بىغۇبار كۆزلەر ئۇنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. «نېمىدېگەن پاك، تەبىئىي ئادەملەر - ھە بۇ؟!» دېدى ئاينۇر ئىچىدە. ئاندىن ئۇلار ئابلەتنىڭ يېزىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۆي ئىگىلىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئابلەت ئاينۇرنى تۇغقانلىرىغا تونۇشتۇردى، تۇغقانلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئابلەتنىڭ تۇغقىنى روزىمۇھەممەت گىلەمچىنىڭ قورۇسى بەك چوڭ ئىدى. قاتار ئايۋان ساراي قىلىپ سېلىنغان ئۆيلىرىنىڭ كەينى بەش مودىن ئاشىدىغان باغ ئىدى. باغدا ياڭاق، ئانار، چىلان، بېھى قاتارلىق مېۋىلەر بار ئىدى. ئۇ مۇشۇ كەنتتىكى ئەڭ باي ئادەم ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئابلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئابلەت ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنى گىلەم سودىسىغا مەشغۇل قىلىپ قويغانىدى. روزىمۇھەممەت گىلەمچى مۇشۇ يولدا ئون يىل ئىچىدىلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدى. كەنتتە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولدى، ئۇ دەسلەپتە ئۆيىدە ئىككى دۇكاندا گىلەم توقۇپ بازارغا سالدى، سودىسىنى پۇتتۇرۇپ، ئابلەت بىلەن كۆرۈشتى. ئابلەت ئۇنى گۆشگىردە بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەنىدى.

ئۇ بۇ تۇغقىنىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ئىش ئۆگىتىپ ھەم مەبلەغ سېلىپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ روزىمۇھەممەت گىلەمچى تەدرىجىي گىلەم توقۇيدىغان دۇكاننىڭ سانىنى يىگىرمىگە يەتكۈزدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ كەنتتىكى سەكسەن پىرسەنت ئائىلىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ، گىلەم توقۇتۇپ، ئايدا ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق گىلەمنى شەھەرگە ئەكىرىپ گىلەم سودىگەرلىرىگە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادى تەدرىجىي كۆپىيىپ ماڭدى. گىلەمچى دېگەن بۇ لەقەم ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغانىدى. بۇ لەقەمنىڭ تارىخى بەك ئۇزۇن ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ لەقىمى ئىدى. روزىمۇھەممەت مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئۆزىنى مۇستەھكەملىۋالدى، ئۇ ئولتۇرسا – قوپسا ئابلەتكە رەھمەت ئېيتاتتى. «ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ بولىدىكەن. مېنى ئابلەتجان مۇشۇ يولغا باشلىمىغان بولسا، كەنتتە ئىت تالاشتۇرۇپ ئويناپ يۈرىدىغان بىر تاز ئەمەسمىدىم» دەيتتى ئۇ ئاغىنىلىرىگە. لېكىن شۇنداق چوڭ ـ چوڭ پايدا ئالىدىغان ياخشى كۈنلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. خوتەندە دەريا بويلىرىدا تاش كولايدىغان ئىش چوڭ بىر دولقۇنغا ئايلىنىپ، ھەممە ئادەم دېگۈدەك تاشنىڭ كەينىنى قىلىدىغان بولغاندا، كەنتتە گىلەم توقۇيدىغانلار كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كەتكەنىدى. يۇقىرى باھالىق ئىش ھەققى ئۇلارنى دەريا بويىدا تاش كولاشقا جەلپ قىلىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىش روزىمۇھەممەتنىڭ گىلەم سودىسىغا خېلىلا تەسىر كۆرسەتتى. گىلەم توقۇيدىغانلار ئازىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېيىغا ئاران يۈز پارچە گىلەم توقۇتالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ گىلەمدىن تارتقان زىيىنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، پۈتۈن كەنتتىكى ياڭاقلارنى تىزگىنلىدى، ھەر باھاردا ياڭاق ئىگىلىرىگە پۇلنى تۇتقۇزۇپ توختاملىشىپ، ياڭاقلارنى ئۆزى يىغىپ بازارغا ئەكىرىپ ساتتى.

— ھەرنېمە بولسىمۇ غۇلجىدىن كەلگەن بۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئەكەپسىلىكەن، ئابلەتجان، نەچچە يىل بولغان، ئۆزىڭلىمۇ كەلمىدىڭلا ئەينا ! — دېدى روزىمۇھەممەت كۈلۈپ، ئۇ مېھمانلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بەك ئالدىراشيا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىق يىراق ئەينا ! — دېدى ئابلەت.

— رەھمەت، بەك خۇش بولدۇق، يۈرىكىم ياشىرىپ كەتتىيا ! — دېدى روزىمۇھەممەت گىلەم.

روزىمۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن مېھمان كەپتۇ دەپ، تۇغقانلار بىردىن - ئىككىدىن قورۇدا پەيدا بولدى. بەزىلىرى ئاينۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. بەزىلىرى روزىمۇھەممەت گىلەمنىڭ ئايالى ماھىنۇرخاننىڭ قېشىغا بېرىپ، يىراقتىن ئۇنىڭغا قارايتتى. ياۋاش، سەممىي ئادەملەر بىردىنلا يىغىلىپ ھويلىنى بازارغا ئايلاندۇردى. روزىمۇھەممەت تۇغقانلىرىنى ئىشقا سېلىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى.

چايدىن كېيىن مېھمانلار ھە دەپ يۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇشۇپ دەم ئېلىشقا باشلىدى. ئالماس ھويلىدىكى باللار بىلەن ئويناۋاتاتتى. ئۇ يېڭى مۇھىتتا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا باللار بىلەن ئېچىكىشىپ كەتكەنىدى. باراڭ ئارىسىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى ۋە ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىگە جاھان ئەينىكىدەك ئازادىلىك بېرەتتى. روزىمۇھەممەت ئابلەت بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان ئىشىنى تاپالماي قالغانىدى.

— خۇدا ھەققى، ئۇز غوجام، مەن خۇش بولۇپ قالاي، ئۈچ كۈن تۇرۇڭلار. ئاۋۇ چىمەنگۈل بىلەن ساۋاقداشىڭىزنىمۇ ئاچقىپسىز ئەينا. ئەمدى مۇنداق بىر ئۇز كەلمىككىلار يوق گەپ. بەك جىق قويلىرىم بار ئەينا، توخۇ بار، كەپتەر بار، ئۆيدە نوچى كاۋىمۇ بار ئەينا، مەن بىر مېھمان قىلىۋالاي، — دېدى

روزىمۇھەممەت گىلەمچى.

— كۆڭلۈڭلىنى چۈشىنىمىز. بىراق، مېھمان ئەتە ماڭمىسا بولمايدۇ. شەھەردە يەنە باشقا ئىشلىرىمۇ بار ئەينا، كەچتە ئۇبدان مېھمان قىلساڭلا بولىدۇ، — دېدى ئابلەت.

ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، روزىمۇھەممەتنىڭ ئايالى ماھىنۇرخان ئىككى قىزنى ئاينۇر بىلەن چىمەنگۇل دەم ئېلىۋاتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، مېھمانلارنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ قويۇڭلار دەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ھەي، سەت بولىدۇ، بۇنداق قىلمايلى ! — دېدى ئاينۇر.

— مەيلى ئاداش، ھېرىپ قالدىڭلار، ئۆزىمىزنىڭ قىزلىرىيا بۇ، — دېدى چىمەنگۇل.

ئىككى قىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاينۇر بىلەن چىمەنگۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى.

— قاراڭ چىمەنگۇل، نېمىدېگەن چىرايلىق قىزلار بۇ؟ — دېدى ئاينۇر قىزلارغا قاراپ.

— مەكتەپتە ئوقۇدۇڭلارمۇ؟ — دېدى چىمەنگۇل ئۆزىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتقان قىزغا قاراپ.

— باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇغان، — دېدى قىز.

— سىزمۇ باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇغانمۇ؟ — دېدى ئاينۇر ئۆزىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتقان قىزغا قاراپ.

— ھەئە.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دېدى ئاينۇر.

— باھارگۇل.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم، — دېدى ئاينۇر، ئاندىن ئۇ چىمەنگۇلگە قارىدى، — قىزلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ياخشى ئىكەن، نېمە ئۈچۈن دادىسى ئۇلارنى داۋاملىق ئوقۇتمايدۇ؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇنداق يىراق كەنتلەردە ئوتتۇرا

مەكتەپ يوق، ئاينۇر.

— مۇنداق دە ئاداش، يىگىرمە ياشتىن ئاشقاندەك قىلىدۇ بۇلار.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دېدى چىمەنگۇل ئۆزىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتقان قىزغا قاراپ.

— يىگىرمە ياشقا كىردىم، ئاچام يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردى.

— ئەسلىدە ئوقۇش يېشىدىكى قىزلار ئىكەن.

— ئامال يوق، ئاداش. ئۆيدە ئاپىسىغا ياردەملىشىۋاتىدۇ شۇ، — دېدى چىمەنگۇل.

ئۇلار قىزلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۇتۇشى ئارقىسىدا ئۇخلاپ قالدى. قىزلار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى. ياز شامىلى دېرىزىدىن كىرىپ، ئۆي ئىچىدە بىر تولغىنىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. هويلىدا ماھىنۇرخان ئايالللار بىلەن تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. روزىمۇھەممەت تونۇر كاۋىپى قىلىش ئۈچۈن، تۇغقانلىرىغا بىر چوڭ قوي سويدۇرۇپ تەييار قىلدى، هويلىنىڭ ئىچى خۇشاللىققا تولغانىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئاينۇر بىلەن چىمەنگۇل ئويغىنىپ كەتتى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئابلەتنىڭ قېشىغا كەلدى. ئالماس ئاپىسىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئاينۇر ئابلەتكە:

— كەنتنىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ كېلەيلى، ئابلەت، — دېدى.

— ئەمىسە، مەن سىلەرنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي، — دېدى ئابلەت.

روزىمۇھەممەت ئۇلارنى هويلىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئابلەت ئۇلارنى كەنتنىڭ ھەممە مەھەللىلىرىگىچە ئاپاردى.

ئاينۇر ھەممە يەرگە، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە دىققەت قىلدى. ئۆيلەر ناھايىتى ئاددىي ئىدى، دەرۋازىلارمۇ شۇ قەدەر كۆرۈمسىز ئىدى. ئاينۇر مۇشۇ مۇھىتنى غۇلجىنىڭ يېزىلىرىدىكى مۇھىتقا سېلىشتۇردى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇنداق ئەمەلىيەتلەرنى خوتەن شەھىرىنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ كۆردى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە كاللىسىدا بەزى ئوي - پىكىرلەر شەكىللەندى. ئۇلار كۆز باغلىنىش ئالدىدا روزىمۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. دەرۋازا ئالدىدا نۇرغۇن ئادەملەر ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئالماس يۈگۈرۈپ كېلىپ بايامقى ئاداشلىرىنى تېپىۋالدى، روزىمۇھەممەت مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

روزىمۇھەممەت ناھايىتى ياخشى تەييارلىق قىلغانىدى، مېھمانلار ناھايىتى ياخشى مېھمان بولدى. داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاينۇر بىلەن چىمەنگۈل ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ياتتى، ئاينۇر توختىماي سوئال سورايتتى، ئۇنىڭ قەلبى خوتەن توغرىسىدا نۇرغۇن ساۋاتلارغا موھتاج ئىدى.

ئۇلار ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولدى. روزىمۇھەممەت گىلەمچى مېھمانلارنى بەك چىڭ تۇتۇۋالدى. ئابلەت روزىمۇھەممەتكە قايتا - قايتا چۈشەندۈردى. ئاخىر روزىمۇھەممەت گىلەمچى قىيمىغان ھالدا ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى ھەم ئاينۇرغا بىر پارچە ئېسىل گىلەم سوۋغا قىلدى.

— رەھمەت، مەن مۇشۇ گىلەمنى قوبۇل قىلغاندەك بولاي، ئابلەت، سەت بولىدۇ، بۇ گىلەم قالسۇن، — دېدى ئاينۇر ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، ئاينۇر. ئەگەر ئالماي كەتسىڭىز، روزىمۇھەممەت خاپا بولىدۇ، بۇ ھەم بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى ئابلەت.

— ئالسىلا، خېنىم، بولمىسا مېنىڭ كۆڭلۈم ئاغرىپ

قالـدۇ. مـەندە بار نەرسـىنىڭ ئـەڭ ئوبدىنـى مۇشۇ گىـلەم ئەينـا، مـۇشۇ گۆھەردەك ئـوغۇللىـرىنىڭ ئـاستىغا سېلـىپ بەرسـلـە، تەۋەررۇك بولۇپ قالسۇن، ـــ دېدى روزىمۇھەممەت گىلەم.

ـــ ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، ئاينۇر، بۇ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى، ـــ دېدى ئابلەت.

ـــ تووۋا، مەن بۇ يەرگە قۇرۇق قوللا چىقىپتىمەن ئەمەسمـۇ، ئابلەت، ـــ دېدى ئاينۇر.

ـــ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىيا بۇ ئەينا !

ئاخىر ئاينۇر رەھمەت ئېيتىپ گىلەمنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار شەھەرگە قاتنايدىغان بولكىۋايغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى.

ـــ بـەك سـەت ئىش قـىـپتۇق، ئـابـلـەت، ئەڭ بـولـمـىـغـانـدا ماھىنۇرخانغا بىرنەرسە ئېلىۋالساق بوپتىكەن ئەمەسمۇ! ـــ دېـدى ئاينۇر ئاپتوبۇستا ئابلەتكە قاراپ.

ـــ يا مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ! ـــ دېدى چىمەنگۈل.

ـــ سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. مـەن كېلەر نـۆۋەت كەلگەنـدە ئۆزۈم يوقلايمەن، ـــ دېدى ئابلەت.

ـــ مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىم ناھايىتى ياخشى بولـدى. ئابلەت، بالىنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشـۈۋالدىم، ياخـشى تۇرۇپتـۇ. خوتەننى، خوتەننىڭ يېزىسىنىمۇ كۆرۈۋالدىم....

ـــ بالىنىڭ دادىسى خوتەندە ئۆي تـۇتۇۋالدىمىكىن دەپ بـەك ئەنسىرىدىڭ ھـەرقاچان، ئاداش، ـــ دېـدى چىمـەنگۈل چاقـچاق قىلىپ.

ـــ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەي، كۈندە دۇئا قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ئەمەسمۇ، ئاداش ! ـــ دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

ئابلەت كۈلۈپ كەتتى.

ـــ تاش سودىسى قىلغان ئادەمـلەر بەك چىـڭ بولىدۇ، ئـۇلار ئادەتتـە ئاسانلىقچە بىر ئۆيـنـى ئىككى قىلىۋالمايدۇ! ـــ دېـدى ئابلەت.

ئاينۇر كۈلۈپ كەتتى.

— ئىشقىلىپ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن ! — دېدى ئاينۇر.

بولكىۋاي توپىلىق يولدا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. كەنت ئارقىدا قالغانىدى، شەھەرگە تۇتىشىدىغان يولنىڭ ئىككى قىرغىقى قاتار كەتكەن سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغانىدى. ئاپتوبۇس ئىچىدە مۇڭلۇق خوتەن خەلق ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى:

يۇرەكىمگە قول سالسام،
يۇرەكىم بار، جىگەرىم يوق.
ياردىن كۆڭلۇم ئاغرىدى،
كېتەشىم بار، كېلەشىم يوق.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئابۇش ئاينۇر بىلەن ئالماسنى ئايروپىلاندا غۇلجىغا يولغا سېلىپ قويدى. ئاينۇر ئۆيگە ساق - سالامەت قايتىپ كېلىپ، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. گۈلنىساخان قىزى بىلەن نەۋرىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئاينۇر ئەكەلگەن ئەتلەسلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، خوتەن خەلقىنىڭ ھۈنىرىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

— خۇدايىم ئەقلىدىن ئېيتقان خەق ئىكەن، نېمىدېگەن ھۈنەر بۇ! — دېدى گۈلنىساخان.

— ئۆزۈڭ ئىككى كۆڭلەك تىكتۈرۈۋال، ئاپا، بىرىگە مۇنۇ بېغىر رەڭنى تاللا، — دېدى ئاينۇر.

— بىرىگە مۇشۇ رەڭگەرنى تىكتۈرەي، — دېدى گۈلنىساخان.

— شۇنداق قىل، ئابۇشمۇ ماڭا مۇشۇ رەڭگەرنى كۆرسەتكەنىدى، — دېدى ئاينۇر.

— ئۇ نېمىگىز ئاشۇ خوتەنلەردە ئەتلەسلەرنى بىلمىدىغان

بولۇپ كېتىپتۇدە ! ــ دېدى گۈلنىساخان.

ــ ئابۇش مال تونۇيدۇ، ئاپا.

ــ نېمە؟ قارا دەۋاتقان گېپىنى ! ئېرىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

ــ ئابۇش ساڭا ئالاھىدە سالام ئېيتتى، ئاپا، ــ دېدى ئاينۇر.

ــ خۇدايىم بەرگەن كانلىق كۈيئوغلۇم سالامەت بولسۇن، قىزىم، ــ دېدى گۈلنىساخان.

ئاينۇر كۈلۈپ كەتتى.

ــ ئابۇش ئوبدانلا پۇل تاپقاندەك، ئاپا !

ــ ئوغۇل بالا دېگەن پۇل تاپىدۇ، قىزىم. پۇل تاپماي نېمە تاپاتتى؟! ــ دېدى گۈلنىساخان سىرلىق ھالدا، ــ يەنە بەش - ئون يىل تۇرىمەن دەمدۇ - يا؟

ــ قىشقىچە ئىشى تۈگەيدىكەن، ــ دېدى ئاينۇر.

ــ تۈگىمىسىمۇ تۈگىسۇن ئەمدى، كانلىق دېگەن بەك غەلىتە بولىدىكەن، شەھەردىن خوتۇن ئېلىپ قويۇپ، ئاۋۇ ئون كۈنلۈك يەرگە بېرىپ تۇرۇۋالىدىكەن ! ــ دېدى گۈلنىساخان.

ــ ئادەم بولۇپ قالار، ئاپا ! ــ دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

ــ كانلىقنىڭ ئادەم بولمىقى تەس، بالام. ئۇنداقلارنىڭ قولىغا پۇل چۈشسە ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئالدىڭىزدا نېمە كۈنلەر بار تېخى ! ــ دېدى گۈلنىساخان.

ــ ئۇنداق دېمەڭ ئاپا، خۇدايىم ساقلار ! ــ دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

ــ ئەمىسە، ئەتە - ئۆگۈن كانغا چىقىپ قېيناپىڭىزنى يوقلاپ كېلىمىزما؟ ــ دېدى گۈلنىساخان.

ــ شۇنداق قىلايلى، ئاپا. بىللە چىقساق بەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ! ــ دېدى ئاينۇر.

ــ ئەمىسە، بىز ھازىرچە ئاشۇلار خۇشال بولىدىغان ئىشنى قىلىپ تۇرايلى، قىزىم !

# 16

يازلىق تەتىل ئاياغلىشىپ، مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىدى. ئاينۇر بالىسىنى ئابۇش بىلەن پىشۇرۇۋالغان مەسلىھەتى بويىچە قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپىغا بېرىۋەتتى. شۇ كۈنلەردە مەكتەپكە بىر خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى: شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئاينۇرنىڭ قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپ ئېچىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مودېل قىلىنغا تەيىنلەپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئالدى بىلەن زورەم ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئالدىراپ يۈرۈپ، ھەممە ئىشقا ئۇلگۇرەتتى. ئۇ ئاينۇرغا:

— ئاداش، مەن بۇ ئىشقا بەك يول مېڭىپ كەتتىم. پېشانەڭ ئوڭكەن، ئاداش. مانا مەنمۇ مۇرادىمغا يەتتىم. بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەن مۇشۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ھاردۇقى چىقتى. بۇ ئىشنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى مەردانىكام بىلەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى تاھىرلار ھەل قىلدى. مۇبارەك بولسۇن، ئاداش. بۇ خۇش خەۋەرنى ئابۇشقا تېزرەك يەتكۈزۈۋەت، — دېدى. ئاينۇر زورەمنى ئوبدانلا چۈشىنەتتى، ئۇ زورەمگە رەھمەت ئېيتتى:

— ئابۇش خوتەندىن گىلەم ئالغاچ كەلمەكچى ئاداش، خۇدا بۇيرۇسا، ئۆيۈڭگە چوغدەك گىلەمدىن بىرنى ئاپىرىپ سېلىپ قويىمەن، قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن، — دېدى.

دېمەك، يېڭى مەۋسۇمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى يېپيېڭى

ئىدى.

بوستان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇ ھەم مۇشۇ شەھەردىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئاينۇرغا مايىل ئىدى، بىرى ئاينۇرنىڭ بىلىمى مول دەيتتى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە قايىل ئىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ يېڭى ئورۇندا يېڭىلىق يارىتالىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىر ئىدى.

ئاينۇر مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا تولۇق ھوقۇق بەردى. ئۆزى مەكتەپنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشنىڭ بىرى قوش تىل ئوقۇتۇشى بويىچە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئىدى. يەنە بىرى، ئوقۇتقۇچىلارغا تېخىمۇ غەمخورلۇق قىلىش ئىدى. بۇ خىزمەتنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولۇپ، بەزى ئىشلارنى دادىل ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى مۇشۇ ئىشلارغا قاراتتى. ئۇ ھاياتىدا قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بەزى ئوي - پىكىرلىرىنى، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆگىنىش — بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىمىز، ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك، ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشى شەرت» دېگەن شوئارنى مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى مەكتەپنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا يېزىپ تىكلىدى، ھەربىر سىنىپقا ئورناتتى، ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىرىنى يىغىپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرلىرى ۋە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھەممىمىز بىلىمىز، شۇنداق بولسىمۇ مەن تەكىتلەپ ئۆتىمەن، مەكتەپنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى — ئوقۇتۇش

ئىشلىرىنى ياخشى تۇتۇش. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە — يېڭىلىق يارىتىش. بولۇپمۇ ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىش، بالىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، بىر خىل جىددىي ھالەتكە يۈزلىنىشى كېرەك. مۇشۇ ئاساستا بىز ھەر يىلى مەكتىپىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن مۇنەۋۋەر سىنىپ تەربىيىچىلىرىنى سايلاپ چىقىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارغا مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن تەڭ ئىلھام بېرىپ، مەكتىپىمىزنى شەھەر بويىچە ھەرقايسى جەھەتتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بىزگە شان ـ شەرەپ باشقا يەردىن كەلمەيدۇ، مۇشۇ مەكتەپنىڭ خىزمىتىدىن كېلىدۇ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن كېلىدۇ. مەسىلەن، داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاشتا مۇنداق بىرنەچچە شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: بىرىنچىدىن، شۇ ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئوقۇش تارىخىدا تولۇق كۇرسنى تاماملىغان بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتى بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى ياخشى بولۇشى كېرەك. بەشىنچىدىن، تەلەپچان بولۇشى كېرەك. بۇ مېنىڭ دەسلەپكى ئوي ـ پىكرىم. يولداشلار ئويلىشىپ پىكىر بەرسە، مۇشۇ ئاساستا مەزمۇنلارنى يەنە داۋاملىق تولۇقلىساق. ئەمدى مۇنەۋۋەر سىنىپ تەربىيىچىسىنى باھالاشتىمۇ بىرنەچچە شەرتنى ئويلاپ كۆردۈم. بۇ تېخى پىشقان پىكىر ئەمەس، يەنىلا يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇنىڭدا مۇنداق بەش تەلەپنى ئويلىشىپ كۆرسەك: بىرىنچىدىن، تولۇق كۇرسنى تاماملىغان ئوقۇش تارىخى بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەشكىللەش قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن،

ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى سۆيۈشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى بايقىيالايدىغان ماھارەت بولۇشى كېرەك. بەشىنچىدىن، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. بۇ مېنىڭ دەسلەپكى پىكرىم. يولداشلار مەكتىپىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈپ باقسا، — دېدى ئاينۇر.

ئاينۇرنىڭ بۇ گېپى ئولتۇرغان رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە خۇشياقىقانىدى. چۈنكى، بۇ ھال مەكتەپنىڭ نوپۇزىنى كۆتۈرۈشتە بەكمۇ مۇھىم ئىدى. باشقا مەكتەپلەر بىلەن رىقابەتلىشىشتىمۇ ياخشى دەسمايىگە ئىگە بولغىلى بولاتتى، مۇئاۋىن مۇدىر ئەنۋەر ئاينۇرنىڭ پىكرىنى بىرىنچى بولۇپ قوللىدى.

— يولداشلار، ئاينۇر بەكمۇ ئىلمىي، ئورۇنلۇق گەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر سىنىپ تەربىيىچىسىنى باھالاش پىلانىغا تولۇق قوشۇلىمەن. بۇ بىز ئۈچۈن يېڭى ئىش، باشقا مەكتەپلەر تېخى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىش. بۇ يىل بىز مۇشۇ ئىشنى يولغا قويساق، قالغان ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىشنى ئىشلەيلى، — دېدى ئەنۋەر.

ئارقىدىن ئىلمىي مۇدىر سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇدىر بىلەن مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ گېپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ يۈكىمىز ئېغىر، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز جىق. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى باھالاش، رىقابەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش دېگەندەك ئىشلار بىزدىن بەك جىق ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، مەكتەپ باشقۇرۇشتا بىزدە ئۇسۇل، چارە بولۇشى كېرەك، مەن رەھبەرلەرنىڭ بايامقى سۆزىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن! — دېدى جۈرئەت.

— ئەمىسە، بۇ ئىش مۇشۇنداق بولسۇن، بۇ ئىشنى ھۆججەت ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمدى ئىككىنچى بىر مەسىلە — مۇشۇ ئىشلارغا پۇل كېتىدۇ، باھالاش بولغاندىكىن مۇكاپاتلاشمۇ بولىدۇ، مەن مەكتەپنىڭ ئۈچ يىللىق ھېساباتىنى كۆرۈپ باقتىم. مەكتىپىمىز شەھەر مەركىزىدە بولغاچقا، ئىككى تەرىپىمىزدىكى پاسىلغا دۇكان سېلىنغانىكەن، بۇنىڭ يىللىق ئىجارىسى بەش يۈز مىڭ سومغا بارىدىكەن، لېكىن بۇ پۇللار نۇرغۇن ئورۇنسىز ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىكەن، بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارمۇ بىزنىڭ پۇلىمىزنى ئىشلىتىدىكەن، يىلىغا بىزگە يۈز مىڭ سومدەك پۇل قالىدىكەن. مېنى مۇشۇ ئىش ئويغا سېلىپ قويدى. يولداشلار، بىز مۇشۇ بەش يۈز مىڭ سومدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ئۇنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، مۇكاپاتلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بىز شەھەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ يولغا قويغان قوش تىللىق ئوقۇتۇش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. يىلدا كىرگەن پۇلنى جايىدا خەجلەپ ئۈنۈم يارىتىشىمىز كېرەك. بىز بىر مەكتەپ تۇرساق، يۇقىرى ئورۇنلار نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ پۇلىمىزنى خەجلەيدۇ؟ چۈنكى، بىزدە ئىقتىسادنى جايىدا ئىشلىتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان پىلان يوق، بىز بۈگۈن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ باقساق، — دېدى ئاينۇر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممە ئادەم جىمىپ كەتتى. چۈنكى، رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى، كەسپىي خادىملىرى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پۇلىنى خەجلەيتتى. بۇ بەكمۇ مۇرەككەپ ئىش ئىدى. ئارىدا بىر مەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، يەنە مۇئاۋىن مۇدىر ئەنۋەر چىش يېرىپ سۆز قىلدى:

— ئاينۇر ياخشى گەپ قىلدى، پۇلنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە قوشۇلىمەن. بىراق ئىجارىدىن كىرگەن شۇ پۇللارنى بىر يولىلا تۈگىتىۋەتسەك قانداق بولار؟ ھەر يىلى ئازراقتىن پۇل قالغىنى ياخشى، كېيىن مەكتەپنىڭ بىرەر ئىشى بولۇپ قالسا، ئۆزىمىزگە ياخشى بولىدۇ، كېيىنلىكنى ئويلاپ قويمىساقمۇ بولماس، — دېدى ئەنۋەر.

— ئەنۋەر، سىز كونكرېت سۆزلەپ باقسىڭىز. ئەگەر يىلىغا ئاز - تولا پۇل قالدۇرۇپ قويساق، ئۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىمىز؟ — دېدى ئاينۇر.

— مەن بۇنى سىزگە كونكرېت سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، ئاينۇر. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم — بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلىۋەتمەيلى، تېجەپ ئىشلىتەيلى دېمەكچىمەن!

— مەن دىققەت قىلىۋاتقان ئىش مۇنداق: بىز بۇ پۇللارنى تېجەپ نېمىگە ئىشلىتىمىز؟ بۇنىڭدا ئېنىق بىر پىلان بولۇشى كېرەكتە، ئۇنداق بولمىسا بۇ پۇلنى بىز ئىشلىتىمىزمۇ ياكى باشقىلار ئىشلىتەمدۇ؟ بىز مۇشۇ پۇللار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىمىزنى پۇختىلىمىساق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىشىگە مەبلەغ سالمىساق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم قىلمىساق، كەلگۈسىدىن ئېغىز ئاچالامدۇق؟ مېنىڭچە، ھازىرنى تۇتساق، ئاندىن كەلگۈسىگە ئىگە بولالايمىز. مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە، يولداشلار ھەممىمىز پىكىر قاتناشتۇرايلى، — دېدى ئاينۇر.

— مەن ئاينۇرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. قىلسام گەپ تولا، مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگىلى ئون نەچچە يىل بولدى، جىق ئىشلارنى بىلىپ كەتتىم. بەزى ئىشلارنى ئېيتقىلى بولمايدۇ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىمىزگە پۇختا بولمىساق بولمايدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ پۇلىنى ئۆزىمىز خەجلىيەلمەيمىز، نېمە

ئۈچۈن خەقلەرگە قالدۇرۇپ قويىمىز؟ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ يوكى ئېغىر. ئادەتتە گەپ سېتىپ جان باقىدىغان ئىدارىلەر ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىگە ئالتە يۈز سومدىن چوشلۇك تاماق پۇلى بېرىدۇ، بىزدە ئۇنداق پۇل يوق، ئەكسىچە بىزنىڭ پۇللىرىمىزنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى سوقۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ھەممە ئوقۇتقۇچى بىلمەيدۇ، ئۇلار بىلسە ئىشنىڭ يوغىنىي چىقىدۇ. ئۆزىمىزدە پۇل بار تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىمايمىز؟ ئاينۇر مۇدىر مەكتەپكە يېڭىدىن كەلدى، لېكىن ئۇ باشقا مۇدىرلار ئۈچ نەچچە يىلدىن بېرى قىلمىغان ئىشلارنى قىلىمەن دەيدۇ. بىزمۇ «ياق» دېيىشنى ئۆگىنەيلى، «ماۋۇ نان بىزنىڭ» دەپ ياشايلى، دەۋاتىدۇ. مەن قوللايمەن، بۇرۇن بىزنىڭ مۇدىرلىرىمىز ئەر ئىدى، ئەرلەرنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىش بىر ئايالنىڭ قولىدىن كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئىشنى مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاينۇرنى قوللايدۇ، — دېدى تەلئەت.

ھەممە جىم بولۇپ كەتتى. ئاينۇر خېلىدىن كېيىن ئىلمىي مۇدىر جۇرئەتكە قارىدى، ئۇ جۇرئەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— مەنمۇ كاللامغا كەلگەن بىر گەپنى دەپ باقاي ئەمىسە، بايام ئاينۇر مۇدىر ياخشى گەپ قىلدى. لېكىن، ئەنۋەرنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق. بىز بۈگۈننى ئويلىمىساق بولمايدۇ، كەلگۈسىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ، بۈگۈن بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا بىر يول بارمۇ ـ يوق؟ مەن مۇنداق بىر ئويغا كېلىۋاتىمەن: بەش يۈز مىڭ سوم ئاز پۇل ئەمەس، بىز مۇشۇ پۇلغا بىر مېھمانخانا سالساق، يىلدا ئاز ـ تولا كىرىم قىلساق، مېھمانخانىمىز تۆمۈر قوي بولۇپ قالسا، بۇ ئىش بۈگۈن ئۈچۈنمۇ، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ياخشى بولغۇدەك، — دېدى جۇرئەت.

بىرنەچچەيلەن ئۆزئارا پىچىرلىششقا باشلىدى، جۈرئەتنىڭ گېپى خېلى بازار تېپىپ قالغانىدى.

— مەن جۈرئەتنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئەنۋەر.

— جۈرئەت، ئەگەر بىز مېھمانخانا سالساق، ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئاينۇر.

— بىرىگە كۆتۈرە بەرمەيمىزمۇ!

— يۇقىرى ئورۇن مەكتەپلەرنىڭ مېھمانخانا سېلىپ كۆتۈرە بېرىشىگە يول قويامدۇ؟ — دېدى ئاينۇر.

— بىلمەيمەن، — دېدى جۈرئەت.

— كىم بىلىدۇ؟ — دېدى ئاينۇر، — تەلئەت، سىز بىلەمسىز؟

— ھەي ـ تاڭ، مەكتەپلەرنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇغۇ دەيمەن، — دېدى تەلئەت.

— مېھمانخانىنى باشقۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇمۇ بىر ئىلىم، بىز ئۇ ئىشلارنى قاملاشتۇرالمايمىز، بىز يەنىلا ئۆز ئىشىمىزنى قىلغىنىمىز تۈزۈك، مەن يەنىلا ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن. بىز يىلدا ئالغان ئىجارىنى يىلدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا، ئەلاچى، ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاشقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش راسخوتىغا، يەنە مەكتىپىمىزنىڭ زۆرۈر پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بۈگۈن يىغىنىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئەتە داۋاملىق ئاچىمىز، ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىساڭلار، — دېدى ئاينۇر.

ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى، ئاينۇر ئەنۋەرنى چاقىرىۋالدى.

— سىز بىلەن ئازراق مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، ئەنۋەر، — دېدى ئاينۇر.

ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئەنۋەر توختاپ قالدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،

ئۇ يەنە بايامقى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئەنۋەر، يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا مەن مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە مەسلىھەت سالغان. توغرا، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ پىكرىمىزنى قىلىشىمىز كېرەك، لېكىن مۇشۇنداق مۇھىم يىغىنلاردا ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمىسا، ئۇ ۋاقىتتا بىز مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى قانداق ئىزىغا سالالايمىز؟! — دېدى ئاينۇر.

ئەنۋەر گەپ قىلمىدى.

— مەن يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا سىزگە پىكرىمنى بەك ئېنىق ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاينۇر تەكىتلەپ.

— يىلدا ھېسابتا ئاز - تولا بىرنەرسە قالسا يامان ئىش ئەمەسقۇ؟

— بىزدە پۇل بار، قىلىدىغان ئىشنى قىلماي، قۇرۇقتىن - قۇرۇق پۇل يىغساق، ئۇ پۇلنىڭ نېمە رولى بولسۇن، ئۇنداق پۇلنىڭ غازاڭ بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ سىز ئويلاپ بېقىڭا، بىز نېمە ئۈچۈن شۇ پۇللارنى مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە، كەسپىي ساپاسىنى ۋە خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلەتمەيمىز؟

— بۇ ئاز پۇل ئەمەس، ئاينۇر....

— شۇنداق، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىزمۇ ئاز ئەمەستە! — دېدى ئاينۇر.

— مەن ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئېيتىپ قويدۇم، ئاينۇر. سىز مۇدىر، سىز بېكىتسىڭىز بولدۇغۇ، — دېدى ئەنۋەر.

— سىز ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، ئەنۋەر. بۇ شىركەت ئەمەس، مەن مۇشۇنداق بولسۇن دەپ بېكىتىدىغان. بىز چوقۇم پىكرىمىزنى بىر يەرگە كەلتۈرەلەيمىز، ئىدىيىمىز بىرلىككە كەلمىسە ئىش ئاقمايدۇ! — دېدى ئاينۇر.

— بۈرۈنقى مۇدىر بىز قوشۇلمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرەتتى...

— شۇڭا، ئۇ بۈرۈنقى مۇدىر، ئەنۋەر. سىز ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ياخشى ئويلىنىپ بېقىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىز خالايدىغان بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنى يىغىپ بۇ ئىشنى ئانالىز قىلىپ بېقىڭ. مېنىڭ پىكرىم شۇ قەدەر ئاددىي. بىرىنچىدىن: پۇلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك، ئۇلار خەلقنىڭ پەرزەنتىنى تەربىيىلەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن ياخشى، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خاتىرجەم بولمىسا، شۇ مىللەتنىڭ مائارىپى روناق تاپامدۇ؟

— مەن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىمەن، ئاينۇر. بولىدۇ، ئاخشاملىقتا ياخشى ئويلىناي، — دېدى ئەنۋەر.

ئاينۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەنۋەر بىللە سىرتقا چىقتى.

— ئەمىسە، ئەتە ـ ئۆگۈن ئاچىدىغان يىغىنىنىڭ ۋاقتىنى ئۆزىڭىز بېكىتىسىز، ئەنۋەر. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر بۇ ئىش سىزنىڭ ئىدىيىڭىزدىن ئۆتمىسە، يىغىن ئاچمايمىز. مەن مۇدىر، سىز مۇئاۋىن مۇدىر. ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمىسا، باشقىلار گاڭگىراپ قالىدۇ. شۇڭا، سىز مۇشۇ ئىشتا ماڭا ماسلاشمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ئاينۇر. ئەسلىدە ئاينۇر ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپنى قىلماي دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ ئەنۋەرنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ، شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— ماقۇل، مەن ئويلىناي ئاينۇر، — دېدى ئەنۋەر.

ئاينۇر ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، بۈگۈنكى يىغىندا بولۇنغان سۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ جۇرئەتنىڭ گېپىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئالدى، ئىچىدە:

«مېھمانخانا سالساق دېگەنمۇ گەپمۇ ئەمدى؟ !» دېدى.
دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تۆتىنچى سائەتلىك دەرس قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئاينۇر ئورنىدىن تۇرۇپ خاتىرە بىلەن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، 4 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ تەربىيىچىسىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغىلى ماڭدى. ئۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن كۈندە بىر سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاۋاتاتتى، ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى بولغانىدى.
ئەنۋەر ئۆيگە بېرىپ، ئاينۇرنىڭ گېپىنى قايتا ـ قايتا ئويلىدى. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئاينۇرنىڭ مەكتەپكە كىرىدىغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپكە ئىشلىتىش كېرەك دېگەن گېپىگە قوشۇلمايتتى. بۇ بىر چوڭ مەكتەپ تۇرسا، ئۇنىڭدا ئازراق جۇغلانما بولمىسا قانداق بولىدۇ دەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ ئاينۇرنىڭ ئۆياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن تاراقلاپ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر سىنىپ تەربىيىچى باھالايمىز دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭغا تازا يېقىپ كەتمەيتتى. ھەممە ئىشنى شۇلا قىلامدىكەن، دېگەندەك قاراش ئۇنىڭ مەنۋىيىتىنى ئېچىتاتتى. ئۇ ئۆيدە جىم ئولتۇرۇپ ئويغا چۆمۈپ كەتتى: قانداق قىلغاندا مۇشۇ ئىشتا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەكتەپتىكى ئابرۇيۇمنى تىكلەيمەن؟...
ئەنۋەر بەك چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئايالى مۇبارەك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— بەك جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، ئەنۋەر، — دېدى مۇبارەك.
ئەنۋەر مەكتەپتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.
— بەك ئەقىللىق قىز ئىكەنغۇ ئۇ، ئەنۋەر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايمەن دەپتۇغۇ، ئەمدى سىز ئۇنىڭغا ماسلاشماي نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئاينۇر ئا دېسە، سىز ب دەپ يۈرمەي، ئۇنى

قوللاڭ، سىزنىڭ ئويلايدىغان ئىشىڭىز باشقا، ئەسلىدە ئاشۇ ئورۇن سىزنىڭ ئىدى، نېمە ئۈچۈن مەن مۇدىر بولالمىدىم دەپ ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ. بىرىنچى قول باشلىق قىلىمىز دېگەن ئىشقا قارشى تۇرسىڭىز، باشقىلار نېمە دەيدۇ سىزنى، سىز ئايىنۇرغا قارشى تۇرماڭ، ئەقىللىقراق بولۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىڭ! — دېدى مۇبارەك.

— مۇنداق دە، خوتۇن. ئەسلىدە سەن مەن بولۇپ قالساڭچۇ! — دېدى ئەنۋەر ئايالىغا بىر قاراپ قويۇپ.

— ئۇ ۋاقىتتا ئىش باشقىچە بولاتتى، ئەنۋەر. مەن ئايىنۇرنىڭ ئۈچىيىگە كىرىۋالاتتىم - دە، مەندە ھەرگىزمۇ ياق دەيدىغان گەپ بولمايتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەرقايسى جەھەتتىن ماسلىشىپ، بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىڭلىمنى سىلەرنىڭ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇراتتىم.

— ئاز گەپ قىلە، ھەي. سەت ئەمەسمۇ، ئالدىنقى يىلى ئىنىڭنى ئورۇنلاشتۇردۇققۇ تېخى! — دېدى ئەنۋەر.

— سەت بولىدىغان نېمە ئىش ئىكەن ئۇ، بەزى مەكتەپتە ئانىسى، دادىسى، بالىسى، كېلىنى، قۇدىسى دېگەندەك بىر جەمەت بويىچە خىزمەت قىلىدۇغۇ! نېمە قىلىسىز ئۇ چوكان بىلەن ئېيتىشىپ! ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، ئەمدى مېنىڭمۇ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، سىڭلىم مەكتەپ تاماملىغانىدى، شۇ قىزنى سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزدا مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان بولساق دېمەمسىز، ياق دېيەلمەيدۇ!

— قېينىسىڭلىمنى سىڭلىم دېسەم قانداق بولىدۇ؟

— سىڭلىم دېسىڭىز يېقىملىقراق ئاڭلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ ! — دېدى مۇبارەك.

— ئۆزۈمنىڭ ئىنىسى كېلەر يىلى مەكتەپ پۈتتۈرىدۇ، شۇنىڭ گېپىنى قىلمايمەنمۇ!

— ئىنىڭىزنى دادىڭىز ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئەنۋەر. دادىڭىز

شەھەرنىڭ مەسئۇللىرىغا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا، ئۇ غوجام ئىنىڭىزغا خوتۇنىمۇ ئېلىپ بېرىدۇ! ــ دېدى مۇبارەك.

ئەنۋەر كۈلۈپ كەتتى.

ــ سېنى خۇدايىم ساقلىسۇن، ھەي ! ــ دېدى ئەنۋەر.

ــ ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇ خەقلەرگە قاراپ بېقىڭە، پۇلى بار ئادەملەر نەۋرىلىرىنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، ــ دېدى مۇبارەك.

ــ ئەمدى مەن ئاشۇ ئاينۇر بىلەن سودىلىشامدىم؟

ــ دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ سىزنىڭ، سودىلىشالىسىڭىز سودىلىشىسىز، ئاينۇر گۈلباغ مەكتىپىدىكى زورەم مۇدىر ئەمەس، ئەمىسە قانداق قىلىمىز دەپ مەيدىسىنى يېقىپ تۇرىدىغان ! ئاينۇر ئەقىل ئىگىسى ئىكەن، قاراڭ دەۋاتقان گېپىنى، ئۇ ھەممە ئادەم نەپ ئالسۇن دەيدىكەن، بۇنداق ئادەملەرنى نەدىن تاپىسىز ھازىر، ماقۇل دەپ ھەممە ئىشىغا ماسلىشىڭ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر سىڭلىم بار ئىدى، ئۇنى مۇشۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان بولساق دېمەمسىز! «ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا كۆن چۈشسە قولۇڭنى قاقلا» دېگەن گەپ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاينۇر بەك ئۇدۇل ئىكەن، سېنىڭ راست دەپ قويۇپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرمەيمىزمۇ!

ــ ئەمىسە، ئاينۇر نېمە دېسە ماقۇل دەپ ئولتۇرۇپ بېرەمدىم؟

ــ مەن دەۋاتىمەنغۇ، نەچچە زاماندىن بېرى نېمە قىلدىڭىز ئەمىسە، ئەسلى ئىشلىيەلىگەن بولسىڭىز، شۇ ئورۇن سىزنىڭ ئىدى ئەمەسمۇ ! ئەگەر سىز مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، مۇشۇ ئورنىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىز تېخى...

بۇ سۆز بىردىنلا ئەنۋەرگە تەسىر قىلدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا قارىدى.

ــ ئەمىسە، سەن دېگەندەك قىلاي، مۇبارەك. مەن ئاينۇرغا

گەپ تېپىپ بېرەلمەيدىغان ئوخشايمەن! — دېدى ئەنۋەر.

— ئۇنداق ئەمەس، ئەنۋەر. ئاينۇر مەكتەپكە كېلىپ قىلىدىغان ئىشنى بىلىۋالغان گەپ، قىلىدىغان ئىشنى بىلىدىغان ئادەم ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن ئادەم. ئەمدى مەن سىزگە راست گەپ قىلايما؟ سىزنى مۇنداق بىر ئەخمىقانە ئوي ئازدۇرغان گەپ: مەن باشلىقنىڭ بالىسى، سەندەك بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالمايمەن دەيسىز. ئەمەلىيەتتە ئاينۇرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. سىز ئۇنىڭ بىلەن يىراقلاشماي، يېقىنلىشىشىڭىز كېرەك....

— بەك يېقىنلىشىپ كەتسەم، چىدىماي قالارسەنمىكىن! — دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ. ئەگەر ئاينۇرنى كەلتۈرەلىسىڭىز، سۈيگىنىڭىزنى ئۆزۈم ئىزدەپ تېپىپ بېرىمەن، — دېدى مۇبارەك.

ئەنۋەر كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە، مەن سەن دېگەندەك قىلاي، خوتۇن، — دېدى ئەنۋەر.

— مانا، ئەمدى كاللىڭىز ئېچىلدى، ئەنۋەر. سىز ئاينۇرغا يېقىندىن ئەگىشىپ ئىشلەڭ، قىلىمەن دېگەن ئىشىنى قوللاپ بېرىڭ، شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ بىر نېنىڭىز ئىككى بولىدۇ، — دېدى مۇبارەك.

مۇبارەك ئەنۋەر بىلەن داۋاملىق پاراڭلاشتى، ئۇ ئېرىگە بەزى گەپلەرنى ئوچۇق قىلدى، نەتىجىدە ئەنۋەر ئۇنىڭ گېپىگە كۆندى.

ئەتىسى ئەنۋەر ئاينۇر بىلەن كۆرۈشتى.

— مەن بىر كېچە ئويلاندىم، ئاينۇر. سىزنىڭ پىلانىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن. سىز مەن ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى ئويلايدىكەنسىز. يىغىن ئاچايلى، ئىشلارنى سىز دېگەندەك ئورۇنلاشتۇرايلى! — دېدى ئەنۋەر.

— ياخشى، ئەمىسە ھازىرلا يىغىن ئاچايلى، پىكرىمىز بىرلىككە كەلسىلا، بىز مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيمىز، — دېدى ئاينۇر.

جۇرئەت يېرىم سائەت ئىچىدە مەكتەپ رەھبەرلىرىنى يىغدى، ئاينۇر يىغىندا ئۆز پىلانىنى تەكىتلىدى. ئاندىن ئەنۋەر سۆز قىلىپ، ئاينۇرنىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى تۈنۈگۈنكى پوزىتسىيىسىدىن روشەن پەرقلىنەتتى، كۆپچىلىك ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشكە ھەيران قالدى.

«ئاينۇر دورا ئىچۈرۈۋېتىپتۇ ماۋۇ ئاداشقا» دېدى جۇرئەت ئىچىدە.

ھەممە ئىشلار ئاينۇر دېگەندەك بولدى. مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ئاينۇرنىڭ پىلانى بويىچە مېڭىپ كەتتى. ئاينۇر پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى.

كۈز ئاياغلىشىپ، باش قىش يېتىپ كەلدى. كۈز قىشقا بوران، غازاڭ، مول ھوسۇل ھەم غەيۋەتلا ئەمەس، يەنە ئەڭ گۈزەل خاتىرىلەرنىمۇ سوۋغا قىلدى. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەنۋەر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ، ئاينۇرنى كاتتا بىر رېستورانغا تاماققا تەكلىپ قىلدى. شۇ كۈنى ئاينۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئەنۋەر مەكتەپتىكى رەھبەرلەرنى يىغىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاينۇر ئەنۋەرنىڭ بۇ ئىشىدىن خېلى تەسىرلەندى. مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىزىغا چۈشۈپ كەتكەندى.



## 17

ئاپئاق قار كائىناتنىڭ سەتچىلىكىنى يېپىپ بولغاندا، ئابۇش خوتەندىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر يىل ئىچىدە مەتنىياز بىلەن بىر ئادەمدەك ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن پۇل تېپىۋالدى. مەتنىياز: «قۇرۇق ماڭما ئاداش، بىر ماشىنا گىلەم ئالغاچ كەت، غۇلجىدىكى گىلەمچىلەرگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ياخشى گىلەمدىن بەش ـ ئونىنى ئېلىپ تۇغقانلارغا سوۋغا قىلمامسەن؟!» دېگەندى، ئۇ مەتنىيازنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ماشىنا گىلەم ئەكىلىپ، گىلەم بازىرىدىكى خوتەنلىكلەرگە ئۆتكۈزۈۋەتتى، شۇ باھانىدە ئۆيىگە ياخشى گىلەمدىن بەشنى ئېلىپ قالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئەڭ خۇشال ئادەم ئاينۇر بىلەن ئالماس ئىدى. ئالماس دادام كەلدى دەپ خۇش بولۇپ، ئۆيگە پاتماي قالغانىدى. ئابۇش ئەكەلگەن ياڭاقلارنى ئاچىقىپ ئاغىنىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى خۇش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ خۇش قىلاتتى. ئاينۇر ئابۇشنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئايدەك چىرايى قايتا نۇرلىنىشقا باشلىدى، ئۇ جانلىنىپ كەتتى، ئابۇشنىڭ نەتىجىسىمۇ ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان قىشتا ئابۇش ئۆيدە يېتىپ دەم ئالدى. ئۇ ئالدى بىلەن بازاردىن سېمىز ئاتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، قېزىچىدىن ئىككىنى تەكلىپ قىلىپ، ئاتنى سويۇپ گۆشىنى قېزا قىلدۇردى. ئۆزى ئۇستامىلارنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، خۇرۇچلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قېزىلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تەييار قىلدۇردى، ئاندىن كاندىكى ۋە شەھەردىكى

ئـاغىنىـلىرىنـى چاقىرىـپ، مېھمـان قىلدى. ئـابۇش ئازادە ئۆيـدە ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇپ، ئۇلار بىلەن قانغۇچە پاراڭلىشىۋالدى.

— ياشاشنى بىلىسەن، ئۇكـا، نېمـىدېگەن ياخـشى قىزا بـۇ! — دېدى ئەزىز بىر پارچە لوقمىنى ئاغزىغا سېلىپ.

— غۇلجىدا يىلدا بىر ئاتنىڭ گـۆشىنى يېمىسـەك، نېمـىش قىلىمىز، ئاكا؟ — دېدى ئابۇش.

— خوتەندە ياخشى ئوقەت قىلىۋالدىڭ - ھە، ئۇكا، — دېـدى ئازات.

— بـۇ تاشنى ئـىچكـىرى ئۆلكـىلەرنىـڭ ئـادەملىـرى بـەك ئەتىۋارلاپ ئالىدىكەن، ئالـلا دېدىم، ئەسـلىدە بىـرنەچچە يىـلنىـڭ ئالـدىدىلا خوتـەنگە بېـرىـپ مۇشۇ ئـىشنى قـىلغان بـولسام ئـىش باشقىچە بولاتتىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئابۇش قولىدىكى ھاراقنـى ئىچىۋېتىپ.

— ھېلىمۇ بەك جىق پۇل تاپتى دەپ ئاڭلايـمىزغۇ، — دېـدى ئەزىز.

— خۇدانىڭ بەرگىنى باركەن، ئاكا !

— كاندىن يۆتكىلىپ كېتىپ جاھان ئىش قىپسەن جۇما، ئـاداش! سەن مانا مـۇشۇ كۇنـدە ھـەرگىزمـۇ بۇرۇنقى ئـابـۇش ئەمەس - ھە ! — دېدى ئەركىن.

— ئۇنداق دېمە ئاداش، مەن يەنىلا بۇرۇنقى ئابۇش !

— ئىشقىلىـپ بىزنـى ئۇنتۇپ قـالماپسـەن، ئۇكا. بـەرگـەن گـىلىمـىڭنى خـوتۇنۇم كۆرۈپ خـۇشال بولـۇپ كـەتتى، «ئـابـۇش سىزنى ئۇنتۇماپتۇ» دەپ سايراپلا كـەتتى.

— مېنىڭ خوتۇنۇمنى دېمەيسىلەر تېخى، «نېمىدېگەن ياخشى گىلەم، ئابۇشقا خـۇدايىم بەرسـۇن» دەپ دۇئا قىلىـپ كـەتتـى، — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— مېنىڭ ئايالىممۇ بەك خۇشال ! — دېدى ئەركىن.

— مەندە ئەسـلىدە گىـلەم ئەكـىلىدىـغان ئۆي يوق ئـىدى،

خوتەندىكى ئاشۇ مەتنىياز دېگەن شېرىكىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بولمامدۇ! «بىكار ماڭغۇچە گىلەم ئالغاچ كېتىڭلا، ئاداش. پايدىسىغا قالغان گىلەملەرنى ئاداشلىرىڭلىغا سوۋغا قىلمامسىلە؟» دەپ يول كۆرسەتكەن، شۇڭا سىلەرگە بىر پارچىدىن گىلەم بېرەلىدىم شۇ! — دېدى ئابۇش.

— ئاشۇ مەتنىياز دېگەن ساۋاقدىشىڭنىڭ جېنى باركەن جۇما ! ... ئۇلار ئاغىنە دېمەي ئاداش دەيدىكەن ـ هە ! — دېدى ئەزىز.

— شۇنداق، ئاداش دەيدىكەن، بەزى گەپلىرى بەك قىزىق، كۇلۇپ كېتىمەن، بەك ئاق كۆڭۈل خەقكەن، هەي !

— شۇڭا بىرنى بىر دەيدۇدە ئۇلار، — دېدى ئازات كۇلۇپ.

— خوتەندە ئۆي تۇتۇۋالدى دەپ ئاڭلىدۇققۇ، ئۇكا، — دېدى ئەزىز قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئاكا، ئىش ـ ئوقەتتىكى ئادەم پاك يۇرمىسە يولۇڭ ئېتىلىپ قالىدۇ! — دېدى ئابۇش.

— راست، ئوغۇل بالا دېگەن قولىغا پۇل چۇشكەندە پاك يۇرمىسە ئۆزىگە قىلىپ قويىدىكەن. بەزى پۇل تاپقان باللارنى كۆردۇققۇ، خۇدا بۇيرۇغان بولسا ئابۇش ياخشى، — دېدى ئازات.

— كاندا قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولغانده ! — دېدى ئەركىن. هەممە ئادەم كۇلۇشۇپ كەتتى.

— هە، گەپ قىلە، ئۇكا. ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئەزىز قولىغا بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ.

— بىنادىن بىرنى سالايمىكىن دەيمەن ! — دېدى ئابۇش.

— بىنا ؟ — دېدى ئازات ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

— ئەمدى ئۇياق ـ بۇياققا قاترايدىغان ئىشنى قويۇپ، بىر يەردە جىم تۇرايمىكىن دەيمىنا ! — دېدى ئابۇش.

— بۇ ئويۇڭ ياخشى ئىكەن، ئۇكا، — دېدى ئەزىز.

— بەش قەۋەت قىلىپ بىر بىنا سالسام دەيمەن، بىرىنچى

قەۋەتنى ئىجارىگە بەرسەم، ئىككىنچى قەۋەتنى ئۆزۈم رېستوران قىلىپ ئاچسام، قالغان ئۈچ قەۋەتنى مېھمانخانا قىلىپ ئاچسام، ئاشۇ بىناغا باغلىنىپ كۈن ئۆتكۈزسەم دەيمەنغۇ! — دېدى ئابۇش.

— ياخشى ئويلاپسەن، ئۇكا، بىنا دېگەن ئالتۇن قوزۇق دېگىنە، ياخشى، — دېدى ئەزىز.

— يەرنى ياخشى تاللىمىساڭ بولمايدۇ، ئورۇن بەك مۇھىم، — دېدى ئازات.

— مەيداندىكى كىنوخانىنىڭ ئەتراپىدىن بىر ئورۇن تاپايمىكىن دەۋاتىمەن، — دېدى ئابۇش.

— ئاشۇ يەر بولىدۇ، ياخشى ئويلاپسەن، ئادەم توختايدىغان يەر ئۇ! — دېدى ئەزىز.

— بىنا سالساڭ مەن كاندىن يېنىپ كىرىۋالىمەن، ئاداش. ئاشۇ ئىككىنچى قەۋەتكە ئاچماقچى بولغان رېستورانىڭنى مەن باشقۇرۇپ بەرمەمدىم، — دېدى ئازات.

— چاتاق يوق، ئاداش، ئەلۋەتتە بولىدۇ ! — دېدى ئابۇش.

— ياخشى، ئۇكا، خوتەنىمۇ كۆرۈپ كەلدىڭ، پۇلنىمۇ تاپتىڭ، ئەمدى بىنادىن بىرنى سېلىۋالساڭ، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇپ قالىسەن، — دېدى ئەزىز.

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، ئازات ئابۇشقا كاننىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى، كاندىكى تەرەققىياتلارنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئابۇش ئۇ يەردىكى ئۇستى ئوچۇق كاننىڭ ئېچىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. «مانا ئەمدى كانلىقلار قالاق ئىشلەپچىقىرىشقا خاتىمە بېرىپتۇ» دېدى ئابۇش. ئاندىن ئۇ مېھمانلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارغا خوتەننىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى، قاشتېشى توغرىسىدا ئۇلارغا ئاز - تولا ساۋاق بەردى، ئاندىن خوتەننىڭ ئەتلەس، گىلەملىرىنى تونۇشتۇرۇپ، بەكمۇ ئۆزگىچە بولغان تائاملىرىنىمۇ تونۇشتۇردى. ئۇلارغا خوتەنىنىڭ گۆشگىردىسى بىلەن تونۇر كاۋىپىنى ئالاھىدە

تونۇشتۇردى. ئۈچ بوتۇلكا هاراق تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئابۇش بىلەن خوشلاشتى.

ئاينۇر ئابۇشنىڭ پىلانىنى قىزغىن قوللىدى. «بىنا سېلىپ مۇشۇ يەردە ئىش ـ ئوقەت قىلغىنى ياخشى» دېدى ئاينۇر ئىچىدە.

— بۇ ئويىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ، ئابۇش. دادامىلار ئاڭلىسا بەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بىرىنچى قەۋەتتىن ماڭا بىر دۇكان بەرسىڭىز، كىتابخانامنى ئاشۇ يەرگە كۆچۈرۈۋالسام بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى ئاينۇر.

— خۇدا بۇيرۇسا ئىشلار شۇنداق بولىدۇ، ئاينۇر. سىز ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئازادە ئىشلەيدىغان ئاينۇر ئەمەس، بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى بوپسىز، ئەگەر يېتىشەلمىسەك، ئاشۇ كىتابخانىنى قويۇپ تۇرساقمۇ بولىدۇ، — دېدى ئابۇش.

— مەن مۇشۇ كىتابخانىنى ئاچقاندىن كېيىن كۈتۈپخانامدىكى كىتابلىرىمنى تولۇقلىۋالدىم. مەن بۇ كىتابخانىنى داۋاملىق ئاچىمەن، ئابۇش. بۇ مېنىڭ ياخشى كىتابلارنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشۇمغا پايدىلىق، — دېدى ئاينۇر.

— ئەمىسە، سىز دېگەندەك قىلايلى، خۇدا بۇيرۇسا، سىزگە ئەڭ ياخشى ئورۇندىن كىتابخانا ئېچىپ بېرىمەن، — دېدى ئابۇش.

باش باهارنىڭ سەلكىن شامىلى دەريا تەرەپتىن كەلدى. ئاندىن ئېرىق بويلىرىدىكى غۇنچىلار كۆزلىرىنى ئاچتى. ياۋا گۈللەر دەسلەپكى كېپىنەكلەر بىلەن قايتا لەۋلەشتى. شامال ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى چاڭلاشتۇرۇپ يىراق يەرلەرگە ئەكەتتى. هويلىدىكى ئۆرۈكلەر بەس ـ بەستە چېچەكلىدى. چېچەكلەر تۆكۈلۈپ، شاخلار ئەسلىگە كەلگەندە، ئالما چېچەكلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاق، سۇس بېغىر رەڭ ئېچىلىدىغان چېچەكلەر ئىچ ـ ئىچىدىن سۆزۈك، كۆركەم ئىدى، ئادەمنى

ھاياجانغا سالاتتى؛ بىر قىش كۆزلىرىنى ئاچماي ئۆچەكتە ياتقان ھەرىلەرنى چەكسىز شادلىققا ئىگە قىلاتتى. ھەممە چېچەكلەر ئېچىلىپ بولغاندا، مايلىشىپ كەتكەن چىرايلىق شۆگلاردىن يېقىملىق يوپۇرماقلار چىقىشقا باشلايتتى. يوپۇرماقلار مېۋىلىك دەرەخلەرگە يەنە بىر يېڭى تۈس بېرەتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا بۇلبۇللار باغلاردا، مەھەللىلەردىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدا، يەنە گۈلخومار قىز - چوكانلارنىڭ گۈلخانلىرىدا پەيدا بولاتتى ۋە بەس - بەستە سايرىشاتتى.

ئۇلار قىسقىغىنا سايراش پەسلىنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. بولۇپمۇ كېچىلىرى گۆرلەردىكى ئاشىقلارنى ئويغىتىۋېتىدىغاندەك سايرايتتى. باش باھار بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلىرى بىلەن مۇقەددەس ئىدى. ئۇلار بارلىق پەسىل قۇشلىرىغا ئۈچۈر بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ جەننەت پەسلى يېتىپ كېلەتتى. مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابۇش بىنا سېلىش ئىشىغا رەسمىي تۇتۇش قىلدى.

مەيداندىكى كىنوخانىنىڭ قېشىدا نەچچە يىلدىن بېرى پۇتمەي تاشلىنىپ قالغان بىر بىنا بار ئىدى، قورۇلۇش ئىككىنچى قەۋەتكە كەلگەندە توختاپ قالغانىدى. سەۋەبى قورۇلۇشنىڭ ئىگىسى قىمارغا بېرىلىپ كېتىپ، قورۇلۇش قىلىدىغان پۇلنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدى. قورۇلۇشنىڭ ئىگىسى خەمىت ئەسلىي مۇشۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدا مايلامچىلىق قىلىپ چوڭ بولغان بالا ئىدى، ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ئۇنى مۇشۇنداق تىرىكچىلىك يولىغا باشلاپ قويغانىدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان باللار بىلەن كىچىكىدىن باشلاپ تىجارەت قىلىپ، سودا ئىشلىرىغا ئوبدانلا پىشىپ قالغانىدى، كېيىن باققاللىق قىلىپ، بازاردا ئالما، ئۈزۈم سېتىپ، تۆتىنىڭ ئالدى بولۇپ قالغانىدى. شەھەردە چېگرا سودىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن زور بىر پۇرسەت كەلدى. قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرى غۇلجىنىڭ

تۇرلۇك مېۋىلىرىگە موھتاج بولدى. خەمىت مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئالمۇتىغا ئالما، ئۆزۈم چىقىرىپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا نۇرغۇن پۇل تاپتى. ئۇ يەنە ئالمۇتا بازىرىنىڭ گۇرۇچكە بولغان ئېھتىياجىنى بايقاپ، بۇ ئوقەتتىنمۇ ئوبدان پۇل تاپتى. مۇشۇنداق ياخشى نەتىجىلەر ئۇنىڭغا ھەي خەمىت، سەن ئاشۇ ئۆزۈڭ ئويناپ چوڭ بولغان، مايلامچىلىق قىلىپ ئۆسمۇرلۇك دەۋرىڭنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بىر بىنا سالامسەن دەپ بېشارەت بەرگەندى. ئابۇش ئاشۇ يەرنى ئېلىشتا قېيناتىسى يالقۇنغا تاياندى، يالقۇن يول مېڭىپ، خەمىت بىلەن كۆرۈشتى: «پۇتمىگەن بىنانى ساتىمەن، ئاكا، لېكىن نۇرغۇن ئادەم بىلەن باھادا كېلىشەلمىدىم، كېلىشىپ قالساق ساتىمەن» دېدى خەمىت. يالقۇن خەمىت بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشتى، ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا ئاز ـ ئازدىن ئۆرلىدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ خەمىتنىڭ كۆڭلىدىكى باھانى بىلىۋالدى. ئاخىر ئۆزى مۇۋاپىق دېگەن باھادا پۇتمىگەن بىنانى ئابۇشقا ئېلىپ بەردى. ئابۇش بىنانى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ لايىھىسى بويىچە باشقىدىن بىنا سېلىۋالدى. بىنانىڭ كىنوخانا تەرەپتىكى يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان دۇكاننى ئاينۇرغا كىتابخانا قىلىپ بەردى. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئابۇش ئويلىغاندەك بولدى. بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بەردى. ئىككىنچى قەۋىتىنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، رېستوران قىلىپ ئاچتى. قالغان ئۈچ قەۋىتىنى مېھمانخانا قىلدى. ئىش باشلىغان كۈنى ئۇ بارلىق ئاغىنىلىرى بىلەن تونۇشلىرىنى رېستورانغا چاقىرىپ، ئۇلارنى كاتتا مېھمان قىلدى، ئىشلار شۇنداق تېز يۈرۈشۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. ئابۇش شەھەردىكى ئەزىز بىلەن كاندىكى ئازات، ئەركىنلەرنى رېستورانغا چاقىرىپ، ئۇلارنى گۆش بىلەن مېھمان قىلدى. ئادەتتە ئابۇش ھاراق ئىچكەندە ئانچە گۆش يېمەيتتى. ئۇ گۆشسىز قورۇمىلارغا ئامراق ئىدى، بۇنىڭدا يەنە

پىياز بىلەن مۇچنى قورۇپ يېيىشكە ئامراق ئىدى. رېستوران ئاچقاندىن بېرى ئۇ غوۋلامنىڭ تۆز - تەمىگە كۆنۈپ قالدى، غوۋلام ئۇنىڭغا ئاشۇ خىلدىكى قورۇمىلارنى بەك تەملىك قىلىپ قورۇپ بېرەتتى. ئۇ قورۇمىلارنى قۇرغاقراق قىلىپ قورۇيتتى، ئالدى بىلەن نېپىز توغرالغان پىياز ۋە ئىنچىكە توغرالغان مۇچنى چالا قورۇۋېلىپ، ئاندىن ئۈستىگە قورۇلغان پىيازنى سېلىپ، ئۈستىگە تۆز سېپىپ تازا ئارىلاشتۇراتتى - دە، ئابۇشقا ئاچىقىپ بېرەتتى. يېرىمى كۆكمۇچ، يېرىمى قىزىلمۇچ بولغاچقا، پىياز قوشۇلۇپ شۇ قەدەر رەڭدارلىشىپ، قورۇما بەك چىرايلىق چىقاتتى. لېكىن، بۇ قورۇما بۇگۇن ئوخشىماي قالدى. ئۇ رېستوراننى باشقۇرۇۋاتقان ئەكبەرنى چاقىرتتى.

ئەكبەر ئايرىمخانىغا كىرىپ، «خوش ئابۇشكا» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

— ماۋۇ پىياز بىلەن مۇچنى كىم قورۇدى؟

ئەكبەر شىرەدىكى قورۇمىغا بىر قاراپ قويۇپ:

— ھە، چۈشەندىم، يېڭى كەلگەن ئاشپەز قورۇدى، — دېدى.

— غوۋلامچۇ؟

— غوۋلامنى ئىشتىن توختىتىپ قويدۇم، — دېدى ئەكبەر.

— بىر ئىش بولغانمۇ؟

— بىر قارا سومكىسى بار، ئىچىدە بىر كىلولۇق تۇڭى بار، كۇندە دېگۇدەك ماي بىلەن بىر - ئىككى كىلو گۆش ئېلىپ ماڭىدۇ!

— مۇنداقمۇ خۇيى باركەندە ئۇنىڭ! ئەمىسە، ماڭا گەپ قىلماپسەنغۇ؟!

— كۇندە بەك كەچ قايتىمىز، سىزنى ئاۋارە قىلماي دېگەنىدىم.

— ئەسلىدە بۇ ئىشنى ماڭا ۋاقتىدا دېگەن بولساڭ بوپتىكەن، ئۇكام، — دېدى ئابۇش.

— يېرىم ئايلىق ئىش ھەققى قالغان، ئەتە - ئۆگۈن

كېلىمەن دەيدۇ، سىز بىلەن كۆرۈشىدىكەن، — دېدى ئەكبەر.

— ھە، مۇنداق دە! بولىدۇ ئەمىسە، سەن بېرىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر، — دېدى ئابۇش.

ئەكبەر سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— قىلىقى سەت ئاشپەزكەن ـ ھە! — دېدى ئازات.

— ھۈنىرى ياخشى ئاشپەزلەرنىڭ يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئەيىبى بولىدىكەن، — دېدى ئەزىز، — بىزنىڭ زاۋۇتتىمۇ بىر ئاشپەز بولىدىغان، ئۇ ئاشۇ قىيىنچىلىق يىللار ئىدى، كىچىك بىر بوتۇلكىسى بولىدىغان، كۈندە بىر بوتۇلكا ماي ئېلىپ كېتەتتى. كېيىن پىكىر جىق بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ئاشخانىدىن يۆتكىۋەتكەنتۇق، ئۇ ئادەم تاماققا بەك ئۇستا ئىدى، قورۇمىغىمۇ ئۇستا ئىدى.

— ساپلىق تۇتقان ئادەم لىللا بولمىسا رېستورانىنى قۇرۇتىدۇ! — دېدى ئابۇش.

— شۇنداق، ئۇكا! — دېدى ئەزىز، — خەقنى قويۇپ، يەپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدىكەن.

غۇلام بەستلىك، كېلىشكەن، يېشى ئەمدىلا قىرىقتىن ئاشقان يىگىت ئىدى. ئۇ ئاشپەزلىكنى بىر مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەۋېتىپ ئۆگەنگەنىدى. شۇ يىللاردا مەكتەپكە دادىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشقانىدى، ئاشخانىدا سەي ئاقلاش، تازىلىق قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. كېيىن ئۇ ئاشپەزلىككە قىزىقىپ، ئۇستىلارغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇلار ئاساسەن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا داش قازاندا تاماق ئېتەتتى، ئاغىنىلىرى ئۇنى گۈرجەكتە سەي قورۇيدىغان ئاشپەز دەيتتى، دېمىسىمۇ داشقازاننىڭ قورۇمىسىنى گۈرجەكتە قورۇمىسا، قورۇمىنى ئارىلاشتۇرغىلى بولمايتتى. يىللار ئۆتۈپ، غۇلام كەسپىي كىتابلارنى كۆرۈپ يۈرۈپ ياخشى

ئاشپەز بولۇپ يېتىلگەنىدى. ئاخىر ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئاشپۇزۇل ئاچتى، لېكىن ئۇ ئاشخانىنى ماڭدۇرالمىدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ، ئۇنداق قىلماسەن، بۇنداق قىلماسەن دەپ باقتى، لېكىن يەنىلا ئىشنى قاملاشتۇرالمىدى. ئاخىر ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ، سەن ئەمدى بولدى قىل، ئاداش. ئۆز ئالدىڭغا ئىش قىلالمايدىغان ئوخشايسەن، ئەمدى خەقنىڭ قولىدا ئىشلىسەڭ بولغۇدەك دېيىشتى. غۇلام جىق يەردە ئىشلەپ كەتتى، مەيلى قەيەردە ئىشلىسۇن، ئۇنىڭ ئاشۇ تۆت ـ بەش كۈندە بىر قېتىم ماي بىلەن گۆش ئېلىپ ماڭىدىغان خۇيى ئۆزگەرمىدى. بۇ خۇينى ئۇ يىگىرمە ياش ۋاقتىدا مەكتەپ ئاشخانىسىدا ئۇستىسىدىن ئۆگەنگەنىدى. ئۇستىسى مايلىشىپ كەتكەن سومكىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ماي بىلەن گۆش ئېلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇيى كېيىن غۇلامغا يۇققانىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىشلىگەنلا يېرىدە بۇ قىلىقنى تاشلىماي يۈردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن غۇلام رېستورانغا كېلىپ ئەكبەر بىلەن كۆرۈشۈپ، قالغان يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىنى ئېلىۋالدى، ئاندىن ئۇ ئابۇشنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— مەن ئۇ ئىشنى بىلمەپتىمەن، غۇلام. بىلگەن بولسام ئەكبەرگە ئاز ـ تولا گەپ قىلاتتىمكەن... نېمە دەيمىز، ئۇكا، ئەمدى بۇ ئىشىڭغا، شۇ ئىشنى ئۆگىنىۋاپتىكەنسەنندە؟! — دېدى ئابۇش. ئۇنىڭ ئويى باشقا ئىدى، ئەگەر غۇلام ئاشۇ ئەيىبىنى تاشلىسا، خاتالىقنى تونۇسا، ئۇنى يەنىلا ئىشلىتىش تەرەپدارى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھۈنىرى يامان ئەمەس ئىدى.

— مەن يامان ئىش قىلمىدىم، ئابۇشكا. ئەكبەر ئاشۇرۇۋەتتى، مەن كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەۋاتىمەن، قورۇمىلارنى تەملىك قىلىپ قورۇۋاتىمەن، رېستورانغا نۇرغۇن ماتېرىيالنى ئىقتىساد قىلىپ بېرىۋاتىمەن، كۈندە ئوتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئىسسىقىم ئېشىپ تاماق يېيەلمەيمەن، ئۆيگە

ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ـ ئىككى پارچە گۆش ئالغاچ بىرىپ تاماق ئەتكۈزۈپ يېسەم نېمە بوپتۇ؟ «ئەكبەر مېنى سەن قاقتى ـ سوقتى قىلدىڭ» دەيدۇ، «ئاغزىڭنى يۇم هايۋاننىڭ بالىسى!» دېدىم ئۇنىڭغا. بۇ قانداق قاقتى ـ سوقتىغا كىرىدۇ؟! مەن باشقا ئۇستاملارغا دەپ قويۇپ ئېلىۋاتمەنغۇ! ئىشلىمىسەم نېمە بوپتۇ! — دېدى غۇلام.

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، غۇلام، ئەگەر سەن داۋاملىق مۇشۇ رېستوراندا ئىشلەيمەن دېسەڭ، مۇشۇ قىلمىقىڭنى تاشلىمىساڭ بولمايدۇ! — دېدى ئابۇش.

— ئىشلىمىسەم ئىشلىمىدىم، ئاكا. ئاشپەز دېگەن كۈندە ئۆزىنىڭ يەيدىغان نەرسىسىنى ئېلىپ ماڭىدۇ، نەگىلا بارماڭ، ھەممە ئاشپەز شۇنداق...

— قانچىلىك يېسەڭ ئۇنىڭ يولى باشقا ئۇكا، ئېلىپ ماڭساڭ بولمايدۇ، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. بىرىنىڭ كۆزى قىزىرىدۇ، يەنە بىرىنىڭ قولى قىچىشىدۇ، ساڭا ئوخشاش ئۆيگە ئاپىرىپ يەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتسە، ئەكبەرمۇ رېستوراننى باشقۇرالماي قالىدۇدە! بىرنەچچە كۈن ياخشىراق ئويلان ئۇكا، ئەگەر خاتالىقىڭنى تونۇساڭ، ئاشۇ خۇيۇڭنى يوقاتساڭ، كېلىپ ئىشلەۋەر، — دېدى ئابۇش.

— مەن جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم، ئاكا، خاتالىقىمنى تونۇيدىغانغا، بۇ يەردە ئىشلىمىسەم، ئىشلەيدىغان يەر جىق ماڭا! — دېدى غۇلام.

— ئەمىسە، نەچچە كۈن دەم ئېلىپ تۇر، مەن ئەكبەر بىلەن بىر پاراڭلىشىپ باقاي. ئەگەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتسە، كېلىپ ئىشلەرسەن! — دېدى ئابۇش.

— سىزنىڭ بىرلا ئېغىز گېپىڭىزغۇ ئۇ...

— ياق، ئەكبەر كونكرېت ئىشلەۋاتىدۇ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈزمىسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلغانىكەن، ئەمدى مەن ئۇنىڭ پىكرىنى

ئالماي ساڭا ماقۇل دەپ قويسام بولمايدۇ.

— ئەمىسە، مەن باشقا يەردە ئىشلەپ تۇراي، ئاكا.

— ئۆزۈڭ بىل، ئۇكا.

غۇلام خاپا بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ مۇشۇ رېستوراندا ئىشلىگۈسى بار ئىدى. ئۇ ئابۇشنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن، «ئەمىسە باشقا يەردە ئىشلەي» دېگەنىدى. ئابۇش كەسكىن هالدا «ئۆزۈڭ بىل، ئۇكا» دېگەندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا خاپا بولۇپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىر بوۋاي ئابۇشنى بىنانىڭ ئالدىدا توسۇۋالدى، بوۋاي سەكسەن ياشلاردىن ئاشقان كىشى ئىدى. ئۇ هاسىسىغا يۆلىنىپ:

— هەي، ئابۇش دېگەن سەنغۇ دەيمەن، — دېدى.

— مەن ئابۇش، چوڭ دادا. ئەهۋالىڭىز ياخشىمۇ، بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭىزما؟ — دېدى ئابۇش بوۋايغا قاراپ. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— مېنى تونۇمايسەن؟ ! — دېدى بوۋاي قوپاللىق بىلەن.

— ياق، تونۇمىدىم...

— سەن هازىر ئادەم تونۇمايسەن، كۆزۈڭگە ماي توشۇپ قالدى سېنىڭ! — دېدى بوۋاي، — مېنىڭ ئىسمىم پىدا، پىدا دەپ ئاڭلىغانما؟

— ياق، ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئابۇش.

— ئاڭلىمايسەن سەن، هېچنېمىنى ئاڭلىمايسەن هازىر، — دېدى پىدا بوۋاي ۋارقىراپ، — مەن سەن ئىشلەتمەي قوغلىۋەتكەن ئاشۇ غۇلامنىڭ دادىسى بولىمەن، ئەمدى تونۇدۇڭما؟ !

— تونۇدۇم چوڭ دادا، تونۇدۇم، — دېدى ئابۇش.

ئۇ شۇ دەقىقىدە هەممە ئىشنى چۈشەنگەندەك بولدى،

— يۈرۈڭ چوڭ دادا، ماۋۇ كىتابخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى !

ئابۇش بوۋاينى كىتابخانىغا باشلاپ كىردى، قىزلار ئۇلارنىڭ

ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى، ئاندىن ئۇلارغا ئورۇندۇق ئەكىلىپ بەردى.

— ئولتۇرۇڭ، چوڭ دادا، — دېدى ئابۇش پىدا بوۋايغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

بوۋاي ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنى توختىماي ئوينىتىپ تۇراتتى.

— ئابۇش، سېنى بەك يامان بولۇپ كەتتى دەيدۇ. ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانغا باج ئالمايدىغانسەن! — دېدى پىدا بوۋاي كىنايە قىلىپ.

— سىز دەك ئاتىمىزغا بەرسەم بېرىمەنكى، ھەرگىز ئالمايمەن!

— ئاغزىڭ ئەجەب تاتلىق ئىكەن سېنىڭ، سەنمۇ قاغدىلىپ بوپسەن، لېكىن بىر بالامنى پاتۇرماپسىنا! — دېدى بوۋاي.

— ئازراق ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، چوڭ دادا. مەن غۇلامنى كېلىپ ئىشلەۋەرگىن دېگەن...

— خاتالىقىڭنى تونۇغىن دەپسەنغۇ! ... سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمىتىڭ؟ !... ئۆزۈڭنى بىلەمسەن؟... كىشىدىن كىشىگە نەپ دېگەن گەپ بار، بالامغا شۇنچىلىك قاتتىق گەپ قىپسىنا! ئۆز ۋاقتىدا ساڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، نان بەرمىگەن بولسام، سەن ھازىر نەدە؟ ! ئۇنى ئاللا بىلىدۇ، مەن ئوشۇق گەپ قىلمايمەن، سەن كانغا چىقىپ داداڭدىن سوراپ باق، «دادا، مېنىڭ ئۆز دادام كىم، ئۇ كىشى ھازىر قەيەردە؟» دەپ سورا !...

ئابۇش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. كۆڭلىدىن ئۇ بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغان ئابۇش ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس، ئۇنى بېقىۋالغان دېگەن سۆزلەر بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتتى.

— مۇشۇنداق گەپ، ئابۇشاخۇن. سەن ئۆزۈڭچە مەن باي بولدۇم، مەندىن باشقا نوچى ئادەم يوق دەپ يۈرەمسەن؟ ! ئالدىراپ كەتمە، سېنى تاپقان ئادەم نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدۇ ھازىر؟ بۇنى

داداڭدىن سورا، ئۇ دەپ بەرمىسە مېنى ئىزدە، مەن دەپ بېرىمەن.
مەن كەتتىم ئەمىسە ! — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ ھاسىسىغا تايىنىپ كىتابخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئابۇش ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى.

بايام ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان مەريەم ئاينۇرغا تېلېفون بەردى. ئاينۇر تېز يېتىپ كېلىپ، ئابۇشنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— نېمە بولدى، ئابۇش؟ — دېدى ئاينۇر.

ئابۇشنىڭ چىرايى سەتلىشىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى جاڭگالنىڭ توپىسىدەك كۆرۈمسىز ئىدى. ئابۇش بىردىنلا بوشاپ كەتكەنىدى.

— سىز كېلىپسىز – دە !

— مەن، ئابۇش، بىر ئىش بولدىما؟

— ئۆيگە كېتەيلى، ئاينۇر. مەن ئۆيگە بېرىپ دەپ بېرەي ! — دېدى ئابۇش.

ئابۇشنىڭ ماشىنىسىنى ئاينۇر ھەيدىدى، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. ئاينۇر ئابۇشتىن گەپ سورىمىدى، ئۇنى «بىردەم كارىۋاتتا يېتىپ دەم ئېلىڭ» دەپ كارىۋاتنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى.

«بۇ ئىش ئاخىر بۇگۇن تېشىلىپتۇدە!» دېدى ئاينۇر ئىچىدە.

— پىدا دېگەن بىر بوۋاي ئۆزۈمنىڭ دادىسىنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابۇش. ئۇ بىردىنلا ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

— بايام قىزلار ماڭا تېلېفون بەرگەن، مەكتەپنىڭ ماشىنىسى بىر ياققا كەتكەن، تاكسى بىلەن كەلگەنىدىم... ئەمدى نېمە دەيمەن، ئابۇش. بۇرۇن مەنمۇ مۇشۇنداق مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغان، مانا بۇ ئىشلار بۈگۈن تېشىلىپتۇ، بۇ ئىشنى توغرا چۈشەنمىسەك بولمايدۇ، ئابۇش. ياراتقۇچى ئاللا، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاللانىڭ قولىدا...

ئابۇش گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى سولىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاينۇر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

— قىزىۋاتىسىز، ئابۇش، دوختۇرخانىغا بېرىپ باقمىزمۇ؟ — دېدى ئاينۇر.

— يۈرىكىم سىيلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاينۇر. دوختۇرخانىغا بارايلى! — دېدى ئابۇش. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىغىنى كىيدى، ئاينۇر ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇلار ماشىنىغا چىقتى. ئاينۇر ماشىنىنى ھەيدەپ دوختۇرخانىغا كەلدى. ئاينۇر دوختۇرخانىنىڭ مەمۇرىي ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان دوستى شاراپەتكە تېلېفون بەردى. شاراپەت ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئابۇشنى دوختۇرخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنى بىر پېشقەدەم دوختۇرغا كۆرسەتتى.

— تومۇرىنىڭ سوقۇشى بەك تېز، بىر ئىش تەسىر قىپتۇ، دورا ئىچىپ، ئوكۇل سېلىپ ئۆيدە داۋالانسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى بالىنىتسىدا يېتىپ داۋالانغىنى ياخشى، — دېدى دوختۇر.

— ئەمىسە بالىنىتسىدا يېتىپ داۋالانسۇن، ئاداش، — دېدى شاراپەت.

— شۇنداق قىلايلى، ئاداش! — دېدى ئاينۇر.

شاراپەت يول مېڭىپ يۈرۈپ ئابۇشنى بالىنىتسىغا ئورۇنلاشتۇردى. دوختۇرلار داۋالاشنى باشلىۋەتتى.

دوختۇر ئابۇشقا ئاسما ئوكۇل ئېسىپ قويدى، ئۇ قاتتىق خىيالغا چۆشۈپ كەتتى. ئۇ «ئۆزۈمنىڭ دادىسى كىمدۇ؟ ئۇ قانداق ئادەمدۇ؟ بۈگۈنكى تۇرمۇشى قانداقتۇ؟ تۇۋا، مەن نەچچە يىلدىن بېرى نېمە ئۈچۈن دادامدىن ‹دادا، مەن ئۇ يەر - بۇ يەردە بىرقىسما گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن، سىز خاپا بولماڭ، سىز مېنى راست بېقىۋالغانمۇ› دەپ سوراپ باقمىدىم؟! مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئاشكارىلاندى، دادام قانداق ئادەمدۇ؟ تۇۋا، ئادەم دېگەن

نېمانچە يامان ـ ھە ! غۇلامنىڭ دادىسى پىداكام ھەممە ئىشلارنى بىلەتتىكەن ئەمەسمۇ!» دەپ ئويلايتتى.

ئابۇش ئاينۇرغا: «سىز ھېچكىمگە گەپ قىلماڭ، مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا چىقىپ كېتىمەن، خەق ئاڭلىسا سەت بولىدۇ» دېگەنىدى، ئاينۇر ئابۇشنىڭ پىكرى بويىچە ھېچكىمگە تىنمىدى، شۇنىڭدىمۇ ئاڭلىغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ ئۇنى يوقلىدى. كاندىن ئازات كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— سەن دورا ـ ئوكۇللار بىلەن ساقىيالمايسەن، ئۇكا. ئالدى بىلەن شۇكۇر قىل، ئاندىن سېنى بېقىۋالغان ئاتاڭغا رەھمەت ئېيت، ئاخىردا تەقدىرگە بويسۇن، شۇ ۋاقىتتا ساقىيىپ يېنىكلەپ كېتىسەن. بۇ يامان ئىش ئەمەس، ئۇكا، داداڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالىدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئازات.

— رەھمەت، ئازاتكا، — دېدى ئابۇش. ئۇنىڭ چىرايى خېلى ئوڭشىلىپ قالغانىدى، ئۇ قەلبىدە ئازاتنىڭ گېپىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى.

ئابۇش دوختۇرخانىدا بەش كۈن ياتتى، ئالتىنچى كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا پوچتىخانىنىڭ بىر خىزمەتچى خادىمى بالىنىتىسىغا بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ كىردى ۋە: «بۇ ئابۇش دېگەن كىشىگە تېگىدىغان گۈل ئىكەن» دېدى. ئابۇش: «مەن ئابۇش بولىمەن، سىڭلىم، گۈلنى مۇشۇ ئۈستەلگە قويۇپ قويۇڭ» دېدى. خىزمەتچى قىز كونۋېرتنى ئېلىپ ئابۇشقا تەڭلەپ: «بىر پارچە خەتمۇ بار» دېدى. ئاندىن بالىنىتىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئابۇش ئىشىك تەرەپتە ياتقان ئاغرىقتا بىر قاراپ قويۇپ، ئالدى بىلەن قولىدىكى خەتكە قارىدى، كونۋېرتنىڭ ئۈستىدە «ئابۇشقا تەگسۇن» دېگەن بىر قۇرلا خەت بار ئىدى، ئابۇش بېشىنى كۆتۈرۈپ شىرەدىكى گۈلگە قارىدى. چىرايلىق گۈللەر ئابۇشقا قاراپ كۈلۈشەتتى، ئابۇش ئىچىدە بۇ كىمنىڭ خېتىدۇ دەپ خەتنى

ئاچتى، ئاپئاق قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان قارا خەتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا روشەنلىشىشكە باشلىدى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئابۇش، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ؟ ساقىيىپ قالىسىز، مەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇ بىر تەقدىر، ئابۇش. بۇ قايغۇردىغان ئىش ئەمەس، خۇشال بولىدىغان ئىش. ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز مۇشۇنداق بىر سىر ئىچىدە ياشايمىز. بەزىلىرىمىز ھاياتىمىزدا ئاشۇ سىرنىڭ ئىچىگە كىرەلەيمىز، بەزىلىرىمىز بىر ئۆمۈر قاراڭغۇ تاغار ئىچىدە تۇرغاندەك ھېچنېمىنى بىلەلمەي ياشايمىز. بىز تەقدىرنىڭ قۇلى، ئابۇش. بىز ھەتتا ئۆزىمىز قىلىمىز دېگەن ئىشلىرىمىزنى قىلالمايمىز. بىز باشقا بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن گۈل تېرىيمىز. مەن ئۆزۈمنى ئېيتسامmۇ شۇنداق، مەن سىزگە كۆيەك، لېكىن مەن بۇ گەپنى سىزگە دېيەلمەيمەن، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتىم ئۈچۈن قۇربان بېرەلمەيمەن، ئۆيۈم، بالام بولۇپ قالدى، مەن ئاشۇ ئەمەلىيەت ئۈچۈن قۇربان بەرمىسەم بولمايدۇ، شۇڭا مەن سىزگە مەن پالانى بولىمەن دېيەلمەيمەن، مەن ئاشۇ يىللاردا قانچىلىغان كېچىلەردە سىز ئۈچۈن كېپىنەك بولۇپ ئۇچقان، سىزنىڭ نەپەسلىرىڭىز ئاستىدا مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن قانات قاققان، سىز كۆرگەن ئاشۇ قىزىلگۈللەر يۈرىكىمنىڭ قانلىرى بىلەن قىزارغان، شۇڭا دەيدىغان گېپىم بىرلا: ياخشى ياشاڭ، ياراتقان ئاللا سىزنى باشقا بىر ئۇلۇغ دادىنىڭ قانىتى ئاستىدا يېتىلدۈردى، سىز رەھمەت ئېيتىڭ، مانا بۇ مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم. ئەگەر سىز بۇ قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە مەڭگۈ خەت يازمىغان بولاتتىم. ئاللا سىزگىمۇ، ماڭىمۇ پۇرسەت بەردى، سىزنى تولۇق بىر ئادەم قىلىپ كۆزىڭىزنى قايتا ئاچتى، ماڭا پۇرسەت بېرىپ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمنى قەغەز يۈزىگە قوندۇردى. مەيلى بىز

مەقسىتىمىزگە يېتەيلى ياكى يەتمەيلى، تۇرمۇش ھامان تاتلىق، چۈنكى بىز يەنە باشقا بىر خىل پۇرسەت ئىچىدە ياشىيالايمىز. خۇددى ماڭا ئوخشاش يوشۇرۇن مۇھەببەت ئىچىدە ئارام تاپىمىز. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ گۈلىنى كۆرەلمەيمىز، ئابۇش. لېكىن، بىز قۇياش ئاستىدا ئۆزىمىزنى رازى قىلالايمىز. ئەسلەش، كۆڭۈلدە سۆيۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. ۋاقىت ئاخىر بىزگە غايەت زور پۇرسەت بېرىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ئىچىدە تەقدىرگە بويسۇنىمىز، ئاندىن قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزغا سادىق بولىمىز، مۇشۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز بىلەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمىز يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ، شۇ ۋاقىتتا تەدرىجىي ھالدا جاھاننى چۈشىنىپ قالىمىز، بۇمۇ بەك ياخشى ئابۇش، ئاللا بىردىن ئېيتمىسا يەنە بىردىن ئېيتىدۇ، ئاخىر ۋاقىت بىزنى رازى قىلىدۇ، بىز پىشىپ يېتىلىمىز، بۇرۇن يىغلايدىغان ئىشلار ئۈچۈن كۈلىمىز، توۋا قىلىمىز، شۈكۈر قىلىمىز، تىلەيمىز، ئۆزىمىزگە باھا بېرىمىز، ئىشىنىمىز، خۇددى ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمىز...»

ئابۇش خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. «توۋا، بۇ كىمدۇ؟» دېدى ئىچىدە، ئاندىن خەتنى يانچۇقىغا سالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئاينۇر كىرىپ كەلدى، ئۇ گۈلنى سورىدى، ئابۇش: «كاندىكى بىر ئاغىنەم ئېلىپ كەپتۇ» دېدى.

ئابۇش ئۆيگە ئەمەس، ئاينۇر بىلەن بىللە ئۇدۇل كانغا چىقىپ كەتتى. مەسلىھەت بويىچە، كاندا دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، پىدا بوۋاي ئېيتقان سىرنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولدى.



## 18

ئاينۇر ئابۇشنى كانغا ئاچىقىپ قويۇپ شەھەرگە قايتىپ كەتكەندى. ئابۇش ئىككى كۈنگىچە دادىسى بىلەن ئاپىسىغا گەپ قىلمىدى. ئۈچىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن ئابۇش دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پىدا بوۋايدىن ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئېيتتى، ساۋۇتئاخۇننىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ شەھەردە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئابۇشقا قارىدى.

— ئۇ بوۋاي سەل ئالدىراپ قاپتۇ، بالام. ئەسلىدە بۇ ئىشنى مەن ساڭا يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن دەي دېگەنىدىم. ھە بوپتۇ، بۈگۈن مانا بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ قاپتۇ، بۇ ھېچقانچە مۆرەككەپ ياكى سىرلىق ئىش ئەمەس. بۇ ئالەمدە بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بالام. بولۇپمۇ بۇ بىزنىڭ كاندا بۇنداق ئىشلار بەك جىق. ھاياتلىق بار يەردە ھەرقانداق ئىش بار بالام... سەن بۇ ئىشتىن ھەرگىزمۇ قايغۇرما، — دېدى ساۋۇتئاخۇن.

— ماقۇل دادا، مەندە ھېچقانداق ئوي يوق، مېنى ئۆزۈمنىڭ دادىسى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغىن! — دېدى ئابۇش.

— ئەمدى شۇنداق قىلىمەن، بالام. كېچىككەن بولساممۇ شۇنداق قىلىمەن. ئەمدى ساڭا ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي بالام: ئەينى يىللاردا كاندىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى بەك ناچار ئىدى، مەن بەزىدە قوشنىلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سوراپ شەھەرگە كۆمۈر ئەكىرىپ سېتىپ چىقاتتىم. شۇ يىلى مەن بازاردا مۇسا ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ كۆمۈرنى پارچە

ساتاتتى. بەزىدە ئالدىراپ قالساق، كۆمۈرنى مۈساغا بېرىۋېتىپ، سودىلىقىمىزنى قىلىپ بولۇپ كانىغا چىقىپ كېتەتتۇق. يىللار ئۆتۈپ، مەن ئاشۇ مۈسا بىلەن چىقىشىپ قالدىم. ئۇ سەممىمىي، ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ئىدى. بەزى كۈنلەردە، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغان بولدۇم. كېيىنچە ئىككىمىز ياخشى ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالدۇق. ئۇ كانىغا چىقسا، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالىدىغان بولدى. مۈشۈ جەرياندا ئۇ ئاپاڭنىڭ: «ئوغۇل بالام يوق، بىر ئوغۇل بېقىۋالسام بولاتتى» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىزگە بىر ئۈچۈر يەتكۈزۈپ: «بىزنىڭ مەھەللىدە بىر بىچارە ئايال يەڭگىگەن، ئۇ تۇغۇتتا ئۇ ئالەمگە كېتىپ بالىسى قالغان. مەھەللىدىكى تۇغۇت ئانىسى گۆھەر خانىم بۇ بالىنى بېقىۋالىدىغانلار بولسا بېرىۋېتەيلى دەۋاتىدۇ، بالىنى سىلەر بېقىۋالامسىلەر - يا» دەپ چىقىپتۇ. ئاپاڭ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدى، شەھەرگە كىرىپ سېنى ئېلىپ چىقتى، مانا بۇ ئاشۇنداق ئاددىي ئىش بالام، — دېدى ساۋۇتئاخۇن.

— ئۆز دادامنىڭ ئېتى نېمە، دادا؟ — دېدى ئابۇش دادىسىغا قاراپ.

— داداڭنىڭ ئېتى تۇرسۇن موللاق دېگەن ئادەم، بالام. ئۇ بۇرۇن موزدوزلۇق قىلاتتى، هازىر قېرىپ قالدى، يالغۇز ياشايدۇ، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرىدىغان ياشانغانلارنى بېقىش ئورنىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئەھۋالى ياخشى، مەن داداڭنى ئىزچىل يوقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇ سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنى بىلىدۇ...

— دادام هازىر شەھەرنىڭ قايسى مەھەللىسىدە؟

— جىگدىلىك مەھەللىسى دېگەن يەردە، ئەتە مەن سېنى داداڭنىڭ قېشىغا ئاپىراي، ئاپاڭ رەھمەتلىك تۇگەپ كەتمىگەن بولسا، سەنمۇ ماڭا ئاشمايتتىڭ، بالام...

ئابۇش دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى، ئۇنىڭ

كاللىسى يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

كەچتە ئاينۇر ئالماسنى ئېلىپ كانغا چىقتى. ئۇ ئابۇشتىن دادىسى دەپ بەرگەن ئاشۇ ئىشلارنى ئاڭلىدى ۋە ئابۇشقا قاراپ:

— ئۆزىڭىزنىڭ دادىسى تۇرسۇن موللاق دېگەن ئادەمكەندە. ئەتە مەنمۇ بىللە باراي، ئابۇش، — دېدى.

— سىزمۇ بارامسىز؟

— مەنمۇ باراي، دادامنى ئۆيگە ئاچىقايلى، — دېدى ئاينۇر.

— مەيلى، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئابۇش.

— بۇ بىر ياخشى ئىش بولدى، ئابۇش. سىز ئەمدى قايغۇرماڭ، بۇرۇنقىدەك ئازادە، خۇشخۇي يۈرۈۋېرىڭ. سىز ئۆز دادىڭىزنى تېپىۋالدىڭىز. بۇ ئەڭ چوڭ ئىش، ئابۇش. بىز ئەمدى بۇ كۈنىمىزنى قەدىرلەپ ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. چوڭلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىشىمىز كېرەك.

— ئەمىسە، دادامنىمۇ كاندىن شەھەرگە ئەكىرىۋالايلى! — دېدى ئابۇش.

— ئۆيىمىز جىق بولغاندىكىن شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، شۇ ۋاقىتتا كۆڭلىمىز ھەقىقىي ئارام تاپىدۇ! — دېدى ئاينۇر.

— شۇنداق ئاينۇر، ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز بەك جىق ئىكەن. مېنى كاندىكى دادام بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇپتۇ، مەن ئالدى بىلەن مۇشۇ دادامغا رەھمەت ئېيتسام بولىدىكەن!

— شۇنداق ئابۇش، شەھەردىكى دادىڭىزمۇ بەك مۇھىم، ئەگەر ئاپىڭىز تۇگەپ كەتمىگەن بولسا، بىزنىڭ تەقدىرىمىز يەنە باشقىچە بولاتتىكەن.

— ئاپام قانداقراق ئايال بولغىيدى؟ — دېدى ئابۇش، ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

ئاينۇرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئاينۇر تېلېفون ئارقىلىق

مەكتەپنىڭ بىر كۇنلۇك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئىرىنى، قېيناتىسى بىلەن بالىسىنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى. ئۇ ئالماسنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ، ماشىنىنى قېيناتىسى كۆرسەتكەن يولغا ھەيدىدى. ماشىنا جىگدىلىك مەھەللىسىگە كەلگەندە، ساۋۇتئاخۇن ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارنى باقىدىغان ئورۇنغا بارىدىغان كىچىك يولنى كۆرسىتىپ بەردى. يول ناھايىتى تار بولغاچقا، ئاينۇر ماشىنىنى توختىتىپ، رولنى ئابۇشقا بەردى. ئابۇش تار يولدا ماشىنىنى ئاران باشقۇرۇپ، ئاخىر دادىسى كۆرسەتكەن ئورۇنغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، ساۋۇتئاخۇنغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئاينۇر سەپنىڭ كەينىگە تىزىلدى.

بۇ ئورۇن بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە ئىدى. دۆڭدە كۈنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ياشانغانلار مۈشۈ ئۆيلەردە تۇراتتى. بۇ ئورۇنغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان بەكرى ساۋۇتئاخۇننى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئاندىن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ساۋۇتئاخۇن ئاكا، قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى بەكرى.

— خۇداغا شۈكۈر ئۇكا، ھېلىقى ئاغىنەمنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، — دېدى ساۋۇتئاخۇن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى بەكرىگە تەپسىلى چۈشەندۈردى.

— ئاللا دېدىم، مۇنداقمۇ ئىش باركەن تېخى، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى بەكرى ئابۇشقا قاراپ، — تۈنۈگۈن تېخى تۇرسۇن موللاقام: «ئۇكا، ئاخشام ئايروپىلانغا چىقىپ چۈشەپ قاپتىمەن، بىرەر ياخشى ئىش بارمۇ ـ قانداق» دەۋاتاتتى، مانا بۈگۈن ئۇچقۇچىنى ئۆزىڭىز ئەكەپسىز ئەمەسما، ئاكا، قېنى، ئىشخانىغا كىرەيلى.

ئۇلار بەكرىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ

ئولتۇردى. بەكرى ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بەكرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يىگىرمىگە يېقىن بوۋاي بىلەن موماي كېلىپ تورۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ دىققىتى ئابۇشتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋۇتئاخۇننى تونۇيدىغان بىرى بۇ ئوچۇرنى باشقىلارغا تارقاتتى، بۇلار ساۋۇتئاخۇننى ئىزدەپ كەلدى، دېيىشتى.

بەكرى تۇرسۇن موللاقىنىڭ ئۆيىگە كىردى، بۇ ئۆيدە ئىككى ئادەم تۇراتتى، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن تۇرسۇن موللاق بەكرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. چۈنكى، بەكرى ئاسانلىقچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەيتتى. ئۇ تۇرسۇن موللاقا ئەھۋالنى ئېيتتى. تۇرسۇن موللاق ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى.

— بەك تۇيۇقسىز بولۇپ قالدىدە، ئۇكام، بۇ ئىش. تونۇگۇن بىلگەن بولسام، چاچ - ساقاللىرىمنى ئېلىپ تۇرغان بولاتتىمكەن، — دېدى تۇرسۇن موللاق.

— ھېلىمۇ ئۇلگۈرىسىز، ئاكا، ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى كەپتۇ ئەكىتىمەن دەپ، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خۇشاللىق بولامدۇ ئەمدى؟ — دېدى بەكرى.

— ئەمىسە، مەن چىقاي ئۇكام، سىز چىققاچ تۇرۇڭ، مەن كۆڭلىكىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي، — دېدى تۇرسۇن موللاق.

— ئەمىسە، تېز بولۇڭ، ئاكا، — دېدى بەكرى. بايام بەكرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا ئولاشقان ئادەملەر بەكرىنىڭ تۇرسۇن موللاقىنىڭ ئۆيىگە كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ تۇرسۇن موللاقىنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە چاپلىشىپ بولغانىدى، ئۇلار بەكرىنىڭ تۇرسۇن موللاقا قىلغان گېپىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇردى، بەكرى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ بولغۇچە، بىچارە بوۋاي - مومايلار كەينى - كەينىدىن سايرىشىپ

كەتتى.

— تووۋا خۇدايىم، بەك بەختلىك ئادەمكەن ئەمەسمۇ بۇ! بۇركۇتتەك بالىسى بار ئىكەن ئەمەسما !

— تووۋا، ئاشۇنداق نوچى بالىسى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئۆيدە يېتىپتا بۇ ئادەم...

— بۇ قانداق ئۆي ئىكەن، ھەي پىتلىق!

— ئەمدى دەيمىنا...

— ئاۋۇ قىز كېلىنىكەن.

— ئىچى بەك چىلىك ئادەمكەن - ھە بۇنىڭ، بالام بار دەپ ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ تىنماپتۇ ئەمەسمۇ!

— ئاھ خۇدا، مېنىڭمۇ شۇنداق بالام بولۇپ قالغان بولسىچۇ!

— تاپقىنىڭنى چىلىك تۇتۇپ خوتۇن ئالغان بولساڭ، سېنىڭمۇ ئاشۇنداق بالاڭ بولاتتى ! — دېدى بىر بوۋاي.

— خوتۇن ئالسىمۇ باقالمايتتى بۇ ھورۇن ! — دېدى يەنە بىر ئادەم.

ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزىق پاراڭلىشىۋاتقاندا، تۇرسۇن موللاق پاكىز كۆڭلەكنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتى، ئۇ ئالدىدىكى ئادەملەرگە قاراپ قويۇپ، بەكرىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە يۈزلەندى.

— ماۋۇ جادۇگەر ئۆزىنى ياساپ مېڭىپتۇدە ! — دېدى بىرى.

ئابۇش بەكرىنىڭ ئىشخانىسىدا سەل ئالدىراپ قالغانىدى، ئۇ بەكرىگە قارىدى.

— بىز دادامنىڭ ئۆيىگە كىرسەك بوپتىكەن، — دېدى ئۇ.

— بولمىسا شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئاينۇر. ئۇ ئابۇشقا ماسلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەيلى ئەمىسە، شۇنداق قىلايلى، — دېدى بەكرى، — ئەمىسە چىقمىزما؟

ئۇلار بەكرىگە ئەگىشىپ تالاغا چىقتى، بۇ ۋاقىتتا تۇرسۇن

موللاق بەكرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى، بەكرى ئۇنى يولدا تورىۋالدى.

— ئۆيىڭىزگە كىرىدىغان بولدۇق، تۇرسۇنكا، — دېدى ئۇ.

تورسۇن موللاق كەينىگە ياندى، ئۇ چوڭ - چوڭ چامداپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

بەكرى مېھمانلارنى باشلاپ كىردى، ساۋۇتئاخۇن تۇرسۇن موللاق بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بەكرى مېھمانلارنى ئىككى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن تۇرسۇن موللاققا قارىدى.

— سىزنى تۇغقانلار يوقلاپ كەپتۇ، تۇرسۇنكا، — دېدى.

— رەھمەت، — دېدى تۇرسۇن موللاق.

— ئەمدى بۈگۈن مۇشۇنداق بىر كېلىپ قالدۇق تۇرسۇن موللاق، نېمە دەيمىز ئەمدى، بۈگۈن بۇ ئىشىڭلارنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ قاپتىكەن، مانا ئەمدى ماڭا ئامانەت بەرگەن ئوغلىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئەكەلدىم. مانا بۇ ئابۇش، سىزنىڭ ئوغلىڭىز! ئابۇش، مانا بۇ داداڭ بىلەن كۆرۈشە بالام، — دېدى ساۋۇتئاخۇن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ.


— ئاللا رەھمەت قىلسۇن! — دېدى تۇرسۇن موللاق كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئابۇش دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى، ئۇ دادىسىنى قۇچاقلىدى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئاينۇر تۇرسۇن موللاقنىڭ يۈزىگە قارىدى. بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقىلى ئۇنى شۇ قەدەر بىچارە كۆرسىتەتتى.

ئابۇش بوۋاي بىلەن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆيدىكى ھەممە ئادەم تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى.

— بالىڭىز چوڭ بولۇپ كەتتى، ئاداش. نەچچە يىلنىڭ



ئالدىدا ئۇنى ئەكىلىپ تونۇشتۇرۇپ قوياي دېسەم ئۇنىمىدىڭىز! سىز سەت بولىدۇ، بالىنى مەن باقىمىدىم، دەيسىز، لېكىن سىز ئابۇشنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ! مانا بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قاپتىكەن، بۈگۈن سىزگىمۇ گەپ قىلماي بالىڭىزنى ئۇدۇللا ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ساۋۇتئاخۇن.

— رەھمەت، ئاللا رەھمەت قىلسۇن !... — دېدى ئۇ. ئاندىن بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ، تۇرسۇن، يامان بولىدۇ، — دېدى ساۋۇتئاخۇننىڭ قېشىدا ئولتۇرغان خەلىچىخان گەپكە ئارىلىشىپ.

— تۇرسۇن، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، باللار بىلەن ياخشىراق مۇڭدىشىۋېلىڭ ! — دېدى ساۋۇتئاخۇن.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى تۇرسۇن، — ئەمىسە، يولدا مازارغا بېرىپ گۈلبانۇمنىڭ قەبرىسىگە خەتمىقۇرئان قىلىپ ماڭمىزمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ساۋۇتئاخۇن.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ بەكرىگە رەھمەت ئېيتتى، ئاندىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، تۇپراق بېشىغا قاراپ ماڭدى.

— مانا ئەمدى بۇ قېرىنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتىدىغان بولدى...

— ماشىنىسى بار ئىكەن، باي بالا ئىكەن، نەچچە زاماندىن بېرى بۇ قېرى مۇشۇنداق ياتقۇچە ئاشۇ بالىسىنىڭ قېشىغا كەتسە بولمامدۇ!

— خەق بېقىپ چوڭ قىلغان بالادە ئۇ...

— قان ئۇنىڭكىدە! «يۇزۇمنىڭ قېلىنلىقى — جېنىمنىڭ راھىتى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!

— ھەممە ئادەم سەندەك قېلىن ئەمەستە !

— ...

ئۇلار توپىراق بېشىغا كەلدى، تۇرسۇن موللاق ئۇلارنى باشلاپ گۈلبانۇمنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قەبرىلەر يەر بىلەن تەڭلىشىپ قالغانىدى. توپىراقنىڭ ئۈستىدە بىر چوڭ ئاق تاش بار ئىدى، بۇ تاشنى ئەينى يىللىرى تۇرسۇن موللاق ئۆزى قويغانىدى.

ساۋۇتئاخۇن قىرائەت قىلدى، ئابۇش كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ئوبرازىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ ئىچىدە يەنە بىر قېتىم «ئانام قانداق ئايالدۇ؟» دېدى. ئاندىن ئىسسىق ياش ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

ساۋۇتئاخۇن خەتمقۇرئان قىلىپ بولدى ۋە ئۇلار دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئابۇش ئۇلارنى ماشىنىغا سېلىپ كانغا ئاچىقتى، ساۋۇتئاخۇننىڭ قىزلىرى ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىدى.

ئاينۇر ماشىنىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى، ئابۇش دادىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ قالدى. چۈشتە تاماققا ئولتۇرايلى دەپ تۇرغاندا، ئاينۇر يوغان سومكىدا بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى. ئۇ تۇرسۇن موللاققا ئىككى قۇر كىيىم ئېلىپ چىققانىدى. تاماقتىن كېيىن ساۋۇتئاخۇن ئۇنى ساتىراشخانىغا باشلاپ بېرىپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ ئاندىن مۇنچىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇردى. تۇرسۇن موللاق يېپيېڭى كىيىملەر بىلەن جانلىنىپ كەتتى. كەچتە ئۇلار يەنە پاراڭغا چۈشتى. ئۆتكەن ئىشلار ئۇلارنىڭ داستىخىنى ئۈستىدە بىر روشەن، بىر غۇۋا زاھىر بولاتتى. يىللار ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئىچىدە قايتىدىن باش كۆتۈردى.

ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆمرى كاندا ئۆتكەنىدى، ئۇ كۆمۈر قېزىش ئارقىلىق بالىلىرىنى باقتى، ئاشۇ يىللاردا كان ئاستىغا بىر چۈشۈپ كەتسە ھازىرقىدەك بىر سوتكىدا چىقىدىغان ئىش يوق، ئۇلار كان ئاستىدا بىر - ئىككى ئاي ئىشلەپ بىراقلا چىقاتتى،

ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا نەچچە قېتىم كۆمۈر چۇشۇپ كەتكەنىدى. ناچار ئەمگەك شارائىتى، ئېغىر ئەمگەك ۋەزىپىسى ئۇنىڭ تېنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانىدى. دېمەك، بۈگۈنكى پارلاق كۈن ئۇچۇن ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىگەنىدى. تۇرسۇن موللاقنىڭ ھاياتى شەھەردە ئۆتتى، ئۇ ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدىكى تار كوچىدا بىر ئۆمۈر موزدۇزلۇق قىلدى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ياماقچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئاددىي ھەم مەنىلىك ئىدى. قولىدا ئىش قالمىغان كۈنلىرى ئۇ ئۆستەڭ بويىدىكى يوغان تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئايىغىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئوخشاش يىللار، ئوخشاشمىغان ئادەملەرنى ئوخشاشمىغان ئۇسسۇللارغا سالاتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئابۇش دادىسى تۇرسۇن موللاق بىلەن قالدى. ساۋۇتئاخۇن مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئابۇش دادىسىغا قارىدى:

— ئاپام قانداق ئىدى، دادا؟ — دېدى ئۇ.

— ئاپىڭىز ياخشى مەزلۇم ئىدى، بالام. ئىشچان، تىرىشچان ئىدى، رەھمەتلىك كۇلۇپلا تۇراتتى، بىراق ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقا قىلىپ قويدى. ئاپىڭىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەن يالغۇز قالدىم... ئەمدى مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي بالام: مەنمۇ يېتىم چوڭ بولغان، مەنمۇ مۇشۇ كۈنگىچە يا دادامنى، يا ئاپامنى بىلمەيمەن، مېنى مەھەللىدە بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتكەن بىر موزدۇز ئادەم بېقىۋالغانىكەن. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ موزدۇزچىلىقنى ئۆگىنىپتىمەنكەن، يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە ئۇستام ماڭا ئاپىڭىزنى ئېلىپ بەرگەن. رەھمەتلىك گۈلبانۇمۇ بىر يېتىم قىز ئىدى. ئۇستام يول مېڭىپ يۈرۈپ يېتىمنىڭ قاياشى دەپ يۈرۈپ ئىككىمىزنى بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويغان. لېكىن، ئاپىڭىز بەختكە قارشى تۇغۇتتا ياخشى

بولالماي ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى باقالمىدىم، ئامال يوق، مەھەللىدىكىلەر يول مېڭىپ يۈرۈپ سىزنى كاندىكى هازىرقى دادىڭىزغا بېرىۋەتكەن. سىز كاندا چوڭ بولدىڭىز، بالام. دادىڭىز سىزنى ياخشى تەربىيىلىدى، مەكتەپتە ئوقۇتتى، مەن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇم. كېيىن كاندا ئىشلىدىڭىز، كاندىن شەھەرگە يۆتكىلىپ كىردىڭىز. مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق يېگانە ياشىدىم، تاپقان پۇلۇم قورسىقىمغا ئارانلا يېتىدۇ. سىز شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرگەندىن كېيىن مەن بىرنەچچە قېتىم سىزنى ئىزدەپ باراي دېگەن ئويغا كەلدىم، لېكىن بۇ ئىشنىڭ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا تەسىرى بولۇپ قالمىسۇن دەپ بۇ نىيىتىمدىن يانغانىدىم. كېيىن ئۆزۈم سەل ئاجىزلىشىپ قالدىم. قىش ـ ياز تالادا جاھاندارچىلىق قىلغاندىكىن، ئادەم كېسەل بولۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا، ئۆيدە بولۇپ قالدىم. كېيىن قوشنىلار مېنى ئاھالە كومىتېتىنىڭ باشلىقلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار مېنى ئاشۇ يەرگە ئاچىقىپ باقتى. مەن كېيىنچىرەك ئورنۇمدىن تۇرالمىغاندا سىزگە خەۋەر قىلاي دېگەن. مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇنداق، بالام. مەن سىزنىڭ دادىڭىز بولغىنىم بىلەن سىزنى باقالمىدىم، پېشانەمگە يېزىقلىقى مۇشۇ ئوخشايدۇ، بالام. مەن ئۆزۈمنىڭ دەردىنى ئۆزۈم بىلىمەن...

ئابۇش يىغلاپ ئېقىپ كەتتى...

— ئەمدى ياخشى بولدى، دادا. ئەمدى بىز ئايرىلمايمىز، — دېدى ئابۇش.

تۇرسۇن مۇللاق گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى تۇنۇگۈنكىدىن خېلى ياخشى ئىدى، قورۇق باسقان پېشانىسىدە ئىللىق نۇر پەيدا بولدى.

ئابۇش دادىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ توختىماي سوئال سورايتتى، تۇرسۇن مۇللاق تىرىشىپ بالىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب

بېرەتتى، سوئال ـ جاۋاب ۋە ئەسلىمىلەر ئۇلارنى شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئەكەتكەندى...

تۇرسۇن موللاقنىڭ ھاياتى مۇشۇ شەھەرنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى بىر تار كوچىدا ئۆتكەندى. دەسلەپكى يىللاردا ئۇنىڭ بىردىنبىر قوغدىغۇچىسى ئۇنىڭ ئۇستىسى ئىدى. ئۇستىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ كوچىدا باشقا ھۈنەرۋەنلەر بىلەن چىقىشىپ ھۈنەر قىلىپ، جېنىنى باقتى. ئۇ ئايالى بىلەن ئىسسىق ئۆيدە ئاران ئىككى يىل بىللە بولالىغانىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ ئاجىز ئايال توغۇتتا ياخشى بولالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ تار كوچىنىڭ بىردىنبىر سىمۋولىغا ئايلانغانىدى. ئۇنى باشقا موزدۇزلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سەھەردە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كەچ قايتاتتى. تامىقىنى بازاردىن يەپ، ئىجارە ئالغان كىچىك ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلايتتى. ئايالى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا يەنە بىر ئايال ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقانىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە كۆنمىدى. «ياق، مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ئاران باقىدىغان ئوخشايمەن، ئەمدى ئۆيلەنمەيمەن» دېگەنىدى. تۇرسۇن موللاق مۇشۇ كوچىنىڭ باش تەرىپىدىكى بىرىنچى ئورۇندا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كەينىدە قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان بىر تۈپ تېرەك بار ئىدى. تېرەكنىڭ ئارقىسىدا زومرەتتەك جىمىرلاپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بار ئىدى. سۇ كۈنچىقىش تەرەپتىن ئېقىپ كېلەتتى. كەڭ كەتكەن دۆڭلۈكتىكى سانسىز بۇلاقلار قوشۇلۇپ ئاقاتتى، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەك گويا تامغا ئوخشاش ئۇ ھۈنەر قىلىدىغان ئورۇننىڭ تەرىپىنى توسۇپ تۇراتتى. ئەسلىدە بۇ ئۇنىڭ ئۇستىسىنىڭ ئورنى ئىدى، ئۇستىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ ئورۇنغا كىچىك چاقلىق ھارۋىسىنى سۆرەپ كېلىپ، ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا

ئولتۇرۇپ ھۈنەر قىلاتتى، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئاساسەن ياماقچىلىق ئىدى. ئۇنىڭ يىرىلىپ كەتكەن بارماقلىرى يىپ بىلەن بىگىز ئارىلىقىدا ھەرىكەت قىلاتتى. قىشتا ئۇ بىر كىچىك چېلەككە ئوت يېقىۋالاتتى، ئوتنى ئالدىغا قويۇپ، توختىماي ئىش قىلاتتى. ئۈستەڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يولنىڭ كەڭلىكى بەش ـ ئالتە مېتىر كېلەتتى. يولۇچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئالدىراپ ئۆتەتتى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزايىغا ئەمەس، ئايىغىغا قارايتتى. يىرتىلغان ئاياغلارنى كۆرۈپ قالسا: «بۇرادەر، ئايىغىڭىزنى ياماپ بېرەيمۇ؟» دەپ قوياتتى. ئەگەر يولۇچىلار داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋەرسە، ئۇمۇ قولىدىكى ئىشنى داۋام قىلىۋېرەتتى. ئۈستەڭنىڭ ئۇ چېتى بەكمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەسچىت ئىدى. بۇ مەسچىتنىڭ ياۋا كەپتەرلىرى چۈشتە ئۇچۇپ كېلىپ، كۆپكۆك قاناتلىرىنى ئوينىتىپ ئۈستەڭدىن سۇ ئىچەتتى. ئادەملەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ياۋا كەپتەرلەر كۈندە مۇشۇنداق ئويناقلىشىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى، مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا تۇرسۇن موللاق يېنىغا قاراپ قويۇپ، «بىچارە جانىۋار ئۇسساپتۇدە» دەپ قوياتتى. ئۈستەڭدىكى سۇ بىردىن رەنجىگەندەك بەكمۇ تېز ئاقاتتى، ئۇ ئېقىپ كۈنپېتىشتىكى ئۇلۇغ بىر مەرىكە ئۇچۇن زەمزەم بولىدىغاندەك ئالدىراپ يۈگرەيتتى. مۇشۇ ئۈستەڭ تۇرسۇن موللاقنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى ئىدى. ئۈستەڭ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى شۇ قەدەر ياخشى بىلەتتى. يولنىڭ ئوڭ تەرىپى خەقلەرنىڭ قورۇلىرىنىڭ پاسىل تاملىرى ئىدى. مانا بۇ كوچا تۇرسۇن موللاقنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم كوچا ئىدى. بۇ كوچا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى بىر ئۆمۈر باقتى ھەم ئۇنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغانىدى. سۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۈنپېتىشقا ئالدىراش ئاقاتتى. لېكىن، ئاشۇ كوچا ئېغىزىدىكى ئورۇندۇقتا تورسۇن موللاق يوق ئىدى. بەزىدە مەسچىتنىڭ كەپتەرلىرى كېلىپ سۇ ئىچكەندە ئۇنىڭ بوش تۇرغان ئورنىغا «بۇ ياخشى ئىنسان نەگە كەتكەندۇ؟» دېگەندەك قىلىپ قاراپ قوياتتى.

## 19

ئابۇش كاندا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. ئازات بىلەن ئەركىن يەنە باشقا ئاغىنىلىرى ئۇنى كۈندە دېگۈدەك دادىسى بىلەن تاماققا چاقىرىپ تۇردى. تاماقتىن كېيىن چوڭلار بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ مەھەللىگە چىقىپ كېتەتتى. مەھەللىدە ئۇلارنىڭ سىرداشلىرى، كاننىڭ يېقىملىق نەم هاۋاسى بار ئىدى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتى ۋە شامالنىڭ راهىتى ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئابۇش ئۆيدە ئاشۇ ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ هاراق ئىچكۈسى كېلىپ تۇراتتى، تۇرمۇشنى، كىشىلىك هاياتنى ئويلايتتى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاينۇر ئىسسىق تۆشەكتە دەپ بەرگەن بەزى گەپلەر مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىرىۋالدىغان بولدى، ئابۇش ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەدرىجىي ئۆزىنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى...

ئابۇش شەهەرگە كىرىپ ئەكبەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئەكبەرگە: «غۇلامنى تېپىپ كەل» دېدى، ئەكبەر شاگىرتلىرى ئارقىلىق غۇلامنى تېپىپ كەلدى. غۇلام كىچىك بىر ئاشپۇزۇلدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ بولغان ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئاڭلىغانىدى، ئۇ ئابۇشنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ قالدى.

ـــ بوۋاينىڭ ئەهۋالى ياخشىمۇ، بوۋاي ئۆيدىمۇ؟ ـــ دېدى ئابۇش.

ـــ ياخشى، ئۆيدە، قېرىغاندا شۇ بەزىدە ئېگىز ـ پەس سۆزلەپ قويىدۇ، قاراۋاتقان ئادەم بار بولمىسا، بىزگە تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كېتىدۇ تېخى ! ـــ دېدى غۇلام.

— ئۇنداق دېمە، داداڭنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا ئىكەن، بىر يامان ئىشنىڭ بىر ياخشى تەرىپى بولىدۇ دېگەن مانا شۇ، ئەگەر سەن ئەكبەر بىلەن دېيىشىپ قالمىغان بولساڭ، مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشەلمەي يۈرەتتىم، داداڭنىڭ ئىچى بەك كۆچلۈك ئادەم ئىكەن. ھەي... بۇ سىرنى مۇشۇ كۈنگىچە ساقلاپتۇ ئەمەسمۇ! مېنى داداڭنىڭ قېشىغا باشلاپ بارامسەن؟ — دېدى ئابۇش غۇلامنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— باشلاپ باراي، — دېدى غۇلام.

— ئەمىسە، ماڭايلى ئۇكا، مەن پىداكامنى بىر يوقلاپ كېلەي، — دېدى ئابۇش. ئۇ ئەكبەرنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بىر قوينىڭ گۆشىنى تەييارلاتقۇزدى، ئاندىن ئەكبەرنىمۇ ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئۇلار يېرىم سائەت يول ماڭغاندىن كېيىن «ئالتۇنبۇلاق» دەيدىغان مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. غۇلامنىڭ ئۆيى يول ئۈستىدە ئىدى، دەرۋازىسى يوك ماشىنىسى پاتقۇدەك يوغان ئىدى. غۇلام مېھمانلارنى ھويلىغا باشلاپ كىردى. پىدا بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ باغ ئالدىدىكى بىر تۈپ يوغان ئالگىراتقا قاراپ ئولتۇراتتى. قىزارغان ئالگىراتلار قۇياش نۇرى ئاستىدا بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئابۇش بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بەردى، بوۋاي بېشىغا بۇرۇلۇپ ئابۇشقا قارىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام... بۇ، سەن ھېلىقى ئابۇش ئەمەسمۇ! — دېدى پىدا بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئولتۇرە، دادا. سېنى يوقلاپ كەپتۇ! — دېدى غۇلام دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— مېنى يوقلاپ كەپتۇما؟ دادىسىنى تېپىۋېلىپ خۇشالدە، بۇ ھازىر، — دېدى پىدا بوۋاي.

— شۇنداق، چوڭ دادا، سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن ئۆز دادامنى مەڭگۈ تاپالمايدىكەنمەن، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— ھەرھالدا كاللاڭ باردەك قىلىدۇ جۇمۇ، سىنىڭ. غۇلام، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلايلى، — دېدى پىدا بوۋاي ۋارقىراپ.
مېھمانلار بوۋايغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. قاتار سېلىنغان ئۆيلەر بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئابۇش ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، ئىچىدە «بۇ ئۆيمۇ چىرايلىق بېزىلىپتۇ» دېدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خوتەندىكى مەتنىيازنىڭ ئاشۇ ئوردىدەك چىرايلىق ئۆيلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئىچىدە يەنە «ھەي، يەنە ئاشۇ مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە يەتمەيدۇ جۇمۇ» دېدى.
— دەم ئېلىشىڭىز ياخشىمۇ، پىداكا؟ — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.
— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى پىدا بوۋاي، — ھەي، ئاڭلىسام داداڭنى تېپىۋاپسەنغۇ! ياخشى، بالام، ئاتا ـ ئانىدىنمۇ ئۇلۇغ ئادەم بولسۇنمۇ؟... سودىگەر دېگەن پۇرسەتپەرەس بولىدىغان، ئۆزۈڭنىڭ دادىسىنى تېپىۋېلىپ، باققان داداڭنى تاشلىۋەتمە يەنە!
— خۇدا ساقلىسۇن، پىداكا!
— ئەمدى سەنمۇ ئاستا ـ ئاستا ماۋۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنسەڭ بولىدۇ. توغرا ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاسان. گەپ ئاشۇنداق پۈتىقى بار ئادەملەر بىلەن ئەپلىشىشتە، شۇ ۋاقىتتا سەن ھەقىقىي پىشىپ يېتىلىسەن. دۈرۈس ئادەملەرگە بىر ۋاخ تاماق ئېلىپ بەرسەڭ، ئۇ ساڭا رەھمەت ئېيتىپ تەزىم قىلىدۇ. ماۋۇ بىزنىڭ غۇلامغا ئوخشاش ئادەملەرگە بىر قاچا ئاش بەرسەڭ، بۇ ئەسلىي مېنىڭ نېسىۋەمتى دەيدۇ. مۇشۇنداق ئادەملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېگەن ئىشقا كەلسەك، بۇ ئىش ئاشۇ ئاش ئىگىسىنى ھەقىقىي سىنايدۇ. ئەمدى مەن ساڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي بالام، بىز ياخشى ئادەتتىنمۇ، يامان ئادەتتىنمۇ ئايرىلالمايمىز، چۈنكى بىز مۇكەممەل يېتىلگەن ئادەم ئەمەس، شۇڭا بىز بەزىدە ياق دېيەلمەيمىز، ماقۇلمۇ دېيەلمەيمىز، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا

ياشىيالماي قالىمىز. مۇشۇنداق بىر ئەھۋال بىزگە نېمە ئۆگىتىدۇ؟ جاھاندارچىلىقتا كەچۈرۈشنى بىل، زىيان تارتىشنىمۇ بىل، پايدا، يۈز ـ ئابرۇي سەن ئۇچۇن مەڭگۈلۈك باقىمەندە ئەمەس. ئاناڭنى داداڭنىڭ ئالدىدا سەت كۆرسەتمە، ئاناڭدا مىڭ سەۋەنلىك بولسىمۇ، ئۇ ساڭا جان بەرگەن، سۈت بەرگەن، نان بەرگەن، ئەقىل بەرگەن، ئاناڭ دېگەن ئەقىل ئۆگىتىدۇ، بالام...

— رەھمەت چوڭ دادا، — دېدى ئابۇش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ. پىدا بوۋاينىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسىر قىلدى.

— ئولتۇر، بالام. سەنمۇ غۇلامغا ئوخشاش ئۆزۈمنىڭ بالىسى، مەن ھەممە ئادەمگە مۇشۇنداق ئەقىل ئۆگىتىۋەرمەيمەن. بايام قارىسام ماۋۇ بالام بىر خالتىدا قوينىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، شۇ خۇشاللىقىمدا سىلەرگە جىقراق گەپ قىلىپ قويدۇم ئەمدى، — دېدى پىدا بوۋاي ئەكبەرگە.

«بۇ ئاداشنىڭ دادىسىمۇ تەييارغا ھەييار بولۇپ كەتكەن ئادەمكەندە!» دېدى ئەكبەر ئىچىدە.

— دادام شورپىغا ئامراق، — دېدى غۇلام ھىجىيىپ.

— مەن گۆشكە ئامراق، بالام ياغقا ! — دېدى بوۋاي، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئابۇش بىلەن ئەكبەر تەڭلا كۈلۈشتى.

— مەن يەنە مۇنداق بىر ئىش بىلەن كەلگەن، چوڭ دادا، سىز مەھەللىدىكى تۆت ـ بەش يېقىن ئاغىنىڭىزنى يىغسىڭىز، ئىككى دادامنۇ ئاغىنىلىرىنى يىغسا، مەن ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى سىلەرگە چاي بەرسەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىشىپ ئۆتسەڭلار، سىلەرگە ھەر ئايدا بىر قېتىم چاي قىلىپ بەرسەم، — دېدى ئابۇش.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، بالام. مانا ھازىر بىزگە مۇشۇنداق چايلار كېرەك، بىز ھېچقانچە نەرسە يېيەلمەيدىكەنمىز، بىر ـ بىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈۋالساقلا بولدى، دىدار غەنىيمەت

دېگەن شۇ، ياخشى قىلدىڭ، مەن ئاغىنىلىرىمنى باشلاپ بارىمەن، بولسا بىزگە يېرىم ئايدا بىر قېتىم چاي قىلىپ بەرسەڭ! — دېدى پىدا بوۋاي چاقچاق قىلىپ.

— قولۇم كۆكسۈمدە، چوڭ دادا، سۆزسىز ئورۇندايمەن، — دېدى ئابۇش كۈلۈپ.

— رەھمەت، بالام... ئەمدى داداڭغا ياخشى قارا، «ئۆيلەپ قويايمۇ، دادا؟» دەپ سورا. مانا مەن ئون يىلدىن بېرى بويتاق، باللىرىمنىڭ بىرەرىمۇ «ئۆيلەپ قويايمۇ، دادا؟» دەپ قويمايدۇ! — دېدى پىدا بوۋاي.

— كەينى - كەينىدىن ئۈچ ئايال تېپىپ كەلدىم، ئۆزۈڭ بىرىنىمۇ ياراتمىدىڭغۇ! — دېدى غۇلام چاقچاق قىلىپ.

— مەندىن قېرى خوتۇنلاركەن، مېنىڭ خىزمىتىمنى قانداق قىلىدۇ؟ مۇنداق قەشقەر پەدىسىدە ياش - ياش چوكانلاردىن ئېلىپ بەرمەمسەن؟! — دېدى پىدا بوۋاي چاقچاق قىلىپ.

ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، مەن خۇدا بۇيرۇغان بولسا، ئىككى دادامغا ياخشى قارايمەن، — دېدى ئابۇش.

— ئوغۇل! ...

— ئەمىسە، بىز ماڭايلى چوڭ دادا، يەكشەنبە كۈنى ماشىنا ئەۋەتىمەن، — دېدى ئابۇش.

— بولىدۇ، بالام، «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى — جېنىمنىڭ راھىتى» دەپتىكەن. ھازىر ھەممە ئادەم رەڭلىك ئولتۇرىدىغان بو-لۇپ كېتىپتۇ. بولمىسا بىزنىمۇ رەڭلىك ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەر-سەن، — دېدى پىدا بوۋاي چاقچاق قىلىپ.

— دادامنىڭ ئاغىنىلىرى بەك شوخ ئابۇشكا، چىرايلىق سۆرەتلەر ئېسىلغان ئۆيلەرگە ئەكىرىپ قويساڭ بولىدۇ! — دېدى غۇلام

ئۇلار كۈلۈشكەن پېتى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن

چىقتى.

— دادىسى بىلەن بالىسى ئاجايىپ چاقچاق قىلىشىدىكىنا ! — دېدى ئابۇش ئەكبەرگە قاراپ.

— بوۋاي ئالجىغان ئوخشايدۇ ! — دېدى ئەكبەر.

— ئۇنداق ئەمەس، ئالجىغان بوۋاي ئەمەس ئۇ، بايام دەۋاتقان گەپلىرىنى قارىمامسەن، ئالىملاردەك گەپ قىلىپ ئولتۇرمامدۇ، جىق ئىش كۆرگەن ئادەم ئىكەن ئۇ، — دېدى ئابۇش.

ئابۇش ئەكبەرنى رېستورانغا ئاپىرىپ قويۇپ ئۆيىگە كەتتى، كەچتە ئۇ ئاينۇرغا پىدا بوۋاي بىلەن كۆرۈشكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.


— ياخشى قىپسىز، ئابۇش. بىز چوڭلارنى تاشلىمايلى، بىز ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆكلەيمىز، — دېدى ئاينۇر.

ئابۇش ئويغا پېتىپ قالدى، كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئاينۇر ئاللىقاچان ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئابۇش كۆزلىرىنى يۇمۇپ يېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى: «ئەگەر مەن كانىدىن شەھەرگە كىرمىگەن بولسام، مېنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشۇم قانداق بولاتتى؟ ئەگەر مەن شەھەردە هازىرقىچە يۇك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلەۋەرگەن بولسام، مېنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشۇم يەنە قانداق بولاتتى؟ ئەگەر مەن ساياھەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ بارمىغان بولسام، مېنىڭ هازىرقى كۈنۈم قانداق بولاتتى؟ ئەگەر ئاشۇ نۇرغۇن دوللار ماڭا ئۇچرىمىغان بولسا، مېنىڭ تۇرمۇشۇم يەنە قانداق بولاتتى؟ قايسى بىچارىنىڭ پۇلىدۇ - ھەي ئاشۇ!؟ ئەمدى مەن مۇشۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىم كېرەك؟ نېمىگە خەجلىسەم توغرا بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك؟ ئاشۇ دوللارنىڭ ئىشىنى ئاينۇرغا دەيمۇ - دېمەيمۇ؟ دېسەم قانداق بولار، دېمىسەم قانداق بولار؟ ھەي، ياشىماق نېمىدېگەن تەس - ھە!...»

«... مېنى كىم ئادەم قىلدى؟ ! مېنى كاندىكى ئاتا - ئانام

بېقىپ چوڭ قىلدى. كان خەلقى قاتارغا قاتتى، كان مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئەقىل تاپتىم!... مەن نېمە ئۈچۈن كانلىقلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بەرمەيمەن؟... توغرا، شۇنداق قىلاي، ئاشۇ تېپىۋالغان پۇللارنى كان مەكتىپىگە ئىشلىتەي، ئەگەر كاندا ئاشۇ مەكتەپ بولمىغان بولسا، مەنمۇ شەھەرگە كىرىپ ياشىيالمىغان بولاتتىم... كان مەكتىپىگە يېتەرلىك كومپيۇتېر ۋە كېرەكلىك مەنقۇلاتلارنى ئېلىپ بېرەي، باللارنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن...»

ئابۇش ھاياتنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىزتىراپلىق سوئاللىرىغا داۋاملىق جاۋاب ئىزدەۋاتاتتى...



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjkwMjkuemlw",
"filename_decoded": "40329029.zip",
"filesize": 52117753,
"md5": "84f49f2390b9d6e16db8c87726dfe0c8",
"header_md5": "f660938feca221762a9b958954afbadb",
"sha1": "6d2de66144c4fd64c8d7b575d183c938cd0627ca",
"sha256": "9664108235f0d104a163b740a596e7f1fd0810deb71691c8197e253be60fb84c",
"crc32": 1238726588,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 59870459,
"pdg_dir_name": "\u2502\u03b1\u2568\u2500 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40329029",
"pdg_main_pages_found": 326,
"pdg_main_pages_max": 326,
"total_pages": 335,
"total_pixels": 1263385720,
"pdf_generation_missing_pages": false
}